# نىزارى داستانلىرى

مىللەتلەر نەشرىياتى

# نىزارى داستانلىرى

مىللەتلەر نەشرىياتى

# نەشرگە تەييارلىغۇچىدىن

شائىر ئابدۇرەھىم نىزارى ۋە ئۇنىڭ ئىجادىيىتى ھەققىدە بىزدە تېخى رەسمىي، ئەتراپلىق ئىلمىي تەتقىقات ئېلىپ بېرىلغىنى يوق. 50 ـ يىللارنىڭ باشلىرىدا شائىرنىڭ ئەسەرلىرىنى توپلاش، رەتلەش ۋە نەشر قىلىش توغرىلىق بەزىبىر تەشەببۇسلار ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ، ئانچە ـ مۇنچە ئىشلار قىلىنغان بولسىمۇ، لېكىن خىلمۇ ـ خىل سەۋەپلەر تۈپەيلىدىن ئىلگىرىلەپ ئىزدىنىشكە ئىمكان بولماي كەلگەن ئىدى. يېقىنقى بىرنەچچە يىلدىن بۇيان، ئىدىيە ئازاتلىغىنىڭ تۈرتكىسىدە بەزى يولداشلار بۇ جەھەتتە مەلۇم تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن بولسىمۇ، نىزارى ئەسەرلىرىنىڭ ئىشەنچلىك، مۇكەممەل نۇسخىسى تۇرغۇزۇلمىغانلىغى ئۈچۈن، ئۇنى ئىلمىي ئاساستا تولۇق نەشر قىلدۇرۇش، شۇنداقلا نىزارى ۋە ئۇنىڭ ئىجادىيىتى ھەققىدە ئەتراپلىق ئىلمىي تەتقىقات ئېلىپ بېرىش ئىشىمۇ نۇرغۇن قىيىنچىلىقلارغا ئۇچرىدى.

بۇ قېتىم شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ قەدىمقى ئەسەرلىرىنى يىغىش، رەتلەش ۋە نەشر قىلىشنى پىلانلاش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى نىزارى داستانلىرىنى رەسمىي نەشر قىلدۇرۇشنى ئۆزىنىڭ پىلانىغا كىرگۈزۈپ، بۇ ۋەزىپىنى بىزگە تاپشۇرغان ئىدى. بىز ماتېرىيال كەمچىل بولغان ئەھۋال ئاستىدا «نىزارى داستانلىرى» ناملىق بۇ كىتاپنى نەشرگە تەييارلىدۇق.

بۇ كىتاپ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق تارىخىي مۇزېيدا ساقلىنىۋاتقان قولىيازما نۇسخىسى بويىچە تەييارلاندى. قولىيازما نومۇرى №009، ھەجمى 29×20×4cm بولۇپ، قولىيازمىغا تىزىملانغان مەزگىلدە «مۇھەببەت داستانلىرى» دەپ ۋاقىتلىق نام بېرىلگەن. شۇنى ئالاھىدە ئېيتىپ ئۆتۈش كېرەككى، بىزدە خېلى ۋاقىتلارغىچە بۇ قولىيازما («مۇھەببەت داستانلىرى»)دىكى بارلىق ئەسەرلەرنىڭ ئاپتورى ئابدۇرەھىم نىزارى دەپ قارىلىپ كەلگەن ۋە ئېلان قىلىنغان ماقالىلاردىمۇ شۇنداق مۇئەييەنلەشتۈرۈۋېتىلگەن ئىدى (بۇ، ئاساسەن ئەدەبىي مىراسلار ئۈستىدە ئەتراپلىق تەتقىق قىلىش ئىمكانىيىتى بولمىغان شارائىتتا يۈز بەرگەن سەۋەنلىك). يېقىندىن بېرى، جۈملىدىن بۇ قېتىم نىزارى داستانلىرىنى نەشرگە تەييارلاش جەريانىدا «مۇھەببەت داستانلىرى»نىڭ ئۈچ شائىرغا — نىزارى ۋە ئۇنىڭ زاماندashلىرى بولغان زىيائىي (نورۇزئاخۇن كاتىپ)، غەرىبى (تۇردۇشئاخۇن كاتىپ)گە مەنسۇپ ئەسەرلەر ئىكەنلىكى يەنى "مۇقەددىمە"①، «پەرھاد-شىرىن»، «لەيلى-مەجنۇن»، «مەھزۇن-گۈلنىسا»، «رابىئە-سەئدىن» داستانلىرى — نىزارىنىڭ، «چەھار دەرۋىش» داستانى نىزارى بىلەن زىيائىينىڭ، «مەسئۇد-دىلئارا»، «ۋامۇق-ئۇزرا» داستانلىرى زىيائىينىڭ، «بەھرام-دىلئارام» داستانى غەرىبىنىڭ ئىكەنلىكى ئېنىقلاندى.

شائىر ئابدۇرەھىم نىزارىنىڭ تەرجىمىھالى توغرىسىدا، ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدىكى بەزىبىر بىشارەتلەرگە ۋە ئۇيغۇر خەلقى ئىچىدە

① قولىيازمىدا مۇقەددىمە دېيىلمىگەن، لېكىن، ئۇنىڭ خاراكتېرى ۋە مەزمۇنىغا ئاساسەن بىز ئۇنى "مۇقەددىمە" دەپ ئاتىدۇق.



تارقىلىپ يۈرگەن گەپلەرگە قارىغاندا، شائىر 18-ئەسىرنىڭ 70-يىللىرىدا قەشقەردە تۇغۇلۇپ، 19-ئەسىرنىڭ 50-يىللىرىدا ئۆز يۇرتىدا ئالەمدىن ئۆتكەنلىكى مەلۇم. ئۇ بالىلىق ۋە يىگىتلىك مەزگىللىرىدە قەشقەر مەدرىسلىرىدە ئىلىم تەھسىل قىلغان ۋە ئۇ يەردە ئەرەپ، فارس تىللىرىنى پىششىق ئۆگەنگەن، پىردەۋسى، شەيخ سەئدى، خۇسرەۋ دېھلەۋى ۋە جامى قاتارلىق فارس كىلاسسىك شائىرلىرىنىڭ ئەسەرلىرى بىلەن پۇختا تونۇشقان. خۇسۇسەن، ئۇلۇغ شائىر ۋە مۇتەپەككۇر ئەلىشىر نەۋائىي ئىجادىيىتىنى چوڭقۇر ئۆگەنگەن ھەمدە ئۇنىڭغا ئىجادىي ھالدا ياندىشىپ ئەدەبىي پائالىيەت بىلەن شۇغۇللانغان. ئۇ ئۇيغۇر داستانچىلىقىدا ئىسىل نەمۇنىلەرنى يارىتىپ، 19-ئەسىر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا شانلىق سەھىپىلەرنى قوشقان كىلاسسىك شائىرلىرىمىزنىڭ بىرى.

«مۇھەببەت داستانلىرى»نىڭ مۇقەددىمىسىدىكى نۇرغۇن بايانلاردىن مەلۇمكى، نىزارىنىڭ ئەدەبىي ئىجادىي پائالىيىتى شۇ چاغدىكى قەشقەر ھاكىمى زوھۇرىددىن ھېكىم بەگنىڭ ئالاھىدە قوللىشىغا ئېرىشكەن. ئەدەبىيات-سەنئەتكە زوقمەن زوھۇرىددىن بەگ ئۇنى ئوردا خادىمى (كاتىپ) قىلىپ، ئەدەبىي ئىجادىيەت ئۈچۈن ئوڭۇشلۇق شارائىت يارىتىپ بەرگەن. نىزارى ئۆزى تۆۋەندىكى ئەسەرلەرنى — يەنى ھەمدۇ سانا بىلەن باشلىنىدىغان مۇقەددىمىدىكى تۇرپان ۋاڭى ئەفرىدۇن، ئۇنىڭ جەمەتى، قەشقەر ھاكىمى زوھۇرىددىن بەگ (تاجى ھېكىم)، ئەسھابۇلكەھپكە دائىر بايانلار، شەيخ سەئدى ۋە ئەسمەئى ھەققىدىكى ھېكايىلەر، شۇنىڭدەك «لەيلى-مەجنۇن» «ۋامۇق-ئۇزرا»، «پەرھاد-شىرىن» داستانلىرى ۋە «چەھار دەرۋىش» قاتارلىق ئەسەرلەرنى زوھۇرىددىن ھېكىمنىڭ تاپشۇرۇقى

بويىچە شائىر زىيائى بىلەن بىللە يازغانلىغىنى بايان قىلىدۇ (ئۇنىڭدا «مۇھەببەت داستانلىرى»غا كىرگۈزۈلگەن «مەھزۇن-گۇلنىسا»، «مەسئۇد-دىلئارا»، «بەھرام-دىلئارام»، «رابىئە-سەئىدىن» داستانلىرى تىلغا ئېلىنمىغان، بۇنىڭ سەۋەبىمۇ تەكشۈرۈپ ئېنىقلاشقا تېگىشلىك بىر مەسىلە).

بۇ كىتاپقا كىرگۈزۈلگەن «مۇقەددىمە»، «پەرھاد-شىرىن»، «لەيلى-مەجنۇن»، «مەھزۇن-گۇلنىسا» داستانلىرىنىڭ نىزارىغا مەنسۇپ ئىكەنلىكى بىز ئاساس قىلغان قوليازما نۇسخىسىدا ئېنىق يېزىلغان. بىراق، «رابىئە-سەئىدىن»نىڭ ئاپتورى كىم ئىكەنلىكى مۇشۇ قوليازما نۇسخىسىدىمۇ، 1940-يىلى كۆچۈرۈلگەن «رابىئە-سەئىدىن» داستانىنىڭ يەنە بىر قوليازما نۇسخىسىدىمۇ كۆرسىتىلمىگەن. لېكىن، كىچىكىدىن تارتىپ نىزارى ئەسەرلىرى بىلەن تونۇشۇپ، ئۇنىڭغا دائىر بىرقانچە قوليازمىلارنى كۆرگەن پىشقەدەم شائىر ئەخمەت زىيائىنىڭ نەشرگە تەييارلىشى بىلەن 1957-يىلى «تارىم» ژورنىلىنىڭ 6-سانىدا ئېلان قىلىنغان «رابىئە-سەئىدىن»نىڭ ئاخىرىدا نىزارىنىڭ نامى يېزىلغان. ھازىر شائىر ئەخمەت زىيائى شۇ چاغدا ئېلان قىلغان «رابىئە-سەئىدىن»نىڭ ئەسلى قوليازما نۇسخىسىنىڭ يوقىلىپ كەتكەنلىكىدىن ھەسرەت چېكىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا قەشقەر شەھىرىدىكى نۇرغۇنلىغان پىشقەدەم زاتلارمۇ «رابىئە-سەئىدىن» نىزارىنىڭ ئەسىرى ئىكەنلىكىنى، بۇنىڭدىن زادى گۇمانلانمايدىغانلىغىنى ئېيتىپ كەلمەكتە.

مۇشۇنداق گۇۋاھلارغا ئاساسەن، بىز «رابىئە-سەئىدىن»نىڭ بىز ئاساس قىلغان قوليازمىدىكى نۇسخىسىنى «نىزارى داستانلىرى» ئىچىگە كىرگۈزدۇق ھەممە ئۇنىڭ ئاخىرىغا باشقا قوليازمىلارنىڭ



ئوخشىمايدىغان قىسىملىرىنى قوشۇمچە قىلدۇق.

بۇ كىتاپقا كىرگۈزۈلگەن ئەسەرلەر نىزارى ئىجادىيىتىنىڭ بىر قىسمى. بۇلاردىن باشقا «دۇردۇنىنەجات» ناملىق ئەسىرى، مۇخەممەس ۋە باشقا ئەسەرلىرى ھەممىدە نورۇزئاخۇن زىيائى بىلەن بىرلىشىپ يازغان چوڭ ھەجىملىك «چەھار دەرۋىش» داستانى ئۇزۇن ئۆتمەي ئايرىم-ئايرىم كىتاپ بولۇپ نەشر قىلىنىشى مۇمكىن. بۇ جەھەتتىكى تىرىشچانلىقلار نىزارى ۋە ئۇنىڭ ئىجادىيىتى ھەققىدىكى ئىلمىي تەتقىقات ئىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش رولىنى ئوينايدۇ دەپ ئىشىنىمىز.

«نىزارى داستانلىرى»نى نەشرگە تەييارلاشتا شائىرنىڭ تىلىنى (مۇھىمى ئۇنىڭ فونېتىك خۇسۇسىيىتىنى) ھازىرقى ئۇيغۇر يېزىغى بويىچە ئىمكان قەدەر توغرا ئىپادىلەشكە تىرىشتۇق. بۇ گەرچە چىغاتاي ئەدەبىي تىلىنى مۇشۇ يېزىق بويىچە ترانسكرىپسىيە قىلىشنىڭ مىزانى بولالمىسىمۇ، لېكىن شۇنداق مىزاننى تۇرغۇزۇش يولىدا بېسىلغان مۇھىم بىر قەدەم ھېساپلىنىدۇ. بىز بۇ جەھەتتە قىممەتلىك پىكىرلىرىنى تەقدىم قىلغان تىلشۇناس يولداشلارغا سەممىي رەھمەت ئېيتىمىز. شۇنىڭدەك قوليازما تېكىستىدا خاتا يېزىلىپ قالغان دەپ ھېس قىلغان جايلارنى ئىمكان قەدەر ئەقىلگە مۇۋاپىق تۈزىتىپ، بەت ئاخىرىدا ئىزاھلاپ قويدۇق. چۈشۈپ قالغان دەپ پەرەز قىلغان جايلارنى [ ] بەلگىسى ئىچىگە ئالدۇق ھەممە كىتاپنىڭ ئاخىرىغا لۇغەت بەردۇق.

ماتېرىيالنىڭ كەمچىللىگى ۋە ئىقتىدارىمىزنىڭ تۆۋەنلىگى تۈپەيلى بۇ نەشردە خېلى كۆپ خاتالىقلارنىڭ بولۇشى چوقۇم. ھۆرمەتلىك كىتاپخانلارنىڭ، بولۇپمۇ كەسپداشلارنىڭ تەنقىدىي ياردەم بېرىشىنى سەممىي ئۈمىت قىلىمىز.

1985-يىل 10-فېۋرال، ئۈرۈمچى.

# مـۇندەرىـجە


نەشرگە تەييارلىغۇچىدىن . . . . ( 1 )

مۇقەددىمە . . . . . . . . . . . . . ( 1 )

پەرھاد ـ شىرىن . . . . . . . . . . (121)

لەيلى ـ مەجنۇن . . . . . . . . . . (265)

مەھزۇن ـ گۇلنىسا . . . . . . . . . (385)

رابىئە ـ سەئىدىن . . . . . . . . . . (491)

لۇغەت . . . . . . . . . . . . . . . (563)









# موقدمه



## بسمىللاهىر رەهمانىر رەهىم

بەنامى خۇداۋەند ھەيىيى قەدىم،
سەمىئۇ بەسىرۇ غەففۇرۇر رەهىم.

سەناۋۇ ستايىش ساڭا يا ئەھەد،
كى ھامىد جەنابىڭغە جانۇ خىرەد.

زەھى پادىشاھى بەئىززى جەلال،
ئەزەل تا ئەبەد لەم يەزەل لا يەزال.

خۇداۋەند نۇرۇ خۇداۋەند نار،
خۇداۋەند مۇرۇ خۇداۋەند مار.

خۇداۋەند ئىنسۇ خۇداۋەند جان،
خۇداۋەند مۇلكۇ مەكىنۇ مەكان.

خۇداۋەند خەللاق جان ئافەرىن،
كى جان ئافەرىن بىل جەهان ئافەرىن.

خۇدايىكى يوق ئىبتىداسى ئانىڭ،
ئەزەل تا ئەبەد ئىنتىھاسى ئانىڭ.

ھەياتى ئانىڭ جىسمى جاندىن ئەمەس،
كەلامى ئانىڭ ھەم لىساندىن ئەمەس.

ئەلىمىكى ئىلمىغە يوق ئىبتىدا،
ئەزەل تا ئەبەد ئىبتىدا ئىنتىھا.

نە قىلسا ئانىڭ بار دۇرۇر قۇدرەتى،
قىلۇر شەيئىنى خاھلاسا ھىكمەتى.

سەمىئدۇر ھەمە رازى پىنھانغە ئول،
كى ئىزنىنسىز بىلگۈسى ئوڭۇ سول.

بەسىردۇر، كۆرەرگە ئاڭا يوق ھىجاب،
ئەدەمدۇر نەزەرىدە مىڭ نۇر تاب.

كى تەكۋىن ئېرۇر بىر سىفاتى ئانىڭ،
ھەمە رىزقدۇر ئىلتىفاتى ئانىڭ.

ئىرادەت ئانىڭ فېئلىدۇر مايەشاء،
ئىرادە بىلە تۈزدى ئەرزۇ سەماء.



جەھان خاھىش ئەتتى خۇدايى ئەھەد،
ئەناسىر بىلە راست ئەيلەپ جەسەد.

ۋەدىئەت قويۇپ ئاندا ئەسرارىنى،
سالىپ چۇن مۇھەببەتنىڭ ئەنۋارىنى.

ھەم ئول بۇلبەشەر بارچە ئىنسانغە ئەسل،
ھەمە خەيلى ئىنسان ئېرۇر ئاڭا نەسل.

بىرىن سەر بەلەند ئەيلەدى، بىرنى خار،
بىرىن جا-بەجا قىلدى، بىرنى فىرار.

بىرەۋگە بېرىپدۇر شەھەنشاھلىق،
شەھەنشاھلىق ئىچرە ئاگاھلىق.

بىرەۋنى قىلىپ ئىلم ئىلە سەرفەراز،
بىرەۋنى قىلىپ مال ئىلە بېنىياز.

بىرەۋنى قىلىپ ئىشق ئىلە ناتەۋان،
بىرەۋنى قىلىپ ۋەسل ئىلە كامران.

قىلىپ ئىشقنى ئەۋۋەلى ئافەرىد،
ھەمە شەيئىگە بەردى ئاندىن نەۋىد.

نەمۇدار ئېتىپ ئىشقنىڭ گەۋھەرىن،
سالىپ دىلغە ئاندىن ... جەۋھەرىن.

ئانى جىلۋەگەر قىلدى ئىنسان ئارا،
شەمىمنى ئانداغكى بوستان ئارا.

چۇ ئىشق ئوتىدىن گۇلغە بەردى نەمۇد،
ئانىڭ تابىدىن بۇلبۇل ئۆرتەپ ۋۇجۇد.

چۇ شىرىن سۆزىدە بولۇپ شۆئلە زەن،
ۋۇجۇدىنى پاك ئۆرتەدى كوھكەن.

چۇ لەيلى ئۇزارىن قىلىپ مېھر تاب،
بۇ ئوت بىرلە مەجنۇننى ئەيلەپ كەباب.

چۇ ئۇزرا جەمالىن ھۇۋەيدا قىلىپ،
كى بىچارە ۋامىقنى شەيدا قىلىپ.

نىشان ئەيلەدى ئىشق ھۆسنى مەجاز،
تەھەققۇق سارى ئەيلەگەن ئىمتىياز.

ھەمە ئەنبىيالارغە ئىشق ئولدى تاج،
تاپىپ ئىشقدىن ئەۋلىيالار رەۋاج.



مەئەلقىسسە ئول زاتى ئالىجەناب،
شەفىئۇلئۇمەم شاھى يەۋمىلھىساب.

كى مەھبۇبى ھەق، بىلكى مەتلۇبى ھەق،
كى مەتلۇبى ھەق، بىلكى مەھبۇبى ھەق.

ھەبىبى خۇدا ئىشقنىڭ مەتلەئى،
مۇھەببەت گۇلىستانىنىڭ مەنبەئى.

كى مەئشۇق ئۆزى يەئنى ئاشىق ئۆزى،
مۇھەببەت مەقامىدا سادىق ئۆزى.

## نەئتى ئان ھەزرەت سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم

كى ”مىم“ى مۇھەممەد مۇھەببەت ئېرۇر،
چۇ كىم ”ھە“سى جانغە ھەلاۋەت ئېرۇر.

يەنە ھەرفى ”مىم“ى مەيى مەئرىفەت،
داغى ”دال“ ئولۇپ دىن ئارا ئەمنىيەت.

رەسۇلى خۇدا سەييىدىلئەنبىيا،
كىلىپ زاتى تاجى سەرى ئەۋلىيا.

تۇفەيلى ئانىڭ بارچە جانۇ جەھان،
تاپىپ خۇد ئاندىن بۇ كەۋن مەكان.

ئانىڭ خىلقەتىدىن جەھان ئاشكار،
كى شەمسۇ قەمەر، بەلكى لەيلۇ نەھار.

مەقامى ئانىڭ بولدى ئەۋجى ۋەلا،
ۋەلا ئەۋجىدە يەئنى شەمسۇز زۇھا.

زەھى شاھى لەۋلاك نۇرۇلھۇدا،
شەھەنشاھى كەۋنەيىن بەدرۇددۇجا.

سەفا بارگاھىدا سۇلتان ئولۇپ،
ۋەفا كارگاھىدا بۇرھان ئولۇپ.

زەھى پاك زاتۇ زەھى پاك دىن،
ۋۇجۇدۇلئەلا رەھمەتۇلئالەمىن.

رەسۇلى خۇدا بەلكى مەھبۇبى ھەق،
ھەبىبى خۇدا بەلكى مەتلۇبى ھەق.

سىپىھرى ھەقىقەتتە بەدرى مۇنىر،
كى قافى شەرىئەتتە شىرى دەلىر.



سەفا گۇلشەنىنىڭ گۇلى ئەھمەرى،
ۋەفا ئالەمىنىڭ مەھى ئەنۋەرى.

شەفائەت سەرىرىدە ئول تاجدار،
ھىدايەت تەرىقىدە ساھىب ۋىقار.

ۋۇجۇدى ئانىڭ تەڭرىنىڭ رەھمەتى،
جەھاننى مۇنەۋۋەر قىلىپ خىلقەتى.

كى مەۋجۇد بارچە تۇفەيلى ئانىڭ،
كى ئىنس، مەلەك بارچە خەيلى ئانىڭ.

سىفاتى سۇبۇتىغە يۈز مىڭ لىسان،
كى بولسە قىلالماس بىرىنى ئەيان.

شەفىئۇلئۇمەم رۇزى مەھشەردۇر ئول،
كى رۇزى قىيامەتدە سەرۋەردۇر ئول.

كى باردۇر ئاڭا تۆرت يارى دۇرۇست،
ئەبۇبەكرى سىددىق يار نۇخۇست.

كى فارۇقى ئەئزەم ئەدالەت سىرىشت،
ھەيا كانى ئوسمان ئىبادەت سىرىشت.

كى شىرى خۇدا شاھ دۇلدۇل سۇۋار،
ئەلىيۇررىزا ساھىبى زۇلفىقار.

كى بەستەيىن نۇرەيىن بىل نۇرى ئەيىن،
ئىمام ھەسەن ھەم ئىمام ھۆسەيىن

دۇرۇدۇ سەلام ئال ئەسھابىغە،
كى تەسلىم ئەۋلاد، ئەھبابىغە.

ئەيا شاھى لەۋلاك بەدرۇد دۇجا،
شەفائەت مەيىدىن ماڭا قىل ئەتا.

كى نۇش ئەيلەبان راھنى شاد ئۇلاي،
ئانىڭ كەيفىدىن غەمدىن ئازاد ئۇلاي.

## مۇناجات بىدەرگاھ قازىيەلھاجات

ئىلاھا سىفاتىڭ ئەلىيۇلئەزىم،
كى ئەللاھ زاتىڭ، سىفاتىڭ قەدىم.

كى سەن-سەن كەرەملىك ئۇلۇغ پادىشاھ،
ئەھەد لەم يەزەل شاھ بىئىشتىباھ.



كى ئىسيان بىلە بارچە شەرمەندە بىز،
سىنىڭ دەرگەھىڭدە سەر ئەفكەندە بىز.

لىسانىمنى زىكرىڭغە قىلغىل قەۋى،
بولاي ياد ئېتىپ ساھىبى مەئنەۋى.

ھەمە ئىشق ئەھلىگە بول راھبەر،
ھىدايەت بىلە فەزل ئاگاھ بەر.

مۇھەببەت بىلە ئەيلەگىل مۇستەقىم،
كى دىن-دىيانەتدە قىلغىل مۇقىم.

كەرەم ئەيلەگىل شاھ بەندە نەۋاز،
مۇھەببەت تەرىقىدە قىل سەرفەراز.

كەچۈرگىل گۇناھىمنى قىلغىل ئەتا،
كى غەفلەت بىلە ئانچە قىلدىم خەتا.

مەنى قىلمە دۇنيادا ئىسيان سىرىشت،
نەسىب ئەيلەگىل مۇرغزارى بېھىشت.

كى ئۇممەت گۇناھىنى قىلغىل مەئاف،
قىلىپ بەندەلەر جۇرمىغە ئىئتىراف.

ئۆزۆڭدىن بۆلەك بەندەگە يوق فەناھ،
شىكەستە قۇلۇڭ بارچەسى ئۆزرخاھ.

بۇ ئالەمدە مۇشكۇلنى قىلغىل كۇشاد،
ئەتا ئەيلەگىل ئاخىرەتدە مۇراد.

فەقىرلىق بىناسىنى قىلغىل بەلەند،
قەنائەت تەرىقىدە قىل ئەرجۇمەند.

كى بۇ دۇمنى قىلغىل سەئادەت سىرىشت،
ۋۇجۇدۇمنى ئەيلە ئىبادەت سىرىشت.

بىبخىللىق بىلە قىلماغىل مۇشتەمىل،
سەخا بەھرىدە ئەيلەگىل مۇزمەھىل.

جۇدا ئەيلەگىل ئەھلى فەسساقدىن،
خەلاس ئەيلەگىل كىبر ئەخلاقدىن.

جەھان ئەيشدۇر بەندەگە ئارىيەت،
كۆڭۆل بەرمەگەن ئۇلكى ئىنسانىيەت.

ھەمە بەندەنىڭ ھاجەتىنى رەۋا،
قىلىپ، ئەيلەگىل لۇتف ئىلە مەرھەبا.



گەدا دۇر جەنابىڭدا ئەھلى كەرەم،
ئەتا قىلماغاي بەرمەسەڭ سەن دەرەم.

كى تەڭدۇر جەنابىڭدا شاھۇ گەدا،
كى شاھۇ گەدالەر قىلۇر جان فىدا.

تەرەھھۇم قىلىپ بەندەگە رەھىم قىل،
كى لۇتف ئەيلەبان تاڭلا بەندەم دىگىل.

كى مەھشەر ئارا قىلمە رەسۋا مىنى،
جەھان زىبىغە قىلمە شەيدا مىنى.

مۇھەببەت مەيىدىن ئەتا ئەيلەگىل،
شەفائەت گەر ئۇل مۇستەفا ئەيلەگىل.

لىسانىمنى زىكرىڭ بىلە قايىل ئەت،
كۆڭۆلنى ئۆزۆڭگە بەسى مايىل ئەت.

كى ئاخىر نەفەس جان بىرەي ھۇ بىلە،
باراي ئاقىبەت كۆزدەكى سۇ بىلە.

كى ئىمان چىراغىنى قىل رەۋشەنا،
قىيامەتغىچە ئەيلەگىل ئاشىنا.

قىلىپ سەن جەھاندا مەنى غەم سىرىشت،
كەرەم بىرلە قىل تاڭلا خۇررەم سىرىشت.

جەھان ئەيشىدىن ئەيلەگىل نامۇراد،
مۇرادىم ھۇسۇلىغە بەرگىل كۇشاد.
. . . . . . . . . . . .
①. . . . . . . . . . .

## ھەزرەتى سۇلتان ئەلفەتتا قەددەسە سىررەھۇ ۋە نەۋۋەرە مەرقەدەھۇ زىكرىلەرىدا

شەرىئەت شىئار ھەزرەتى زۇلفەتا،
تەرىقەت تەرىقىغە ئول رەھنەما.

كى ئول سەيد ئېرمىش سەھىھىننەسەب،
ۋۇجۇدىدا بىسيار فەزلى ھەسەب.

ھەقىقەتدە قۇتلۇغ قاراخان ئاتى،
كى شىرى خۇداغە يېتەر نىسبەتى.

كى بىر پاك جايىنى② نىشمەن قىلىپ،
مۇبارەك ۋۇجۇدىنى مەدفەن قىلىپ.

---

① بۇ يەردە قولىيازمىنىڭ ئىككى (؟) بېتى يوقالغان.
② قولىيازمىدا "جانى" دەپ يېزىلىپ قالغان.



چۇ تۇرپان جەۋارىن مەقام ئەيلەمىش،
تۇرۇپ ئاندا ئۆمرىن تەمام ئەيلەمىش.

كى ئول پاك مەئمەندە ئەيلەپ نۇزۇل،
فەنادىن بەقا سارىغە تاپتى يول.

بولۇبدۇر مەزارات ئالى نىشان،
ئىئانەت بىلە تا قىيامەت ئەيان.

كى تۇرپان نەۋاھى سەئادەت يېرى،
سەئادەت بىلە ھەم سىيادەت يېرى.

كى تالىبغە مۇندىن كەرامەت يېتەر،
مەدەد ھەم ئاڭا ئىستىئانەت يېتەر.

دۇئا بىرلە ياد ئەتسە ھەر دەردمەند،
ئەگەر بولسە ئاندىن نېتاڭ بەھرەمەند.

## سەھابەئى كىبار مەھبۇب ھەزرەتى رەسۇل مۇختار خاجە مۇقبىل تىيرەنداز ۋە ھەزرەتى سەئد ۋەققاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما زىكرىلەرىدا

يەنە ھەم ئەزىزى مەقام ئەيلەمىش،
ئۇلار نامىنى خاجە مۇقبىل دىمىش.

کی ھاجەت ئىلاجىندا مۇزتەر ئىسە،
چۇ گۇلباك بىرلە تەلەب ئەيلەسە،

بولار، پاك روھى كىلىپ ئول زەمان،
کی ھاجەت ئىلى باشغە سايەبان.

ئەيا دوستلار ئەسرۇ دەۋلەت بىلىڭ،
بۇلار ياتغاننى غەنىمەت بىلىڭ.

خۇداۋەند ئالەم ئىنايەت قىلىپ،
كەرەم ئەيلەدىلەر كەرامەت قىلىپ.

مەدەد قىلغۇچى ئىككى ئالەمدە ئول،
کی ھەركىم دۇئاسىنى قىلغاي قەبۇل.

تەۋەججۇھ قىلىپمەن مەنى زار ھەم،
کی ئول سارىدىن فەيز يەتكەي بەھەم.

**فەلەك كەجرەفتار ۋە سىپىھر نا پايدار ئەلەمىگە گىرىفتار بولغان ئەنبىيا ۋە ئەۋلىيا ۋە دۇنيا ۋە دۇن ۋە چەرخى بۇ قەلەمۇن ھەۋادىسغە مۇبتەلا بولغان سەلاتىن ۋە ئۇمەرالار كەيفىيەتىدە**

ئەيا دوستلار بۇ فەسانە ئىشىت،
بۇ پەندى دۇرۇر مۇشفىقانە ئىشىت.



کی ئادەم ياراتتى خۇدايى جەھان،
بەلا بىرلە قىلدى ئانى تەۋئەمان.

پەيەمبەر ئىدى ھەزرەتى زىكرىيا،
ئىبەردى بۇ دوستىغە تۆرلۈك بەلا.

جەھان ئەھلى چۈن بولدى دۈشمەن ئاڭا،
ياغاچ جىسمىنى قىلدى مەدفەن ئاڭا.

قاچىپ ئىستەدى بىر شەجەردىن فەناھ،
فەناھ ئىستەدى بولدى ھالى تەباھ.

ئەگەر ئۆزىدىن ئىستەسە ئىردى يول،
بولۇر ئىردى ھالىدىن ئاگاھ ئول.

باشغە قويۇپ ئول زەمان ئەررەئى،
دەمىن ئاسرادى، چىقمادى زەررەئى.

کی ئەررە ئانىڭ باشغە تاج ئولۇپ،
شەھادەت بىلە بەلكى مىئراج ئولۇپ.

کی فەرزەند يەھيا ھەم ئىردى نەبى،
کی سىينى سەلابەتدە ئىردى سەبى.

ئاگا رەهم قىلماي شەھىد ئەيلەدى،
ئەزىز جانىدىن نائۈمىد ئەيلەدى.

بۇ يەڭلىغ ئىرۇر چەرخنىڭ قىلمىشى،
ۋەفاسىز ئىرۇر دەھر گەردۇن ئىشى.

يەنە ئىردى جىرجىس ئەلەيھىسسەلام،
كى ئول ئىردى پەيغەمبەرى زۇلكەرام.

بۇلار نەچچە كۆرگۈزدىلەر مۆئجىزە،
قەبۇل ئەتمەدى كافىرى بىمەزە.

نەچە بىمەزە سۆزنى كافىر دىبان،
بۇلار مۆئجىزاتىنى ساھىر دىبان.

ھۇجۇم ئەيلەبان قەتل ئىتىپ زاتىنى،
نەفەس يولىغە تۇتتى مىرئاتىنى.

كى ئۆلدى دىبان بولدىلار بىگۇمان،
خۇدايىم نەبىغە ئەتا قىلدى جان.

كى قەتل ئەيلەدى يەتتە نەۋبەت ئانى،
قىلىپ زۇلم بىرلە ئۇقۇبەت ئانى.



خۇدا ھەر بىرىدە بىرىپ زىندەلىك،
چۇ كۇففارغە يەتتى شەرمەندەلىك.

بۇ رەڭ مۆئجىزاتىن قەبۇل ئەتمەدى،
نەبى زاتىنىڭ تەۋرىغە يەتمەدى.

زىرىكتى بۇلار زۇلمىدىن ئول زەمان،
كى روھى بەقا ئىچرە بولدى نىھان.

كى يۇسۇپ نەبى ئىبنى يەئقۇب ئىدى،
چۇ يەئقۇبغە دىلبەند مەھبۇب ئىدى.

كى ئىنسان ئارا ھۆسن ئىلە بەركەمال،
بۇ رەڭ ھۆسن ئىلە ھۆرى جەننەت مىسال.

يۈز ئەنۋارىنىڭ مىھر ئولۇپ بەندەسى،
قۇياشۇ قەمەر بەلكى شەرمەندەسى.

بىرادەرلەرى خەسم ئولۇپ ھەر زەمان،
كى تەدبىر ئىلە ئەيلەدى خەستە جان.

بەلا دەشتىدە تىقتىلەر چاھغە،
بۇلار ئۆزنى تاپشۇردى ئەللاھغە.

ئاغالار داغى مۇددەئا ئەيلەدى،
بەھاسىز دەرەمگە بەھا ئەيلەدى.

ساتىپ مىسىر بازارىدا بەندە ۋار،
بولۇبدۇر بەسى بەندەلىك بىرلە خار.

داغى نەچچە يىل تۇشتى زىندان ئارا،
قاچىپ غەيرىدىن كىردى پىنھان ئارا.

قىلىپ شادمان داغى شاھ ئەيلەدى،
خەلايىققە پۇشتى پەناھ ئەيلەدى.

كى يەئقۇبنى زار مەھزۇن قىلىپ،
چۇ يۇسۇف فىراقىدا مەجنۇن قىلىپ.

ئانى دەھر ئارا يىغلاتىپ قىرق يىل،
بالا دەردىدە بولدى ئىبنى سەبىل.

تولا يىغلادى بىبەسىر ئولدى كۆز،
فىراق ئىچرە دايىم نەھىن ئولدى ئۆز.

ئىنايەت كۆزى بىرلە باقتى خۇدا،
چۇ كۆرمەس كۆزى يانە تاپتى زىيا.



تەرەھھۇم قىلىپ ھەزرەتى كىرد گار،
كى يۇسۇف جەمالىن قىلىپ ئاشكار.

قاۋۇشتۇردى بۇ ئىككى پەيغەمبەرىن،
كۆرۈشتۈردى ئاخىر بۇلار ھەم بەرىن.

ئارادىن كۆتەردى غەمۇ دەردىنى،
كى ئاھىدىن ئولغان دەمى سەردىنى.

ئەلى مۇرتەزا ئىردى شىرى خۇدا،
كى داماد ئىتىپ ئەھمەدى مۇجتەبا.

ئۇرۇش ۋەقتىدە ئىردى ئول شىر نەر،
جەھان كۆزى كۆرگەن ئەمەس مۇنداغ ئەر.

ۋۇجۇدىغە دۇشمەن ئوقى كار ئەمەس،
خۇدا يار ئىدى، ئەسلە ئەغيار ئەمەس.

فەلەكدىن يېتىپ ئول زەمان سەرزەنىش،
تەۋەققۇئ تاپىپ باشىغە تۇرفە ئىش،

ئۆزى پەرۋەرىش ئەيلەگەن بىر خەسىس،
زەھى بەدتەرىن ئىبنى مۇلجەم نەجىس.

بۇزۇپ نىيەتىن جاھىلى بىۋەپا،
شەھىد ئەيلەدى ئۇل سەگى بىھەيا.

مۇسىبەت سالىپ خاندان ئىچرە ئۇل.
ئۆزى ھەم تەمۇغ سارىغە تۇتتى يول.

ئىمامەيىن سەيىيد شەھى كەربەلا،
ھەسەن ھەم ھۇسەيىن گەۋھەرى مۇجتەبا.

كى شەھزادە كەۋنەيىن ئارا شاھسۇۋار،
بۇلار ئەرش ئەئلاغە دۇر گۇشۋار.

خۇدا نەزدىدە كۆپ ئىرۇر قىممەتى،
كى سەككىز بىھىشتىنىڭ ئىرۇر زىننەتى.

قەزادىن يېتىپ ھادىسە باشىغە،
قوشۇپ مەھرەمى زەھرنى ئاشىغە.

ئىمام ھەسەن زاتى قىلدى خىرام،
كى فىردەۋسى ئەئلادا تۇتتى مەقام.

خىلافەت تالاشىپ چۇ ئال يەزىد،
بىرىن كەربەلادا قىلىبدۇر شەھىد.



خىيانەت قىلىپ ئۇممەتى بىۋەفا،
كى ئەۋلادى ئەھمەدگە قىلدى جەفا.

كى دۇنيا تالاشىپ بۇ رەڭ ئەيلەدى،
ئىماملار بىلەن سەخت جەڭ ئەيلەدى.

يانا ھەم سىياۋۇش ئىردى ۋەلى،
كى ئۆز ۋەقتىدە ئىردى ساھىب دەلى.

كى ئىراندىن كەلدى تۇرانىغە،
چۇ يۈزلەندى تۇرلۇك بەلا جانىغە.

خۇنەن مۇلكىدە شاھلىق ئەيلەدى،
ئىبادەتدە ئاگاھلىق ئەيلەدى.

ئۇشۇل ھەيىن ئارا ئىردى يەزدان پەرەست،
خەلايىق ئىدى بارچە شەيتان پەرەست.

سىياۋۇشغە فىتنە ئاغاز ئىتىپ،
ئانىڭ ھەققىدە مىكرلەر ساز ئىتىپ.

قىلىپ زۇلم ئىلە خانىمانىن خەراب،
شەھىد ئەيلەدى ئانى ئەفرەسسىياب.

سەبەب بولدى ئالەم خەراباتىغە،
كى ئۇچراپ ئۆزىنىڭ مۇكافاتىغە.

كىلىپ ئاقىبەت رۇستەم داستان،
خەراب ئەيلەدى ئەسلە بەرمەي ئامان.

ئەزەلدىن جەھان رەسمى ئەنجامىدا،
ئەمەس ئىنس-جان ئەسلە ئارامىدا.

قەزادىن يېتەر ھەرنە ئىش باشىغە،
بەلا كەلسە باقماس قىرى-ياشىغە.

كى تەقدىرغە تەئىنە قىلماق نىدۇر،
ئەداۋەت بىلە فىتنە قىلماق نىدۇر.

مۇقەددەرگە ھەركىم ئەداۋەت قىلۇر،
ھەسەد بىرلە ئۆزىنى شەقاۋەت قىلۇر

كەرەشمە بىلە ئول خۇدايى جەھان،
قىلۇر رەنج ئىلە بەندەنى ئىمتىھان.

فەلەكدىن باشىغە يېتىشسە قەزا،
كىشى بولسە مۇنداغ قەزاغە رىزا.



ئەگەر سەبر بىرلە رىزا بولسە ئول،
قىلۇر مۇددەئاسىن خۇدايىم قەبۇل.

قەزاغە كىشى نالە-فەرياد ئېتەر،
بۇ شۇم لەفزىدىن كۆپ خەسارەت يېتەر.

ئەقدە يولىدىن كىمەرسە چىقار،
جەھالەت ئەمىقىغە ئۆزىنى تىقار.

تەئەررۇز بىلە ھۆكمى تەغيىر ئەمەس،
كى تەقدىر بولغانغە تەدبىر ئەمەس،

خۇدا كارىغە قىلمە شەككاكلىق،
ئەقدەئىدە بولسە كېرەك پاكلىق.

دۇنيا دەۋلەتى ئانداقكى بىمەداردۇر، مۇھەببەتى داغى ناپايدار، ھەۋادىس تىغىدىن فۇقەرا كۆكسى زەخمەناكدۇر، ئەغنىيا باغرى داغى چاك-چاك، ئەجەل قەسدى نىشىدىن ئەگەرچە گەدالار قۇتۇلمادى، پادشاھلار ھەم خەلاس بولمادى، ئاقىبەت بۇ سەفەرگە ئازىم بولماي چارە يوقتۇر

دەرىغا جەھان كارىدۇر بىسەبات،
فەنا دامىدىن كىمسە ئېرمەس نىجات.

چۇ خەلق ئەيلەدى دەھرنى تۇ-بەتۇ،
بارىن رىشتەغە تىزدىلەر مۇ-بەمۇ.

زەمانى بىرەۋنى قىلىپ تاج بەخش،
شەھەنشاھلىق دەۋرىدە سۈردى رەخش.

ئەجەل بىرلە ئاخىر قىلىپ پايمال،
فەنا سارىغە ئەيلەدى ئىنتىقال.

فەرىدۇنۇ جەمشىد، دارا قەنى؟
سىكەندەر كەبى ئالەم ئارا قەنى؟

قەنى دەھر ئارا رۇستەمۇ زاللار؟
كۆرۈپ ئاقىبەت تۇرفە ئەھۋاللار.

بۇلار ھەر بىرى بىر جەھانبان ئىدى،
جەھان مۈلكىگە خان-خاقان ئىدى.

ۋەفا قىلمادى دەھر نا پايدار،
جەھاندىن كېتىپ تەشنەلەب خار-خار.

بۇلار چۈن قىلىپ جايى ئەسلىنى ياد،
فەنا مۈلكىدىن ئەيلەدى خەير باد.



فەلەك خاھىشى بىۋەفالىق دۇرۇر،
كى ئەنجامى ئاخىر جۇدالىق دۇرۇر.

جەھان ئەيشىدۇر كىمسە[گە] ئارىيەت،
سالىپ كەتكۈسى بارچەنى ئاقىبەت.

كى جاۋىد ئەمەس مۇندا شاھۇ گەدا،
مۇھەييا بۇلارغە قەبۇر ئىچرە جا.

چىقارسە كىشى ياخشىلىق بىرلە ئات،
قالۇر دەھر ئارا يادكارى ھەيات.

كىشى شاھلىق ئىختىيار ئەيلەگەي،
ئەدالەت تەرىقىن شىئار ئەيلەگەي.

ئەگەر ئەدل ئىلە چىقسە ئاتى ئانىڭ،
جەھان ئىچرە ياخشى سۇفاتى ئانىڭ.

ئۆزى بولغان ئېرسە جەھاندىن نىھان،
سۆزىدۇر جەھان خەلقى ئىچرە ئەيان.

دۇئا بىرلە ھەركىم ئانى ياد ئېتەر،
كى تەۋسىف ئىلە روھىنى شاد ئېتەر.

كىشىدىن ئەگەر قالماسە ياخشى نام،
جەھاندىن كېتىپدۇر بۇلار بىتەمام.

كىمەرسە ئانى ئەسلە ياد ئەتمەگەي،
دۇئا بىرلە روھىنى شاد ئەتمەگەي.

ئەگەر بەندە سەن بولمە ئازار بەخش،
شىكەستە بولۇپ ئۆزنى قىل پايى نەقش.

ئەيا ساقىيا، تۇت ماڭا ساغەرى،
كى بولسۇن ھەمول ئەقلىنىڭ رەھبەرى.

خىيالات مەيدانىغە ئەزم ئېتەي،
كى مەزمۇن ھەرىفى بىلەن بەزم ئېتەي.



ئۇل مەلالەت ئەھلىنىڭ شەھبازى ۋە خىجالەت خەيلىنىڭ جانبازى، غۇربەت ئىقلىمىدا مۇتەمەئىن ۋە ھەسرەت ئالەمىدە ساھىبى نىگىن، يەئنى تاجى زۇھۇرىددىندىن ئۇل شەھزادەئى زەمان ۋە مەھزادەئى تۇرپان، ئەسالەت بەھرىنىڭ گەۋھەرى ۋە ئىمارەت كانىنىڭ جەۋھەرى، ئىسكەندەر ھەسەب ۋە فەرىدۇن نەسەب، ۋە مانەندى جەمشىد ۋە گەۋھەرى مۇھەممەد سەئىد، يەئنى مۇھەممەد ئەفرىدۇن ۋالى بېگىم ھەكىم ئالىيلارى شەمسى بۇزارۇ ھەيران ئىستىما-ئىغە ئانداغ ئېردىكىم، باشىدىن ئۆتكەن سەرگۇزەشتەئى غەرىب ۋاقىئاتىن تەقرىر قىلماقغە بىر ئاقىلى جەنابىمىزدا فەسانە ئەيتماق لازىمدۇر، دىگەن ئەمرلەرى يەتكەچ، جانۇ دىل بىرلە ئىستىمائ ئەيلەپ ئۆز جانىبىمىزدىن كاتىبى خەستەجان نىزارىشى ناتەۋان ئەبۇرەھىم بىچارەگە بۇيرۇپ، بۇ تەئلىفات ئىچىدەكى ۋاقىئەلەرنى بىر-بىرىن تەقرىر ئەيلەپ، تەھرىر رىشتەسىغە تىزىپ، نەزم سىلكى جەنابلارىدىن ئۆتكەرمەك

قىلىپ ئانچە جەۋلان سەمەندى قەلەم،
نەقۇلات سەتھىگە قويدى قەدەم.

زەمان ئىنقىلابىغە قىلدى سۇخەن،
گۇزەر ئەيلەگەي رۇزگارى كۇھەن.

زەمانىكى مېھنەت ياغىپ دەھرغە،
كى ئابۇ نەمەك ئۆيرۈلۈپ زەھرغە.

ھەۋادىس تۇغۇپ ئالەمى تۇمتەراق،
بۇ دەۋران ئېلى ئىچرە سالمىش فىراق.

قەزا سۇدرەبان ھەر بىرىن ھەر قەيان،
بىرىنى بۇ يان قويدى، بىرنى ئۇ يان.

چۇ شەھزادە تۇرپاندا تاپتى قەرار،
ھەمە خاندانلار بولۇپ پايدار.

تۇغۇلمىش ئىدى كاشغەر شەھرىدە،
جەھانغە كېلىبان ئاتا بەھرىدە.

ھەمانا ئاتا ئورنىدا بولدى ۋالى،
ھەكىمى نىگىندار بولسە نېتاك.

چۇ تۇرپان نەۋاھىدا تاپمىش كەمال،
كى ئەفرىدۇن ئول شاھ ساھىب جەمال.

زۇھۇرىددىن ئولغان ئىدى دەر-بەدەر،
بەيابان ئارا قىلدى گەشتى سەفەر.



نەچە شەھرلەرنى سەياھەت قىلىپ،
سەفەر مېھنەتىدە رىيازەت قىلىپ.

يەنە كاشقەرغە قەزا باشلادى،
بىناگەھ داغى كەلتۈرۈپ تاشلادى.

مۇناسىب بىلە بولدى ئول ھۆكمران،
تۈزەلدى بورۇنقى بۇزۇلغان زەمان.

فەلەك ئەيلەدى ۋالىئى مەملەكەت،
رەئاياغە بولمىش داغى ئەمنىيەت.

بۇ ھالەتدە شەھزادە تاپتى خەبەر،
ئىبەردى داغى ئادەمى مۆئتەبەر.

چۇ بىر رۇقئە بىرلە سوراپ ھالنى،
كى تەقرىر ئېتىپ تۇرفە ئەھۋالنى.

ئەيا سايىرى زار مېھنەت گۇزىن،
سەنى قىلدى ھەق ئەمدى بالانىشىن.

فەسانە دىمەكلىككە ئاقىل كېرەك،
بەيان ئەتكەلى ئەمدى ناقىل كېرەك.

ئىبەرگىل ماڭا ئەمدى ئەفسانە كۈي،
دىگەي سەرگۈزەشتە ماڭا مۇبە-مۇي.

بۇ ئەمرىن ئىشتكەچ قىلىبان خىيال،
كى بىر نۇكتەدان ئەيلەدىم ئىنتقال.

قىلىپ ھۆكم بۇ زار ئازادەگە،
دىگىل سەرگۈزەشتىمنى شەھزادەگە.

خىيالات مەيدانىغە ئەزم ئېتىپ،
تەفەككۇر ھەرىفى بىلە بەزم ئېتىپ.

قىلىپ ھەق ئاتى بىرلە سۆز ئىبتىدا،
نەچە سەرگۈزەشتىمنى قىلدى ئەدا.

نەقۇلات زەيلىدە سۇردۇم قەلەم،
خۇداۋەند ھەمدىنى قىلدىم رەقەم.

قىلىپ ئىبتىدا سۆزنى ئاي باشىدا،
خىيالات شەھزادەنىڭ قاشىدا.

قىلىپ ئول كىچە نەقل ئەسھاب كەھف،
داغى مەدھ ئول يار ئەھباب كەھف.



دىبان ھەر كىچە بىر رىۋاياتنى،
قارا باشدىن ئۆتكەن ھىكاياتنى.

نەچە شاھلارنى مىسال ئەيلەدىم،
ئۇلار كارۇ بارىن خىيال ئەيلەدىم.

ئەخىرىغە يەتكۈنچە ئول ماھنىڭ،
تەمام ئولدى ئەفسانەسى شاھنىڭ.

تەۋاتۇر بىلە سۆزنى قىلدىم بەيان،
بارى ماھۇۋەلۋاقىئەنى ئەيان.

قىلىپمەن ھىكاياتلار مۇنفەسىل،
كى ئازادە بەخت سۆزىگە مۇشتەمىل.

يەنە سەئدىبۇ ئەسمەئى سەر شىكەن،
كى مەجنۇن، ۋامىق بىلە كۇھكەن.

يەنە نەچچە دەرۋىش ئازادە كان،
ئانىڭ سۆزلەرى مۇندا تاپمىش ئەيان.

چۇ فىھرەستىدە بارچە مەئلۇم ئېرۇر،
خىرەد ئەھلىغە داغى مەفھۇم ئېرۇر.

مۇكەررەر بولۇر سۆزنى قىلسام بەيان،
ھەمە سۆز بولۇپ ئەۋۋەل-ئاخىر ئەيان.

ئەيا ساقىيا بول ماڭا رەھنەما،
كەرەم بىرلە بەخش ئەت مەيى خۇش لىقا.

كۆڭۈل ئارەزىن مەيدە ھەمرا قىلاي،
ئانىڭ كەيفىدە دىلنى ئەھيا قىلاي.

**تەلەب ۋادىسىدا ھەيرانلىقىدىن خىرەد بۇلبۇلى مۇراد گۈلى ئۈچۈن ئەفغان چەكمەك، ئول گۈل جەمالىن كۆرمەك ھەۋەسىدە سۇبھى-شام مۇناجات زەيلىدە نەۋا كۆرگۈزمەك.**

كەرەم قىل خۇداۋەند مەن زارغە،
كى ئەفتادەئى ئۈسرۇ بىمارغە.

كۆڭۈل تۇتىسىن ئەيلەگىل خۇش زەبان،
كى بولسۇن كەلام ئىچرە شەككەر فىشان.

مەئانى گۈلىن ئەيلەگىل تازە روي،
خىرەد غۇنچەسىغە بېرىپ رەڭۇ بوي.



كۆڭۈلنى مۇھەببەت بىلە ساف قىل،
كى مەزمۇن قۇلۇبىغە كەششاف قىل.

چۇ ئەقل-خىرەد بازۇسىن قىل قەۋى،
كى بولسۇن ھەمول ساھىبى مەئنەۋى.

تەفەككۇر مەقامىدا قىل سەربەلەند،
تەخەييۇل دىيارىدا قىل ئەرجۇمەند.

ئۆزۈڭ مەدھىگە ئەيلەگىل ئاشنا،
قىلىپ پەرۋەرىش بىزنى، يارەببەنا.

ھەببىبىڭ نەئۇتىغە مەدداھ قىل،
مەۋائىز ئۇمۇرىغە ئىسلاھ قىل.

قىلىپ ياد ياران ساھىب دۇئا،
ئۇلار روھىغە ئەيلەيىن ئىلتىجا.

خىيالات بوستانىدا فىكر ئىتەي،
جەھاندار [لار] ۋاقىئىن زىر ئىتەي.

سەفا يەتكۈرۈپ ئەقلىنى قىل زىياد،
سەن ئۇقسەن خۇداۋەند مۇشكۈل كۇشاد.

جەنابىڭدا بىر زار ئەفتادە مەن،
تەئەللۇق ئۇمۇرىدىن ئازادە مەن.

ساڭا ھاجەتىم ئانچە بىسيار دۇر،
ئۇمىدىم جەنابىڭدا كۆپ باردۇر.

چۇ رەھمەت مەيىدىن ئەتا ئەيلەگىل،
كەرەم ئەيلەبان مەرھەبا ئەيلەگىل.

نىزارىنى زار ئەتمەگىل دەھر ئارا،
داغى تاڭلا كۆيدۈرمەگىل قەھر ئارا.

. . . . . . . . . . . .
. . . . . . . . . . . .①

چۇ پەيدا بولۇپ بىرنەچچە نابكار،
قىلىپ دەھرنى قان بىلە لالە زار.

زەمان دەئبى بولدى دىل ئازارلىق،
سۇرۇك ناتەۋانلارغە دىشۋارلىق.

سەلاھ خەيلى يەكسان ئەرازىل بىلەن،
فەساد ئەھلى خۇرسەند ئەزازىل بىلە.

① قوليازمىدا مۇشۇ جايدىن بىر (؟) ۋاراق كەم.



نەچچە ئىش بولۇپ شەرئىدىن تاشقارى،
كى ئىنسافدىن ئەيرۇ ياشۇ قەرى.

دىيانەت بىناسىغە يەتمىش فۇتۇر،
ئىبادەت مەكانىغە بولمىش خۇتۇر.

كى دەرد ئەھلىغە يەتتى بىدادلىق،
چۇ مۇلك ئەھلىدە يوقتۇرۇر شادلىق.

بۇ ھەيندە يامانلار ئىشى تۇتتى ئەۋج،
كى ئۇردى جەھاندا رىيا بەھرى مەۋج.

كى يوق ئادەمى خەيلىگە ئىئتىبار،
بۇ ھەيندە فەساد ئەھلىنىڭ قەدرى بار.

كى سەرداردىن زۇلم شايئدۇرۇر،
خىلاف ئەمر ئىش ئانچە ۋاقىئدۇرۇر.

مۇشار ئىلەيھ ئەدل پەيۋەند ئىرۇر،
خەلايىق سەلاھى ئاڭا بەند ئىرۇر.

كۆھىستان ئىلى بەلكى قىرغىز، قازاق،
يەبا خەلقلەر ئەيلەدى ئىتتىفاق.

يەنە غالجە، سەيرەت، بەدەخشان ئېلى،
كى سەھرادا يۈرگەن بەيابان ئېلى.

يامان ئادەملار چۇ غەۋغا قىلىپ،
جەھان ئىچرە تۇرفە ئەلالا قىلىپ.

كى ئەل جانغە ئانچە قاتىل بولۇپ،
چۇ تاراج قىلماققە مايىل بولۇپ.

بۇلار ئىلكىدىن بىر بولۇپ خەستە جان،
فەلەك بىزنى ئەيلەپ ئەجەب ناتەۋان.

شەھادەت مەيىنى بېگىم نۇش ئېتىپ،
ئۆزىن شاد ئېتىپ، بىزنى خامۇش ئېتىپ.

تېنىپ دەھر ئىشىنىڭ ئەلالاسىدىن،
ئەلالا بىلە رەنج غەۋغاسىدىن.

چۇ بىداد ئېتىپ چەرخى ناسازۋار،
بەلا ياغدۇرۇپ مىسلى ئەبرى بەھار.

كى زاھىر قىلىپ تىغ ئازارنى،
شەھىد ئەيلەدى بىرنەچە يارنى.



مېنى ئەيلەدى ئۇسرۇ زار-زەبۇن،
ئەلىفدەك قەدىم غەم بىلە بولدى نۇن.

ئۆلۈمدىن بەتەررەك ماڭا زىندەلىك،
ئۇلاردىن قالىپ يەتتى شەرمەندەلىك.

بېگىم بولدى ئالەم ئىشىدىن ئامان،
ئانىڭسىز ماڭا زىندەلىك نىسفى جان.

قەزا يەتسە كەتسەم ئىدى ئالىدا،
قالىپمەن نېتەي ئەمدى دۇنبالىدا.

فەلەكدىن يېتىپدۇر ئۇلارغە يۈرۈش،
مۇقەددەر ئىكەن مۇندا بىزگە تۇرۇش.

مەنىھەم ئاقىبەت ئاندا كەتكۈمدۇرۇر،
بېگىملەر ھۇزۇرىغە يەتكۈمدۇرۇر.

ئۇلار كەتتى، قويدى مېنى يادكار،
ھەيات ئولماقىم — سەنئى پەرۋەردىگار.

يوق ئېردى ماڭا زىندەلىكدىن ئۈمىد،
ئەتا قىلدى ھەق بىزگە ئۆمرى جەدىد.

بۇ رەڭ تەشمىلە كىم مۇقەررەر ئىكەن،
خۇدادىن يېتىشكەن مۇقەددەر ئىكەن.

خۇدادىن ئېرۇر يەتسە ھەر خەير-شەر،
تىكەن كىرسە پۇتغە قەزاۋۇ قەدەر.

بىگىم جەننەت ئىچرە خىرام ئەيلەدى،
بۇ دۇنيا ھۇزۇرىن ھەرام ئەيلەدى.

جەھان مۇلكىدە ئېردىلەر پادىشاھ،
بەقا شەھرىدە تىكتى ھەم بارىگاھ.

شەك ئېرمەس خۇدا ئۆزگە قىلسە قەرىب،
چىرا كىم بولۇپدۇر شەھادەت نەسىب.

شەھىد ئولسە كىم ئۆلمەگەن ھۆكمىدە،
ھەيات ئولغۇسى ئول خۇدا نەزدىدە.

شەھىد ھۆكمىدە ئايەت ئولمىش سەبات،
دەلىل ئولدى ئولكىم ئېرۇرلەر ھەيات.

قىيامەتدە قولداپ شەفائەت قىلۇر،
شەفائەت قىلۇرغە شۇجائەت قىلۇر.



كۆپ ئېرمىش شەھىد قانىنىڭ ھۆرمەتى،
خۇدا نەزدىدە سۇرخ ئېرمىش بەتى.

قالىپمەن نېتەي ئاھ ئارمان بىلە،
كى ياد ئەتكەمەن خەتمى قۇرئان بىلە.

**بۇ چەرخ كەجرەفتارنىڭ ئايىنى دۇركىم زەمانى ۋۇجۇد خىلئەتىن ئاراستە ئەيلەپ تەختۇ ئۆزرە سەرەفراز، گاھى قەدەم كىسۋەتىن پىراستە قىلىپ، تەختەئى تابۇت سەرئەنداز قىلماق، ئەلھال تەقدىر سۇبھانى مۇقتەزاسىچە ئول بىلقىس ھەشمەت ۋە مۇشتەرى سەئادەت شەمس روي مەلەك خوي، سەباھەت كىشۋەرىنىڭ تاجدارى ۋە شەرافەت بەھرىنىڭ گەۋھەرى ئابدارى ئەئنى چولپان خانىم ئەلەيھمەررەھمەتە ۋەررىزۋان ئەرجىئى ئىلا رەببىكە رازىيەتەن-مەرزىيەتەن نىداسىن ئىشىتىپ، روھ پۇر فۇتۇھلارى مۇرغى بەدەن گۈلشەنىدىن پەرۋاز قىلىپ، فەرزەند ئەرجۇمەند دىلبەند ۋە جىگەر گوشەئى ئەرجۇمەندلەرى سوراغىن بەقا چەمەنزارىدىن ئىستەپ، ئالەمى سىفلىدىن ئۇلۇۋۋىغە خىرام ئەيلەپ ۋە قىلغانى، ئانداغ ھادىسە دۇركى، ئەگەر تەقرىر رىشتەسىغە تىزسە مۇستەمئىلەر جانىغە بىتابلىق ۋە مۇتەئەللىلەر ھالىغە خەرابلىق يەتكەي**

جەھان قىيمەتى شەھر بانۇ خېنىم،
كى ھۆرمەتكە زانۇ-بەزانۇ خېنىم.

ھالا دەردىدە بولدىلار سۇگۋار،
قىلىپ دەم-بەدەم نالەئى ئاھۇ زار.

يىتىپ چەرخدىن رەنج تەشۋىشلەر،
قاداپ جانىغە① يۈز تۈمەن نىشلەر.

كى شاھ فەرىدۇنغە ئېردى ھەرەم،
ھەرەملەر ئارا بارچەدىن مۆھتەرەم.

مۇھەممەد سەئىد گەۋھەرىغە سەدەف،
چىقىپ بۇ سەدەفدىن بۇ دۇررى شەگەرف.

كى مەھبۇب فەرزەند دىلبەند ئىدى،
ھەمىشە ئانىڭ بىرلە خۇرسەند ئىدى.

بالاسىغە يەتتى فەلەكدىن بەلا،
بالا دەردىگە بولدى ئول مۇبتەلا.

جىگەر پارەسىدىن جۇدا بولدى ئول،
ئەلەم بىرلە ئاخىر فەنا بولدى ئول.

سىكەندەر جەھاندىن قىلۇردا گۈزەر،
ئاناسىغە بىر نامە قىلدى بەدەر:

① قولىيازمىدا "جانىنى" دەپ يېزىلىپ قالغان.



"مۇقەددەرگە ھەرگىز قىغان قىلماسۇن،
مۇسىبەت بىلە خەستەجان بولماسۇن،

ۋەسىيەت بۇدۇر، شاھلار قولىدىن
فەنا ئىستە ئاخىردەكى ھۇلىدىن."

ۋۇجۇدىغە ئالىپ مۇسىبەت غەمىن،
ئەزىز گەۋھەرىنىڭ تۇتۇپ ماتەمىن.

چۇ كۆرگۈزدى بىمارلىقدىن نىشان،
كى فەرزەند دەردىدە تاپشۇردى جان.

بەقا شەھرىدىن ئىستەدى نۇرىنى،
شەھادەت مەقامىدەكى پۇرىنى.

جەھان كار-بارىغە بىتاب ئولۇپ،
كى شاھ فەرىدۇنغە ھەمخاب ئولۇپ،

قۇتۇلدى جەھان رەنج-ئازارىدىن،
كۆڭۈل ئۈزدى ئالەمدەكى بارىدىن.

ئەزەلدىن بۇ يەڭلىغ كېلىپ دەھر ئىشى،
قۇتۇلماس ئەلەم ئىلكىدىن ھېچ كىشى.

تۇت ئەي ساقىيا بىزگە جامى رىزا،
ئانى سىپقاراي كەلسە نەچچە قەزا.

**ئول شەھزادەئى ئالىجەناب ۋە ماھپارەئى ئەسالەت مەئاب ۋە بەلەند قەدەر گەۋھەرى ناياب، ۋاڭلىق نىسبەتىگە كامىياب ۋە تاجدارلىق مەنسەبىدە شاد-شاداب ئەئنى مۇھەممەد ئەفرىدۇن خوجام ھەزرەتىگە، كەمىنە ناتەۋان دۇر ئەفتادەئى مەھجۇر ۋە مەھزۇن سەرگەشتە ۋە خانىمان بەرگەشتە زۇھۇرىد-دىندىن ئەرىزە-دەرد ئامىز، سەھىفەئى ئىشتىياق ئەنگىز، خاتىرى مۇجەللا ۋە تەئەققۇل ۋە مۇزەككالارىغە ئەدا ئەيلەمەك**

تۇمەنمىڭ سەلام، بەلكى قۇللۇق نىسار،
چىراكىم قالىپ ياخشىدىن يادكار.

يېتەر نىسبەتى ياخشى ئەجدادغە،
بولۇپ بەختىيار بەختى ئازادغە.

ئاتا جانىبى خانۇ خاقان ئىرۇر،
ئانا ساردىن قۇرب سۇلتان ئىرۇر.

بەناگاھ يېتىشان فەلەكدىن قەزا،
كىچىكلىكدە قىلدى ئاتادىن جۇدا.



بەلا ياغدۇرۇپ ئالەمى تۇمتەراق،
بۇلارنىڭ ئاراسىغە سالدى فىراق.

غەمۇ غۇسسە بىرلە مەلال ئولدىلار،
ئەلەم بىرلە سەرگەشتە ھال ئولدىلار.

بۇ گەردۇن ئۇزاتتى تەئەددى قولىن،
ھەۋادىس بىلە باغلادىلار يولىن.

ئۇلۇسدىن كۆرۈپ رەنج ئازارنى،
زەماندىن تاپىپ قەلب رەفتارنى.

نەلەر كەلتۈرۈپ باشىغە بۇ فەلەك،
قىلىپ ئەيشىنى زۇلم ئىلە بىنەمەك.

نەچە كۈن رىيازەت بىلە پايمال،
ئەلفەدەك قەدى غەم بىلە بولدى دال.

تەرەھھۇم قىلىپ ھەزرەتى كىردىگار،
نەسىب ئەيلەدى باز يارۇ دىيار.

كى مۇندىن چىقىپ ئاندا ئەزم ئەيلەدى،
بارىپ جايى ئەسلىدە بەزم ئەيلەدى.

ۋەفا كەلمەدى كاشغەر خەيلىدىن،
باربان قۇتۇلدى بەلا سەيلىدىن.

بۇ دەۋران ئېلى ئىككى يۈزلۈك دۇرۇر،
خىيانەت مەتائىغە كۆزلۈك دۇرۇر.

زۇھۇرىددىن ئەتتى ساڭا بەندەلىك،
تۇمەن قۇللۇق ھەم سەرەفكەندەلىك.

كى شەھزادە خانلىققە لايىق خوجام،
ئېرۇر مېھر يەڭلىغ چىرايلىق خوجام.

كى ئەفرىدۇن ئولدى ئاڭا نامزەد،
فۇزۇن ئۆمر بەرگەي خۇداي ئەھەد.

سەئادەت گۇلىغە كېلىپ غۇنچە ئول،
شەرەف باغىدا نەۋبەرى قىپچە ئول.

كى ۋاڭلىق بىلە بولدى ئول تاجدار،
ئاتا ئورنىدا بولدىلار بەر قەرار.

خۇدا رەھم قىلدى، ئاتاسى مەدەد،
كى ئىنسان ئارا بولدى ئەھلى سەنەد.



خۇدا ئەقل ئىلە ئەيلەگەي بەر كەمال،
كى دانىش ئېلىن ئەيلەگەي پايمال.

كى شەمشادى بولسۇن بەسى سەربەلەند،
چۇ ئاشۇب ئىلە يەتمەسۇن ھېچ گەزەند.

قەدى سەرۋ باغى بەھارىدا بار،
قەزا سەر سەرى قىلماغاي تارمار.

خۇدا قىلماسۇن گەۋھەرىنى شىكەست،
جەھان خەلقىنى ئەيلەگەي زىر دەست.

يامان كۆزدىن ئەمما خۇدا ساقلاغاي،
ئۆزى خاس دەرگاھىدا ساقلاغاي.

ئاڭا سەئد ئەكبەر بولۇپ مۇشتەرى،
كى بەخش ئەيلەسۇن ھۆكم ئەنگۇشتەرى.

نىگىندار بولسۇن سۇلەيمان سۇفەت،
فەرىدۇن، جەمشىد خاقان سۇفەت.

مۇرادىغە بەرگەي خۇدايىم كۇشاد،
كۇشايىش بىلە ھاسىل ئەتسۇن مۇراد.

خۇدا خىزمەتىدە قىلىپ پايدار،
جەھاندا ئانى ئەيلەسۇن كامكار.

ئاتا ئەيلەپ ئېردى دۇئالار بەسى،
دۇئا ئەيلەگەندە يوق ئېردى ئەسى.

ئەگەرچە ئۇلۇس ئەيلەسە ئىلتىجا،
خوجەم ھەققىدە رەھم قىلغاي خۇدا.

ئەزىزلەر ئاڭا ئەيلەسە تەربىيەت،
خوجەمغە جەھان ئىچرە كۆپ خەيرىيەت.

فەقىر، ناتەۋان، بىنەۋا، تەشنەلەب،
خوجەم بارەسىدە قىلۇرمەن تەلەب.

ئەتا ئەيلەگەي تەڭرى ئۆمرى تەۋىل،
تەخى قىلماغاي ئەسلە زار-زەلىل.

ئەدۇ خەيلىنى پايمال ئەيلەگەي،
تىلىن گۇڭ، ھەيرەتدە لال ئەيلەگەي.

كى ئىقبالى بولسۇن ئەدەددىن فۇزۇن،
شەرەف ئەۋجى تەختىدە تاپسۇن ئورۇن.



جەنابىڭدا فىكرۇ خىيالىم بۇدۇر،
فىراقىڭدا ئۇسرۇ مەلالىم بۇدۇر.

سەئادەتدە مېھرى تۇلۇئ ئەيلەسۇن،
ئاڭا شەھلىغ ھۆكمى تۇلۇئ ئەيلەسۇن.

كى شەھلەرنى قىلسۇن غۇلامى ئانىڭ،
چۇ ئىززەتدە بولسۇن مەقامى ئانىڭ.

كى شەھزادەئى پاك زاتىم خوجەم،
كى جاندىن چۇچۇكرەك نەباتىم خوجەم.

كى چىزى ساڭا ئەرز ئىزھار دۇر،
نەسايىھ سۇفەت بىر سۆزۈم باردۇر.

قالىپمەن ئاتاڭ بەزمىدىن يادكار،
كۆڭۈلدە سىنىڭ فۇرقەتىڭ دەردى بار.

خۇسۇسەن فەقىر غەمكەشۇ ناتەۋان،
سىرىشكىمنى ھەر سۇبھى ئەيلەپ رەۋان،

قىلىپ قۇللۇغۇڭ ئەيلەسەم جان نىسار،
قۇبۇغۇڭدا تۇرسام رىھى بەندە ۋار.

ئۈمىدىم بۇدۇر ھەم نىيەت بۇ دۇرۇر،
بۇ ئەفتادەگە خەيرىيەت بۇ دۇرۇر.

ئىرادە قىلىپ خىزمەتىڭدىن يىراق،
كى ئىزھار ئېتىپ بەينى ھازەل-فىراق.

ئىلاجىم ئەگەر بولسا كەتسەم ئىدى،
جەنابىڭ ھۇزۇرىغە يەتسەم ئىدى.

ئىلاجىمغە چارە تاپائالمادىم،
ئۆزۈمچە قاشىڭغە بارائالمادىم.

يەنە ئەرزىم ئولكىم ئەيا شاھزاد،
ئەدەب ئىلمىگە ئەيلەگىل ئىنقىياد.

كى مەشغۇل بول ئىلمى رەببانىغە،
نەزەر ئەيلەگىل تەڭرى قۇرئانىغە،

جەھان ئىچرە بول ئىلم ئىلە بەھرەۋەر،
ھەۋايۇ ھەۋەس يولىدىن قىل ھەزەر.

ئەدەب بىرلە بولغىل شەرىئەت شىئار،
ئەمەل بىرلە بولغىل ئىبادەت ۋىسار.



كى ئاجىزغە بول لۇتف ئىلە مېھرىبان،
سەخاۋەت بىلە ئۆزنى قىل تەۋئامان.

فەقىرلەرغە قىلساڭ ئەگەر يارلىق،
كى ھەققىڭدە قىلغاي تەلەپكارلىق.

مەزاراتدىن ئىستىئانەت تىلە،
كى ئەرۋاھلاردىن ئىئانەت تىلە.

ئاتا سۆگىدا سەبر قىلماق كېرەك،
كى ئانىڭ رىزاسىنى ئالماق كېرەك.

رىزا بولسە فەرزەندلەردىن ئەبى،
تۇغار باشغە بەختىنىڭ كەۋكەبى.

فەراسەت بىلە ئۆزنى قىل ھۇشمەند،
كى دانىش تەرىقىدا بول ئەرجۇمەند.

بۇ غەمكەش مۇسافىرنى ھەم ياد قىل،
كى ياد ئەيلەبان خەستەنى شاد قىل.

**ئول ۋادىئى ھەيرەتدە شادلىق خىرمەنىن فۇرقەت سەمۇمى بىرلە بەرباد قىلغان ۋە ئول دامەنى ھەسرەتدە غۇسسە ۋە غەم تىكەنىن ھىجران ھۇجۇمى بىرلە جان دىدەسىگە قاداغان ۋە ئول غۇربەت ئىقلىمىدا سەرگەشتەلىك بىرلە مۇسافىر بولغان ۋە ئول مۇفارىقەت بادىيەسىدە ھەزىن ئەندۇھ بىرلە مۇجاۋىر بولغان-زۇھۇرىددىن سەرگۇزەشتىدىن تەۋەققۇئ تاپقان ۋۇقۇئلار زىكرىدە**

زۇھۇرىددىن ئەيلەپ چۇ ھالىن بەيان،
بۇ ۋاقىئدۇرۇر قىسسەئى داستان.

ئۇشۇل ۋەقتكىم ھادىسە يۈزلەنىپ،
سەمادىن بەلا باشىمىزغە كىلىپ.

ماڭا نەچچە كۈن يەتتى مەھبۇسلۇق،
ئەزىز جاندىن ئولدىكى مەئيۇسلۇق.

ئەمەلدارلار ئەيلەدى مەسلەھەت،
چىقارماققە بىزنى قىلىپ مەشۋەرەت.

چۇ زۇلمەت بىلە بىزنى ئىخراج ئىتىپ،
بۇ رەۋشەن جەھاننى ماڭا داج ئىتىپ.



غەمۇ دەرد ئىلە يولغە ئەزم ئەيلەدىم،
كى غۇربەتكە تۈشمەكنى جەزم ئەيلەدىم.

يۈرۈپ كاشقەردىن چۇ ئەيلەپ گۈزەر،
كى يول تەي قىلىپ ئوشنى قىلدىم مەقەر.

كى تەختى سۇلەيمان ئەلەيھىسسەلام،
ئەجەم مۈلكىدە ئېردى بەيتىلھەرام.

ئۇلۇغلار ئاتاپدۇر ئەجەم كەئبەسى،
ئەجەم ئىچرە ئول ئەھلى غەم كەئبەسى.

بىھەمدۇللاھ قىلدىم زىيارەت ئانى،
بۇ ئالەمدە قىلدى شەفائەت مېنى.

يۈزۈمنى ئۇرۇپ خاك دەرگاھىغە،
ئۆزۈمنى سالىپ پاك دەرگاھىغە.

ئىجابەت قىلىپ ئەيلەدى يارلىق،
كى يەتكۈردى بىزگە مەدەتكارلىق.

كى تەسدىق ئىلە كىمكى مۆھتاجدۇر،
شەك ئېرمەس تەۋاف ئەيلەگەن ھاجىدۇر.

كى تەزكىرەسىدە رىۋايەتدۇرۇر،
جەھاندا مۇئەييەن ھىكايەتدۇرۇر.

رەسۇلى خۇدا چىقتى مىئراج ئارا،
كى مىئراج ئارا ئېردى ئەلھاج ئارا.

كى تۆرتۈنجى ئەيۋانغە يەتكەن زەمان،
زەمىندىن ئاڭا نۇر بولدى ئەيان.

تەئەججۇپ بىلە سوردى جىبرىلدىن،
جەۋاب ئەيلەدى ئۇشبۇ تەمسىلدىن:

”ئەجەم مۇلكىدە باردۇرۇر سەڭ تەخت،
كى جا قىلدى پەيغەمبەر نېكبەخت.

ئانىڭ فەزلىدىن نۇر ھاسىلدۇرۇر،
ئاڭا فەيزى ھەق كۆندە نازىلدۇرۇر.“

رەسۇلى خۇدا ئارزۇ ئەيلەدى،
كى رۇھىلئەمىن رو-بەرو ئەيلەدى.

تۇرۇپ ئورنىدا ئاندا ھازىر قىلىپ،
مۇھەممەدكە ئانى چۇ زاھىر قىلىپ.



بۇ تاش ئۆزرە قىلدى مۇھەممەد نەماز،
كى ئانچە بولۇپ تەختى سەڭ سەرفەراز.

كى بۇ جايغە خاسىيەت بۇ دۇرۇر،
زەۋايىرغە ھەم خەيرىيەت بۇ دۇرۇر.

ئەجەب جاي پاكى بەلەند خۇش ھەۋا،
تاپار فەيزى ھەق ھەر نىچۈك بىنەۋا.

كى ئاندىن يۈرۈپ تېز ئەيلەپ سەمەند،
كى داخىل بولۇپمەن بەجايى خوقەند.

نەچە كۈن تۇرۇپ ئاندا ئارام ئالىپ،
كى دەرماندەلىك داغىدىن كام ئالىپ.

يەنە ئەزم قىلماقغە مەيل ئەيلەدىم،
غېرىبلىقدا ئەشكىمنى سەيل ئەيلەدىم.

خوقەنددىن چىقىپ يولغە ئازىم بولۇپ،
بۇخاراغە يەتمەككە ھازىم بولۇپ،

نەچە قەريە ۋە كەنتلەرنى باسىپ،
ئۆرە تۆپە مۇلكىگە باردىم يېتىپ.

كى ئاندىن يەنە يولغە بولدۇم رەۋان،
سەمەرقەند نەۋاھى چۇ بولدى ئەيان.

دىيارى سەمەرقەندغە داخىل بولۇپ،
كى ئاندىن ماڭا فەيز ھاسىل بولۇپ.

سەمەرقەند بىلادى-جەھان سەيقەلى،
نەسەيقەلكى پەرتەۋفىشان مەشئەلى.

ياتىپدۇركى ئاندا نەبىيۇ ۋەلى،
مەكان ئەيلەبان نەچچە ساھىب دىلى.

چۇ ئانداً نەبىدىن قىلىپ ئىنتقال،
بۇلار كىم دۇرۇر ھەزرەتى دانىيال.

بۇلار خاك دەرگاھىغە باش ئۇرۇپ،
تەزەررۇئ بىلە دىدەدىن ياش ئۇرۇپ.

زىيارەت قىلىپمەن چۇ ئەيلەپ دۇئا،
تۆمەن ئەجز ئىلە كۆرگۆزۆپ ئىلتىجا.

بۇلار روھىغە كۆرگۆزۆپمەن نىياز،
فەقىر ناتەۋانغە بولۇپ چارە ساز.



بىھەمدۇللاھ بىزلەرگە قىلدى مەدەد،
بۇلار تۇربەتى بىزگە بولدى سەنەد.

يەنە شاھى زىندە مەزاراتىنى،
سۆرۆپمەن كۆزۆمگە غۇباراتىنى.

بۇ شاھى ئىرۇر زىندەلىكدىن نىشان،
تەھىجە ئارا ھەق قاتىدا نىھان.

بولۇر ئاقىبەت بىر كۆنى ئاشكار،
بولۇپ شاھلىق تەختىدە بەرقەرار.

جەھاندىن يوق ئەيلەپ چۇ خۇنخارنى،
كى مۇشرىك ئىلە بارچە ئەغيارنى.

بۇلار شەۋكەتى پادىشاھلىق بىلە،
زىيارەت قىلىپمەن گەدالىق بىلە.

كى مەقسەد تىلەپ ئاندا شامۇسەباھ،
بىھەمدۇللاھ يەتكۆردى بىزگە سەلاھ.

يەنە ھەزرەتى خاجە ئەھرارنى،
مۇھىببى خۇدا پاك ئەبرارنى.

تەۋاف ئەيلەدىم دىدەئى جان بىلە،
بارىپ ئالدىغە خەتمى قۇرئان بىلە.

ھەمە دەردلەرنى خىيال ئەيلەدىم،
تەۋەججۇھ قىلىپ ئەرزى ھال ئەيلەدىم.

ئۇمىد ئىلە باردىم مەدەد ئىستەبان،
مۇبارەك بەقەئىدىن سەنەد ئىستەبان.

كى شايەد ماڭا رەھم قىلسا كىرەك،
ئۇمىد بىرلە قىلدىم ئانىڭدىن تىلەك.

يەنە ھەم مەزارى ئەمىرى جەھان،
كى شاھەنشەھى مىر تۆمۈر كورگان.

ئۇلارنى داغى مەن تەۋاف ئەيلەدىم،
تەۋاف ئەيلەبان دىلنى ساف ئەيلەدىم.

مۇبارەك بەقەئىدىن تىلەپ يارلىق،
جەنابىدىن ئىستەپ مەدەد كارلىق.

تۆكۈپمەن بەسى ئەشكدىن ئابلار،
كى ئەشك ئورنىدا كەلدى خۇنابلار.



تۈمەن دەرد ئىلە ئەرزى ھال ئەيلەدىم،
كۆڭۈل ھەسب ھالىن مەقال ئەيلەدىم.

ئۇمىد ئىلە بولدۇم ئاڭا مىھمان،
بولۇپ لۇتف بىرلە ماڭا مىزبان.

بۇلاردىن داغى ئىستىئانەت تىلەپ،
بۇخار ئۆلكەسىگە ئىجازەت تىلەپ.

يەنە قۇتبىلەرنى زىيارەت قىلىپ،
كى ھاجەت تىلەپمەن رىيازەت① قىلىپ.

يەنە مۇجتەھىدلەر ئىرۇر چارسەد،
كى ئاندا بولۇپ ئىنتىقال جەسەد.

زىيارەت قىلىپمەن بۇلارنى تەمام،
مەدەد يەتكۈرۈر دەپ بۇ ئالى مەقام.

زىيارەت قىلىپ بەلكى كۆكتاشنى،
تۆكۈپ يالبارىپ دىدەدىن ياشنى.

زەۋايىر ئىشىدىن فەراغەت تاپىپ،
كى ئەرۋاھلاردىن ئىجازەت تاپىپ.

① قولىيازمىدا "زيارت" دەپ يېزىلىپ قالغان.

يەنە ھەم نەچە ئەھلى ھەق تۈربەتىن،
زىيارەت بىلە ئەيلەدىم ھۆرمەتىن.

باش ئالىپ كېتەرگە قىلىبان شۇجائ،
سەمەرقەند دىيارىغە قىلدىم ۋىدائ.

كى ھەسرەت بىلە يولغە كىردىم نېتەي،
بۇخارا دىيارىغە پاتراق يېتەي.

ئۇبۇر ئەيلەدىم نەچچە مەنزىل بىلە،
كېزىپ تەي قىلىپمەن مەراھىل بىلە.

بەناگاھ بۇخارا بولۇپدۇر ئەيان،
فەقىر ناتەۋانلار بولۇپ شادمان.

كى داخىل بولۇپ ياخشى سائەت بىلە،
چۇ ئاندا تۇرۇپمىز ئىبادەت بىلە.

تۇرۇسكە دىگەن قەلئە سارى يۈرۈپ،
يېتىپ مۇندا ھەم تۇرفە ئىشلار كۆرۈپ.

كى شەرھ ئەيلەسە سۆز ئۇزار ئېھتىمال،
قىزىل جارغە بارماقنى قىلدىم خىيال.



ئىرادە قىلىپ ئەزم رەفتارغە،
ئۇلاشتۇق يۈرۈبان قىزىل جارغە.

تەنەززۇل قىلىپمىز قىزىل جار ئارا،
تۈشۈپمىز تىنىپ جەمئى كۇففار ئارا.

تۇرۇپ نەچچە كۈن ئاندا مۆھلەت بىلە،
نە مۆھلەتكى، مېھنەت ـ مۇشەققەت بىلە.

كى سەير ئەتكەلى باشغە تۈشتى ھەۋا،
چىقىپ گەشت ئېتىپ نەچچە سەنئەت نەما.

ئەجايىپ، غەرايىپ، تەئەججۈبلارىن،
كۆرۈپمىز تەئەججۈپ بىلە ھەر بىرىن.

كى مۇندىن يەنە تەبرەدۈك يۈرگەلى،
سەفەر مېھنەتىدە قەدەم سۈرگەلى.

يۈرۈپ نەچچە مەنزىل قەدەم رەنج ئېتىپ،
رىيازەتدە جاننى ئەلەم سەنج ئېتىپ.

كى ھۇبى دىگەنگە بولۇپمىز يەقىن،
ۋە بەلكىم شەھەرگە بولۇپمىز قەرىن.

ئانى ھەم تەماشا قىلىپ نەچچە كۈن،
خۇرۇج ئەتكەلى بەلكى يۆتكەپ ئورۇن.

كى ئاندىن بولۇپمىز يەنە راھۋار،
قىلىپ ئىختىيارۇ ۋىدائۇ دىيار.

تۇشۇپ يولغە، ھەر دەم قىلىپ ئاھۇ ۋەي،
كى بىزگە كۆرۈندى بىناگاھ شەمەي.

كى داخىل بولۇپمىز چۇ ئاندا بارىپ،
تۇشۇپمىز سەراي ئىچرە يولدا ھارىپ.

مەلالەت بىلە ئاندا ھەم باردۇق،
ياتىپ نەچچە كۈن دەفئ ئولۇپ ھاردۇق.

شەمەينىڭ ئەجۇبەلەرىن ھەم كۆرۈپ،
شەھەرلەر ئارا ئانچە ئەئزەم كۆرۈپ.

كى مۇندا داغى ساھىب ئىھسان ئىرۇر،
مۇسەممە ئاڭا مىر قۇربان ئىرۇر.

بۇ قىلغان كەرەم ھىچ ئادەمدە يوق،
كى ئادەم ئارا بەلكى ھاتەمدە يوق،



تولا ھاجىلاردىن كېلىشۇ بارىش،
قىلۇر ئول بۇلارغە بەسى پەرۋەرىش.

ئۆزى داغى ئول پىر مۇيى سەفىد،
ئانىڭدىن تاپار بەھرە ھەر نائۇمىد.

قەدىم كىرگەن ئېركەن ئىلە ئىچرە ئول،
كى سەۋدا ئۇچۇن بەلكى تاپماققە يول.

گۆڭ ئەۋرەڭزىب ئەتمىش ئاڭا كۆپ نەزەر،
كى تۇجار ئېلىدا بىلىپ مۆئتەبەر.

بىھەمدۇللاھ بىزگە مۇرۇۋۋەت قىلىپ،
مۇرۇۋۋەت بىلە رەھم-شەفقەت قىلىپ.

كى بىزگە خەرىدارلىق ئەيلەدى،
مەدەد ئەيلەبان يارلىق ئەيلەدى.

خۇدا ئەجر بەرگەي ئەدەددىن فۇزۇن،
ئانىڭ ئۆمرىنى داغى قىلغاي ئۇزۇن.

كى فەرزەند ئولۇپدۇر، ئاتى مىرۋەفا،
ۋۇجۇدى ۋەفادۇر، ۋەفادۇر، ۋەفا.

مۇھەببەت بىلە يار ـ قەرداشىم ئول،
مۇرۇۋۋەت بىلە، بىل، قەرىنداشىم ئول.

جەبىندا ساتىئ دۇ نۇرى سەفا،
جەھەت بۇكى قويماقغە ئات مىرۇەفا.

ۋەفا دەھر ئېلىدىن فەرار ئەيلەدى،
بارىپ مىرۇەفادا قەرار ئەيلەدى.

بۇ ساھىب كەرەمدىن قىلىبان ۋىدائ،
يەنە گەشت قىلماقغە قىلدىم شۇجائ.

خۇرۇج ئەيلەدۆك داغى جۆرئەت بىلە،
كىرىپ يولغە ماڭماقغە غەيرەت بىلە.

قىلىپ مەشۋەرەت ئەيلەدۆك ئىتتىفاق،
گىرىفتار ئېتىپمىز بەجايى قازاق.

تۆشۆپ بىر بۆلەك فىرقە مۇلدۇز ئارا،
ئانىڭدەك قەمەر تۆشتى يۇلدۇز ئارا.

ئەدەددە قازاقلار ئېرۇر بىشۇمار،
تولا خەلق ئېتىپ سەنئ پەرۋەردىگار.



شەمەيدىن يۆرۆپ، ئىلەغە كەلگۆچە،
نە كۆندۆز تىنىپمىز يۆرۆپ نە كېچە.

يىراغلىقدىن ئانداغ يىراقدىن ـ يىراق،
زىھى ئۆن چېكىپ: "ئەلفىراق، ئەلفىراق".

مەساكىنلەرىدۇر قەبىلدىن ـ قەبىل،
قەبايىللەرىدۇر سەبىلدىن ـ سەبىل.

كى سەرگەشتەمىز چەرخى گەردۇن كەبى،
نە گەردۇن كەبى بەلكى مەجنۇن كەبى.

كېزىپ كېچە ـ كۆندۆز نەچە بادىيە،
كى ھاسىل ئەمەس بىزگە بىر زاۋىيە.

كېزىپ قەتئ قىلماقغە يول ئېھتىمال،
بۇ دەشتى دۇرۇر كىم قىيامەت مىسال.

چۇ كەزگەن يولۇمدىن يۆز ئانچە بەئىد،
مۇنى قەتئ ئېتەرگە ئۆزۆلدى ئۇمىد.

سىپارىش قىلىپ ئۆزنى ھەق زاتىغە،
كى ئىقرار ئېتىپ تىلنى ئاياتىغە.

بەناگاھ فەلەك كەلتۈرۈپ تاشلادى،
ختاي ئۈلكەسىگە مىنى باشلادى.

مۇقەررەر بولۇپ بىزگە تاربۇغىتاي،
نەمايان بولۇپ بىزگە ئاندا ختاي.

ختا ھاكىمى بىزدىن ئاگاھ ئولۇپ،
قىلىپ لۇتف بىزگە مەدەدخۋاھ ئولۇپ،

دىدى: "سەرگۈزەشتىڭنى ئەتكىل بەيان،
ھەمە ماھۇ ۋەل ۋاقىئەنى ئەيان".

تۇرۇپ ئەرز ئېتىپمەن نەچە ۋاقىئات،
بىلىپ ئەيلەدى بىزگە كۆپ ئىلتىفات.

كى جاڭجۇڭ قاتىغە خىيال ئەيلەدى،
ئىلە مۇلكىگە ئىنتىقال ئەيلەدى.

تۇرۇپ، نەچچە كۈندە كىلىپمىز يىتىپ،
كى جاڭجۇڭغە ھالىمنى تەقرىر ئېتىپ.

كى داد ئەيلەدىم ئەرزى ئەھۋالنى،
چۇ ئەۋۋارە بولغان غەرىب ھالنى.



مۇرۇۋۋەت بىلە ئەيلەدى ئىلتىفات،
قىلىپ غۇسسە بىرلە ئەلەمدىن نىجات.

كى ئەمر ئەيلەدى كاشقەر سارىغە،
يەنە نەسب ئېتىپ دەھر ئازارىغە.

قەدىمقى مەناسىبغە بولدۇم قەرىن،
ھۆكۈمەتدە ئىلكىمگە سالدىم نىگىن.

كىلىپ كاشقەرغە تۇرۇپ غەم بىلە،
يارانلار ئۇچۇن بەلكى ماتەم بىلە.

ئەجەب ۋاقىئە ئۇشبۇ كارى خۇدا،
بۇ رەڭ ئىش ئېرۇر ئىختىيارى خۇدا.

كى تەقدىرغە بەندەدە چارە يوق،
خۇدا ئەمرىگە ئەسلە ئىنكارە يوق.

خۇدادىن ئېرۇر بىزگە سەرگەشتەلىك،
قەزادىن ئېرۇر ھال بەرگەشتەلىك.

بۇ يەڭلىغ دىمىنىڭ كەلگەنىم تۇرفە ئىش،
گۇمانىم، بىگىم روھى قىلدى كۆشىش.

ھەمىشە ئۇلار ھەققىدە ئىلتىجا،
تەلەپ بىرلە دايىم قىلۇرمەن دۇئا.

بېگىملەرگە يەتتى چۇ ئەرزەندەلىك،
ماڭا چۇن يېتىپ ئۇسرۇ شەرمەندەلىك.

جەھاندا خىجالەتدە قالدىم نېتەي،
بۇ شەرمەندەلىك بىرلە ئاخىر كېتەي.

بىرادەرلەرىم يولغە بولدى رەۋان،
كېلۇر دىدەدىن ئەشك ئورنىدا قان.

## مىر زۇھۇرىددىن مەلامەت تەرىقىدە ئۆز نەفسىگە تەنبىھ ئەيتقانى

ئەلا ئەي زۇھۇرىددىن ئەتتىڭ گۇزەر،
بولۇپ دەھر ئارا غەم بىلە دەر-بەدەر.

سالىپ بۇ بەلاغە سېنى نەفس شۇم،
قىلىپ باشىڭە نەفس ھەۋايىڭ ھۇجۇم.

تەكەببۇر قىلىپ بولمە گەردۇن فەراز،
بۇ يەڭلىغ جەفالەر ساڭا داغى ئاز.



كى كۆرمەي دىسەڭ دەھر ئازارىنى،
چۇ ئاغرىتماغىل فەقر، بىمارىنى.

بەقاسىز جەھاننىڭ ئىشىن فەھم قىل،
فەقىر بىنەۋا ھالىغە رەھم قىل.

كى ئىنسافغە ئۆزنى قىلغىل رىزا،
كى مەخلۇقدىن كۆرمە ئەمر قەزا.

ئىشەنمە باشىڭ ئۆزرەكى تاجغە،
مۆرۆۋۋەت قىلىپ رەھم قىل ئاچغە.

باشىڭغە نەلەر كەلدى ئالەم ئارا،
ئۆزۈڭ فىئلىدىن دۇر بۇ يەڭلىغ جەزا.

كى بۇ ئەمردىن ئەيلەگىل تەجرىبە،
ھەۋەس يولىغە قىلماغىل دەبدەبە.

ھەمىشە خىيالىڭدا ئەدل ئەيلەگىل،
ئەتا بەزمىدە ئەلگە بەزل ئەيلەگىل.

غەرىش چىقماغىل ئەدل ئىنسافدىن،
كى پەرھىز قىل قەۋلى كەززافدىن.

تەۋانالىغىڭنى قىلىپ ئېتىبار،
بىرەۋ ناتەۋاندۇر، ئانى كۆرمە خار.

بىرەۋ ھالىغە قىلما بەغىز ھەسەد،
جەھاندا ئۆزىچە ئەمەس نېك-بەد.

بىرەۋگە يېتىشسە فەلەكدىن ئەتا،
ئەداۋەت بىلە رەشك قىلغان خەتا.

بىرەۋ ھەققىدە بولماغىل بەدگۇمان،
شەياتىن بىلە بولماغىل تەۋئامان.

يېغىشتۇر داغى ھەرز گۇفتارنى،
خەيال ئەيلە ئاخىردەكى نارنى.

ھەققەت سۆزىدۇر، ئانى كۇش قىل،
كى بىھۇدەدىن ئۆزنى خامۇش قىل.

كى ئىجلاس قىلمە شىكايەت بىلە،
زەبۇن ئەتمە ئۆزنى خىسارەت بىلە.

بىرەۋ كىم ساڭا قىلسە بەغىز ھەسەد،
سىپارىش قىل ئانى جەناب ئەھەد.



يامان دەپ كىشىنى يامان بىلمەگىل،
يامان دىسە كىم، سەن يامان ئەتمەغىل.

كى تەفۋىز قىل ئۆزنى پىر ئەمرىدە،
خۇمار ئەتمە ئۆزنى ھەۋا خەمرىدە.

جەھان ئەيشى قانچە مۇلەززەز ئېرۇر،
غۇرۇر ئىچرە دايىم مۇئەززەز ئېرۇر.

سەباتى ئانىڭ ئەسلە جاۋىد ئەمەس،
زەۋالى داغى غەير ناھىد ئەمەس.

ئەگەر مىھنەتى ئۇسرۇ جانسۇزراق،
نە جانسۇزكىم، تۇرفە دىلدۇزراق.

كى جاۋىد ئەمەستۇر، بەقاسىز ئېرۇر،
جەھان ئەيشى تەلخى ۋەفاسىز ئېرۇر.

ئۆتتۈپدۇر باشىڭدىن چۇ قىل ئازمۇد،
كى ئىنساف ئىلە ئۆزنى قىلغىل نەبۇد.

كى تەنبىھ ساڭا بۇ سەرانىڭ ئىشى،
ئەزەلدىن ئەبەدكە خۇدانىڭ ئىشى.

سىنى قىلدى ھەق لۇتفى ئىلە كامران،
ۋىلايەت ئىچىگە تەختى ھۆكمران.

دىماغىڭنى ئەستى ھەۋايى غۇرۇر،
كى غەفلەتدە سۇردۇڭ نەشاتى سۇرۇر.

ئەزىزان كاشغەرنى ياد ئەتمەدىڭ،
مەزاراتلار تەۋفىغە يەتمەدىڭ.

ھەقايىق پەناھ نەچچە قۇتبى ۋەلى،
چۇ كاشغەر نەۋاھىن قىلىپ مەنزىلى.

مۇئەييەنكى سۇلتان سۇتۇق مەنزەرى،
جەمئى مەشايىخ ئىرۇر سەرۋەرى.

مۇرادىن تاپار ئاندا ھەر زى نەفەس،
كى ئول ئەھلى ھاجەتكە فەريادرەس.

يەنە ھەزرەتى پاك مەخدۇم زاد،
كى سەيد شەھەنشاھى ئالى نىژاد.

كى ئالەمدە مەشھۇر ھەزرەت دىبان،
كۇنىيەتدە خاجە ھىدايەت دىبان.



بۇلار نەسلىدىن نەچچە ساھىب كەرام،
كى بىر رەۋزەدە ئەيلەمىشلەر مەقام.

يەنە قۇتبى ئالىم ھەبىبى ئەھەد،
ھەمە ھاجەت ئەھلىگە قىلمىش مەدەد.

يەنە غازى سەيد ئەلى ئارسلان،
زۇرىياتىدۇر ھەزرەتى بۇغراخان.

كى ئوسمان بۇغراخان ئول مۆھتەرەم،
مەقامى بولۇپ كەنت ئارا بەشكەرەم.

فەقىھى زەمان ئالەمى نۇرى ئەين،
شەرىف ئىسمىدۇر فەيزۇللاھ ھۆسەين.

ئەمىرى جەھان ھەزرەتى پادىشاھ
كى غازى ئىرۇر دىنى ئىسلام پەناھ.

يەنە ھەزرەتى شەيخ ھەبىبى ئەجەم،
كى قايىراغدا قىلمىش ۋۇجۇدىن ئەدەم.

ئوفالدا ياتىبدۇر ھەزرەت مەۋلەۋى،
كى موللام ئاتاپ ھەر زەئىفۇ قەۋى.

يەنە ھەم ئەزىزى ئىسىملار دىبان،
دىيارى ئۇفالدا بولۇپدۇر ئەيان.

يەنە جايى پاكى ئەزىزان دۇرۇر،
بۇلار مەنزىلى قۇم شەھىدان دۇرۇر.

كى سەيد جەلالىددىن ئالى نىژاد،
بۇلار جايى ئەسلى ئېرۇر باغداد.

سىكەندەر بېگىمدۇر ئاڭا مۆئتەقىد،
قىلىپ كوھنە بولغان بەقائىن جەدىد.

بۇلاردىن تىلەپ ئىستىئانەت مۇدام،
كى خەتمى كەلام ئەيلەبان سۇبھى-شام.

ئۇلار قاشىدا دەفمە بۇنياد ئېتىپ،
بۇزۇلغان بەقائىنى ئاباد ئېتىپ،

ھەمىشە ئەزىزلەردىن ئاگاھ ئىدى،
كى دەرۆيش يەڭلىغ ئەزىز شاھ ئىدى.

بۇ فانى جەھاندىن چۇ يۇمدى كۆزىن،
ئۇلار دامەنىدە ياشۇردى يۈزىن.



يەنە ھەم ئەزىزلەر تولا باردۇر،
مەقامات ئېلى مۇندا بىسياردۇر.

ئەگەر زىكر قىلسام بۇلارنى تەمام،
بۇلار مۇختەسەر سۆز تەۋىلۇلكەلام.

ئەيا غافىلى مىر ئىسيان زەمىر،
ئەزىزلەر ھەمىشە ساڭا دەستىگىر.

بۇ يەڭلىغ ئىسە قىلغىل ئاگاھلىق،
ساڭا ھەم ئۇلار قىلغاي ھەمراھلىق.

تەۋاف ئەتمەدىڭ قەدردانلىق بىلە،
كى ئەجز ئەتمەدىڭ ناتەۋانلىق بىلە.

بۇلار ھەر بىرىن مۇددەئا ئەيلەگىل،
زىيارەت بىلە كۆپ دۇئا ئەيلەگىل.

بەسى خاھىش ئەيلەپ خۇدايى ئەھەد،
كۆشىش بىرلە ئەرۋاھ قىلدى مەدەد.

بۇلار قەدرىنى ئەمدى بىلمەك كېرەك،
كى ئىخلاس ئىلە قىل ئۇلاردىن تىلەك.

كى شايەد مۇرادىغە يەتكۈرگەي ئول،
كى چىرماش ئىشىڭ ئوڭغە كەلتۈرگەي ئول.

ئەيا ساقىيا، جام تۇت بىشۇمار،
قىلاي كەيفىدە خاتىر ئىچرە ئەمار.

بەلا دەفئىگە بولسۇن ھىسن ھەسىن،
كۆڭۈل شاھى بولسۇن داغى مۇتمەئىن.

ئول ھاكىمى زەمان، ئەمىرى نافىزى فەرمان، مەخادىمى ئەزىزان، ئۇمىدۋارى ھەزرەتى رەھمان يەئنى زۇھورىددىن تاجى ھاكىمبەگ ۋىلايەت ئەزىزلەرىدىن سۇبھى - شام، بەلكى ئەلەددەۋام ئىستىمداد تەلەب قىلىپ، ئۇلار ئىئانەتى بىرلە ئۆز تەبئىلەرىدىن ئىختىرائ ئەيلەپ، خالىسەن لىللاھ مەنفەئەتى ئام ئۈچۈن تۇمەن دەرياسىدىن ئەنھارى جارى قىلىپ، بەياباننى زىرا ئەتگاھ ئەيلەپ، ئەرەمباغ بىنا قىلماق...

چىكىپ خامەئى سەفھە مىئمارىغە،
رەقەم سۈردى چۈن تەرھى دىۋارىغە.

چۇ كاشغەر زەمىن ئېردى جەننەت نىشان،
كى مەئمۇر ئىدى بەلكى نىئمەت فىشان.



كى مەشھۇر ئىدى ياخشى ئاتى بىلە،
ئاتاپ ھەر بەلەد ۋە سىفاتى بىلە.

چىراكىم ئەزىزلەر مەقامى دۇرۇر،
ھەمە شەھرلەرنىڭ كەرامى دۇرۇر.

تۇرۇپ خانۇ خاقان نەچە نىكبەخت،
بۇ مەنزىلنى قىلمىش ئۇلار پايتەخت[1].

**... ۋاقىئاتى ئەجىب ۋە ھىكاياتى غەرىبلەرنى نەزم سىلكىگە كىرگۈزمەك**

سىكەندەر مەئابۇ فەرىدۇن ھەسەب،
خىرەدمەند دانايى ئالى نەسەب.

ئىناياتى ھەقدىن تاپىپ شاھلىق،
قىلىپ چۈن ۋەلايەتدە ئاگاھلىق.

رەئاياغە قىلمىش مۇرۇۋۋەت بەسى،
بەراياغە ئەيلەپ فۇتۇۋۋەت بەسى.

قىلىپ مۈلك سەئيىنى دارۇلئەمان،
ئانىڭ سەئيىدىن بولدى ياخشى، يامان.

---

[1] قولىيازمىدا مۇشۇ مىسرادىن كېيىن بىر (؟) ۋاراق كەم.

شەرىئەت ئۇمۇرىغە بەردى رەۋاج،
قىلىپ ئەھلى بىدئەتكە ئالەمنى داج.

فەقىر ئەھلىگە لۇتف ئىلە مېھرىبان،
ئەزىز قەدرلەرگە تەخى قەدردان.

ۋەلايەت بولۇپ ئېردى پەژمۇردەئى،
ئەدۇ خەيلى زەربىدىن ئەفسۇردەئى.

ئانىڭ رايى بىرلە تۈزەلدى جەھان،
كى ئاباد بولدى بۇزۇلغان مەكان.

پەراكەندەلەرنى قىلىپ مۇجتەمىئ،
كى ئۆز جايىدا ئەيلەدى مۇرتەفىئ.

ھەۋادىس يۈزىگە نىقاب ئەيلەدى،
چۇ سەددى سىكەندەر ھىجاب ئەيلەدى.

بەيابانىنى ئاباد ئېتىپ ھىكمەتى،
قىلىپ جارى ئەنھارلار فىكرەتى.

قىلىپ راغىنى باغ ئىلە بوستان،
كى جارى قىلىپ ئاندا ئابى رەۋان.



ئەدالەت تەرىقىن شىئار ئەيلەدى،
كى ئۇقبا ئىشىن ئىختىيار ئەيلەدى.

بۇ شەھ [نىڭ] ھەمىدە خىسالىن ئەگەر،
كى ئىقبالى بىرلە كەمالىن ئەگەر،

مۇفەسسەل بەيان ئەتسە بولماس تەمام،
بولۇر سەفھە ئىچرە تەۋىلۇلكەلام.

قىلىپ مۇختەسەر سۆزنى مۇجمەل قىلىپ،
قويۇپ ئاخىرىغە مۇئەتتەل قىلىپ.

ھەمانا بۇدۇر سۆز بەيان ئەيلەيىن،
كى شەھنىڭ ئۇمۇرىن ئەيان ئەيلەيىن.

زەمانىكى ئول شەھغە كەچمىش خەيال،
قىلۇر نەزم ئەلفازى دەفئى مەلال.

چۇ ئۇششاقلارنىڭ ھىكاياتىنى،
كى باشىدىن ئۆتكەن رىۋاياتىنى.

قىلىپ جەمئى نەزم ئەيلەسە خوبدۇر،
كەلامى تەبىئەتكە مەرغۇبدۇر.

بۇ فىكرەتدە ئەيلەپ چىنان يارلىغ،
خىرەدمەند داناغە دىلدارلىغ.

مۇسائىد زەمان ئېردى ماھى شەرىف،
چۇ مەھكۇم ئولۇپ زار ئەبدۇلزەئىف.

قىلىپ شۇغل لۇتفى خۇدايى بىلە،
ياتىپ نەچچە كۈنلەر زىيائى بىلە.

تېرىپ نەسر دەرياسىدىن جەۋھەرى،
تىزىپ رىشتەغە ئەيلەگىز گەۋھەرى.

ئۇلۇغ كارىغە قىلدىلار يارلىغ،
ئانىڭ ھەملىدىن يەتتى بىمارلىغ.

بولۇپ بىزگە چۇن ھۆكمى ئىسكەندەرى،
ئاراغە ئالىپ بىزنى غەم لەشكەرى.

چىراكىم كۆڭۈل مۈلكى ئانچە خەراب،
خىرەد يۈزىدە يوقتۇرۇر نۇر تاب.

تاپالماي ھەمانا ئىلاجىغە يول،
كى جانۇ كۆڭۈل بىرلە قىلدۇق قەبۇل.



تەۋەججۇھ بىلە يالبارىپ پىرغە،
كىم ئول جامىي ۋە مىر ئەلىشىرغە.

كۆڭۈل مۇددەئاسىنى راز ئەيلەبان،
كى قۇللۇغدا ئەرزۇ نىياز ئەيلەبان.

تەۋەككۇل بىلە يولغە قويدۇق قەدەم،
سۇرۇپ تېز ئانداغ سەمەندى قەلەم.

قەبۇل ئەتتى بولغاي دۇئا، زارىمىز،
نېتاڭ بولسا بۇ ئىش ئارا يارىمىز.

خۇدا ئىسمى بىرلە شۇرۇئ ئەيلەدىم،
نەچە ئەمرلەرنى ۋۇقۇئ ئەيلەدىم.

چۇ ئۇششاقلاردىن فەسانە دەبان،
رىۋاياتنى ئاشىقانە دەبان.

ماڭا ئەمر ئېتىپ شاھ ئالى مەقام:
"ساڭا سۆز بۇدۇر، ئەيلەگىل ئىھتىمام،

زەمان ئەھلىدۇر گۇفتگۇ ئۆزگەچە،
جەھان خەيلى رەفتارىدۇر ئۆزگەچە.

قىلىپ سۆزنى لايىق خەرىدارغە،
جەۋاھىر ساچىپ ئەھلى بازارغە.

قىلىپ ئىشىق ھەرفىنى رەۋشەن بەيان،
ئوقۇپ ئاڭلاغاي بارچە ئەھلى جەھان.

كى پېچىدە قىلماي، قىلىپ سادە سۆز،
تەكەللۇف ئۇمۇرىدىن ئازادە سۆز".

بۇ ئەمرىن ئىشىتتىم دىلۇ جان بىلە،
قىلىپ سۆزنى مەن ھۆكمى قۇرئان بىلە.

سۇرۇپ سۇزنى ئاسان ھەمە بىلگۇدەك،
كى مەزمۇنلارىن ئەيلەدىم كۇلگۇدەك.

بۇ ھەنگام ئارا سۆز مۇزەييەن بولۇپ،
كى تارىخى ھىجرەت مۇئەييەن بولۇپ.

ۋەرەقىغە كىتاپ ئىشى بولدى سەبت،
ھەزار دۇسەد باز پەنجاھۇ ھەفت.

كىشى كىم جەھاندا ئېرۇر دەردمەند،
كى بۇ نەزمنى كۆرسە قىلغاي پسەند.



قايۇ ناخىرەد بولسە مۇنكىر ئاڭا،
كى رەشك ئەيلەبان بەرسە تەغيىر ئاڭا؛

ئەمەس ئادەمى ساندا ئول كىشى،
بەشەر ئىچرە ھەيۋان سۇفەتدۇر ئىشى.

ئىلاھا، نىزارىغە قىلغىل كەرەم،
مۇھەببەت مەيىدىن بېرىپ دەم-بەدەم.

كۆڭۇل ئارەزىن ئەيلە بەدرى مۇنىر،
نەۋا يەتكۇرۇپ بىزگە بول دەستگىر.

مەبى ئىستىئانەت ئەتا ئەيلەگىل،
تەرەھھۇم قىلىپ مەرھەبا ئەيلەگىل.

لىسانىمنى مەدھىڭ ئارا قايىل ئەت،
كۆڭۇلنى كى فىكرىڭ ئارا مايىل ئەت.

ئەيا ساھىبى نەزم گۇيى سۇخەن،
مۇشەۋۋەش خىيالات، ئەفسۇردە تەن،

سۆزۇڭنى تولا قىلماغايسەن دەراز،
قىلىپ مۇختەسەر ئەمدى قىل سۆزنى ئاز.

چۇ مەئمۇر ئىدىم، مۇنچە سۆز ئەيلەدىم،
بىگىم لەفزىنى تىلغە ئۆز ئەيلەدىم.

چۇ ئەمر ئەيلەگەچ دىمەكىم فەرز ئولۇپ،
دىگەن سۆزلەرىم تۆھفەتۇلئەرر ئولۇپ.

كى مەئمۇر ئولۇپمەن، قىلىپمەن زەرۇر،
كى باشدىن ئاياغ بارچە ئەيبۇ قۇسۇر.

كى ئەفۋ ئەيلەگىز ئەيىبنى مۇستەمەند،
چۇ يار ئەيلەگىز ئاڭلاغان مۇجتەمەند.

ئەيا ساقىيا، مىرى رەۋشەن زەمىر،
ئەۋايى لەقەب، نام مىر ئەلىشىر،

كەمىنە غۇلامىڭ، مەنى بىنەۋا،
تىلەپمىز نەۋا، بىزگە يەتكۈر نەۋا.

تەۋەججۇھ قىلىپمىز گەدالىق بىلە،
كەرەم ئەيلەمەي پادىشاھلىق بىلە.

قۇرۇق ساغەرىم بولسۇنۇ راھلىق،
قىلاي كەيفىدە ساڭا مەدداھلىق.



ئول ئىشقىنىڭ دەمسازى، دەرد ئەھلىنىڭ ھەمرازى ۋە مەئرىفەت فەلەكىنىڭ شەھبازى، يەئنى شەيخ سەئدى شىرازى قۇددۇس سىررەھ بىدايەت ھالىدا كەئبە ئەزىمەتىن قىلدى ۋە قافىلەگە قوشۇلۇپ بارۇر ئېردى، شەخسىنىڭ فەرزەندى كارۋان ئىچىدە بارۇر بولدى. فەرياد-نالە ئېتەر ئېردى. شول ھالدا ھەزرەت شەيخ فال تۇتتىلەركى، ئەگەر بۇ ئادەم بۇ جۇستۇجۇ بىلە بالاسىنى تاپسە، مەنھەم بۇ مەقسەد بادىيەسىدىن ۋىسال دەۋلەتىگە ئۇلانغايمەن. ئول شەخس① فەرزەندىنى تاپىپ ۋىسال دەۋلەتىگە ئۇلاندى. شەيخ قەددەسە-سىررەھۇنىڭ سەددەقەسى راست بولۇپ، كەئبە ۋىسال تاپتى. ۋە ھىندۇستان پادىشاھى قىزى نەۋ رەسىدە مۇھەببەت تەلقىنىدىن بەيت ئوقۇغاندا ئاتاسى ئىشتىپ، غەزەب قىلىپ، ئۆلتۈرۈشدە بەيت ئوقۇپ ناتەمام قالغاندا، پادشاھ پۇشەيمان ئەيلەپ، قىزىنى مۇرادىنى تەلەپ قىلىپ، ئۇلۇمالار ئارا تەڭلىك يەتكەندە، ھەزرەتى شەيخ كەرامات ئىزھار ئەيلەگەنى

ھەقايىق پەناھ، مەئرىفەت دەستگاھ،
دەقايىق دىسارۇ مەئارىف پەناھ.

سەئادەت سىپىھرىدە بەدرى مۇنىر،
دىيانەت ئېلى ئىچرە رەۋشەن زەمىر.

① قولىيازمىدا "شەيخ" دەپ يېزىلىپ قالغان.

كىم ئول شەيخ سەئدى مۇھەببەت شىئار،
تەرىقەت مەئابى ھەقىقەت شۇمار.

كى ئىشق ئەھلىنىڭ يارى، ھەمرازىدۇر،
مۇسەممىا ئاڭا سەئدى شىرازىدۇر.

ھىدايەت زەمانىدا ئول زاتى پاك
كىرىپ كەئبە يولىغە ئەندۇھناك،

ھەرەمگە رىيازەتدە قويدى① قەدەم،
كى رازى بولۇپ ھەرنە يەتسە ئەلەم.

كىرىپ يولغە ئولدەم قەۋافىل بىلە،
كى ئەزم ئەيلەدى ئول قەبايىل بىلە.

مەراھىل-مەنازىلنى چۈن قىلدى تەي،
كى تەكىرار ئېيتىپ ھەر نەفەس زىكر ھەي.

يۈرۈر ئېردى يولدا تەھەييۇر بىلە،
ئانىڭ يادىدا كۆپ تەفەككۇر بىلە.

تاپارمەنمىكىن دەپ ھەقىقى جەمال،
بولۇرمۇ ئىكىن بىزگە جامى ۋىسال.

① قولىيازمىدا "قويدۇم" دەپ يېزىلىپ قالغان.



ئۇشۇل ھەيندا شەخسى قىلىپ نالەئى،
قىلىپ يۈزنى پەرگالە-پەرگالەئى:

"بىلىڭ ئەيىۇھەنناس يىتتى بالام،
ئانى بەرسە ئورنىغە بەرگۈم غۇلام".

تەجەسسۇس بىلە بىر زەمان تىنمايىن①،
ئۇرۇپ پويە بىر يەردە ئولتۇرمايىن.

تۇرۇپ شەيخ ئاندا خەيال ئەيلەدى،
بۇ شەخسى ئىشىن ئۆزگە فال ئەيلەدى.

بۇ ئادەم بالاسىنى تاپسا ئەگەر،
خۇدانى تاپىشغە بولۇر خۇشخەبەر.

تەۋەججۇھ بىلە ئارقاسىدىن يۈرۈپ،
كۆزىدىن يوق ئەتمەي ئاڭا تەلمۈرۈپ.

يۈرۈپ ئېردى ئۈچ كۈن، تاپىلدى بالا،
ئاتاغە بالا تەگرى قىلدى ئەتا.

① قولىيازمىدا "يەتمەيىن" دەپ يېزىلىپ قالغان.

كى بۇ مۇژدەنى تاپتىلار شەيخ سەئد،
تەلەبدە چۈنان قىلدىلار جەددۇ-جەھد.

ھەرەمگە يېتىپ-يەتمەيىن زەۋق ئىلە،
بەجا كەلتۈرۈپ ھەجنى چۈن شەۋق ئىلە.

ھەرەم تۇپراغىنى قىلىپ تۇتىيا،
قىلىپ جانۇ دىل، كۆزنى رەۋشەنا.

رىيازەت قىلىپ رەۋزەگە كەلدى ئول،
يىراقدىن كۆرۈپ ئاستانى رەسۇل.

يۇگۇردىكى غەلتان ئولۇپ باش ئىلە،
تۆمەن زار ئىلە، كۆزدەكى ياش ئىلە.

كېلىپ ئۆزنى ئۇردى ئاستانەگە،
كى ھۆرمەت قىلىپ بۇ شەرىف خانەگە.

رەسۇلى خۇداغە قىلىپ① ئىلتىجا،
دۇرۇدۇ سەلام بىرلە ئەيلەپ دۇئا.

بۇ ئاندا نەچە كۈن قىلىپ ئىئتىكاف،
مۇناجات ئەيلەپ، قىلىپ دىلنى ساف.

---

① قولىيازمىدا "كېلىپ" دەپ يېزىلىپ قالغان.



ئىجازەت تىلەپ بولدى يولغە رەۋان،
يۈرۈپ جانىبى مۈلكى ھىندۇستان.

چىقىپ دەشتىدىن، كەلدى ئەبھارغە،
قوشۇلدى كېلىپ نەچچە تۇججارغە.

سەفىنەگە ئولتۇردى چۈن كارۋان،
ئانىڭ بىرلە دەريادا بولدى رەۋان.

نەچە كۈن سۈرۈپ كېمەنى ناخۇدا،
كى پات چىقمايىن تۆئمە بولدى ئەدا.

يىدى شەيخ رۇزانەسىنىڭ غەمىن،
زەمانى دىلى بولمادى مۇتمەئىن.

ئېسىپ سائىقە چىقتى بادى خىلاف،
تەلاتۇم قىلىپ كېمەنى ئىنھىراف.

بولۇپ غەرق كىشتى، فۇرۇ كەتتى ئەل،
كى تەقدىر ئىلە ئەستى بادى ئەجەل.

قالىپ شەيخ بىر نەتىئدە سۇ ئارا،
كۆزىگە جەھان بولدى ئاقۇ قارا.

قىلىپ تەۋبەلەر قەۋلى گۇفتارغە،
بۇ دەريادا يالباردى جەببارغە.

ئاقىپ تەختەدە نەچچە كۈن پاك زات،
خۇدا لۇتفى ئېتىپ بەردى ئاخىر نەجات.

كۆرۈندى كۆزىگە يىراقدىن كى تاغ،
كى تەختە ئاقىپ كەلدى جايى قىراغ.

چۇ دەريا كەنارىغە ئالدى ئۆزىن،
كى ئول تاغ سارىغە تىكىبان كۆزىن.

تۇرۇپ ئېردى، تاغدىن تۈشۈپ نەچچە تەن،
كېلىپ كۆردى، ئەيدى: "نىچۈك جان سەن؟"

ئۇلارغا دىدى: "مەنكى تۇججار ئىدىم،
بۇ ئالەم ئارا مەرد سەييار ئىدىم.

كىرىپ كېمەگە غەرق بولدى ھەمە،
ئۆزۈمدىن بۆلەك قالمادى ھېچنىمە.

كى بىر تەختە بىرلە ئاقىپ نەچچە كۈن،
كى ئارام بولماي نە كۈندۈز نە تۈن.



مېنى كەلتۈرۈپدۇر قەزا ۋۇ قەدەر،
دەگىنىز، ئەي يەرانلار يەقىنمۇ شەھەر؟

سەفىنە قاچان كەلسە، كەتكۈمدۇرۇر،
ئۇلار بىرلە جايىمغە يەتكۈمدۇرۇر."

بۇلار ئەيدى: "تاغنىڭ باشىدا شەھەر،
كى قەلئە، ئىمارەت بارىسى ھەجەر.

سەفىنە كېلۇر ئىككى ئايدىن كېيىن،
تەۋەققۇف بىلە مۇندا بولغىل سەكىن."

بۇلار بىرلە چىقتى چۇ ئول كۇھغە،
كۆرۈپ خەلقىنى، تۇردى ئەندۇھغە.

چەراكىم بۇلار بارچەسى بۇتتەراش،
ياغاچدىن سەنەم قىلغۇچى قارى-ياش.

خەلايىق شەھەردە ئەدەددىن فۇزۇن،
بۇ كەگرۇ شەھەر ئىچرە تاپمىش ئورۇن.

شەھەر خەلقىنىڭ ئەسلى بازارى يوق،
كى بۇت ئەيلەمەكدىن بۆلەك كارى يوق.

بىرەۋنى تۇتۇپ شەيخ قىلدى سۇئال:
”كۆرۈپمەن بۇ شەھەر ئىچرە كىم تۇرفە ھال.

نە دۇر ۋاقىئە ماڭا رەۋشەن قىلىڭ،
كى ئەسرارىنى سىز مۇبەرھەن قىلىڭ.“

دىدى ئول كىشى: ”ئەي مۇسافىر يىگىت،
ساڭا فاش ئېتەي ئەمدى مۇندىن ئىشىت.

شەھەر ئەھلىدە يوق زىرائۇ ئېكىن،
مەئاۋىز قىلۇر بۇتغە ئاشۇ ئىگىن.

قىلىپ تۇدە ئەيلەر سەنەم ھەر كىشى،
ئۆنەر بۇتتەراشلىقدا يازۇ قىشى.

كېلۇر ھەر يىلى يىل باشىدا كىمە،
مۇھەييا شەھەر ئەھلىگە ھەرنىمە.

كى دەر يا باشىغە تۇشەر بارچە خەيل،
كى قىلماق ئۈچۈن ئاشىغە بۇتنى تۇفەيل.

ھەمە بۇتلارىنى ئالىپ كارۋان،
ئانىڭ سەئيىگە بەرگۇسى ئاشۇ نان.



كېتەر كىمە ئول دەم سۇ ئىچرە ئاقىپ،
بولۇپ شاد-خۇررەم قالۇرمىز باقىپ.

كىمە كەلگۇچە مۇندا تۇرماق كېرەك،
كى بىزلەر ئارامىزدا بولماق كېرەك.“

چۇ باشلاپ چىقىپ ئانى تاغ باشىغە،
ئانى كەلتۇرۇپ شەھر ئىلى قاشىغە.

ۋىلايەت ھەمە كافىرۇ بۇت پەرەست،
بۇلار كۇفر تۇغيان مەيى بىرلە مەست.

بۇلارنىڭ ھىسابى ئەدەددىن فۇزۇن،
شەھەر ۋۇسئەتى ئېردى ھەددىن فۇزۇن.

شەھەر ئەھلىنىڭ بارچەسى بۇتتەراش،
يۇنار بۇتنى ئاندا نە پىرۇ نە ياش.

كۆرۈپ شەيخ سەئدى بۇلار ھالىنى،
بۇ بىگانەلەر فىئل-ئەفئالىنى.

بۇلار مەسكەنىدە تۇرۇپ ئىككى ئاي،
ئىبادەت قىلىپ ئەزبەرايى خۇداي.

نىھان تۇتتى ئايىنى ئىسلامنى،
كىچە قىلدى تەڭرىگە ئىھرامنى.

قىلىپدۇر بۇلار ھەر كۈنى زەمزەمە،
دىدىلەر: "بۇ كۈن بىزگە كەلدى كىمە."

تۈشۈپ تاغ باشىدىن ھەمە كافىران،
توشۇپ بۇتلارىن ھەمە خوردى كەلان.

سەفىنە ۋىساقىدا تۇتتى قەرار،
چىقاردى تەنەئئۇم ھەزاران-ھەزار.

مەئاۋىز قىلىپ بۇتغە ئاشۇ مەتائ،
سەنەم بەيئى بىرلە تاپىپ ئىنتفائ.

تۈگەپ نەچچە كۈندە بۇ سەۋدا ئىشى،
يەقىن بولدى ئول كىمەنىڭ يانىشى.

تەئەججۈپ قىلىپ شەيخ بۇ كارغە،
تەھەييۇر قىلىپ ئۇشبۇ ئەسرارغە.

تۈشۈپ كىمەگە ئول كۈنى شەيخ سەئىد،
قۇتۇلماقغە ئەلدىن قىلىپ جىددۇ جەھد.



قالىپ بۇت پەرەستلەرغە بارچە نىمە،
سەنەملەرگە تولدى شەھەردەك كىمە.

تەمام ئەتتى سەۋداسىنى كارۋان،
ۋىدائ ئەيلەبان سۇدا بولدى رەۋان.

نىھان بولدى كۆزدىن چۇ ئەھلى سەنەم،
قارا كەتتى كۆزدىن، جەھان بولدى يەم.

كىلىپ كىمە بىر يەردە تۇتتى قەرار،
قىلىبان خەلايىق سەماغە فىرار.

چىقاردى ھەمە كارۋان بالۇ پەر،
ھەۋاغە ئۇچۇپ كەتتى بارچە بەدەر.

بىرەۋنى تۇتۇپ شەيخ كۆپ يىغلادى،
كى قىلمىشلارىغە پۇشەيمان يىدى.

دىدى: "ئەي بۇرادەر نىچۈك ھالدۇر،
ۋۇقۇئ ئەيلەگەن تۈرفە ئەشغالدۇر."

دىدى ئول كىشى تۈرفە ئەسرارنى:
"خەتا ئەيلەدىڭ قەۋل-گۇفتارنى.

ئۇشۇل ۋەقت رۇزە غەمنى يېدىلىك،
تەرەددۇددا قايداغ قىلۇرمەن دىدىلىك.

تەۋەككۇلغە نۇقسان يېتىپ قەۋلىدىن،
كى فىكر ئەتمەدىلىك ئاخىرى ھەۋلىدىن.

خۇداۋەند بۇ سۆزگە قىلدى غەزەب،
كى دەريا ئارا تۇشتى شورۇ شەئەب.

ساڭا يەتكۇرۇپ ئۇشبۇ كۇففارنى،
كى مەئلۇم ئېتىپ ساڭا ئەسرارنى.

كۆرۈپسەنكى ئول كىبرلەرنى تەمام،
بۇ بىگانەلەرگە ئېرۇر لۇتف ئام.

چىقار ھەر يىلى ئۇشبۇ يەردىن كىمە،
مۇھەييا ئېرۇر ئاندا بارچە نىمە.

مەلەك خەيلىغە ئەمر قىلغاي خۇدا،
سەفىنەنى بىزگە قىلىپ ناخۇدا.

مەلەك شەكلىنى ئاندا ئىنسان قىلىپ،
ئىبەرگەيكى بۇ ئىشغە فەرمان قىلىپ.



بەجا كەلتۇرۇپ تەڭرى فەرمانىنى،
ئاڭا يەتكۇزۇپ ئاش ئىلە نانىنى.

سەفىنە بۇ يەرگە كېلىپ توختامىش،
مەلائىك سەما سارىغە ئۇغرامىش.

سەفىنە چۆكۇپ بولغۇسى ناپەدىد،
كى بۇ كېمەلەردىن ئۇزۇلگەي ئۇمىد.

يەنە بىر يىلى كەلگۇسىدۇر مەلەك،
بۇ كەلگەن مەلەك بارچەمىزدىن بۆلەك.

چۇ رەززاق رىزقىنى قىلمىش ئەتا،
تاپار زىندەلىك مۇندا ئەھلى خەتا.

كى رەھمان سىفاتى قىلۇر پەرۋەرىش،
ئاڭا ئۆلگۇچە توختامايدۇر بېرىش.

چۇ سەن ئەيلەدىلىك ئانچە فاسىد خەيال،
خۇدا قۇدرەتىدىن كۆرۇندى بۇ ھال.

قىلىپ تەۋبە ئەمدى تەۋەككۇل قىلىپ،
بەلاسىغە ئانىڭ تەھەممۇل قىلىپ.

قىلىڭ بادىيە قەتئىنى شەۋق ئىلە،
چۇ ياد ئەيلەڭىز ھەر نەفەس زەۋق ئىلە.

بۇلار جۈملەسىدىن بولۇرمەن مەلەك،
سىنى ئەمدى يەمدىن چىقارماق كېرەك."

تۇتۇپ شەيخنى چۈنكى پەرۋاز ئېتىپ،
كى يەمدىن چىقارماقنى ئاغاز ئېتىپ.

چىقىپ كۆز يۇمۇپ ئاچقۇچە خاكغە،
قويۇپ شەيخنى ئۇچتى ئەفلاكغە.

كېمە بولدى دەريا ئارا نا پەدىد،
قىلىپ تەجرىبە، بولدى سىدقى مەزىد.

كىرىپ يولغە ئۇلدەم تەۋەككۈل بىلە،
خۇدا يادىدا كۆپ تەخەييۇل بىلە.

قىلىپ دەشت ۋادى، مەراھىلنى تەي،
يۈرۈپ نەچچە كۈن راغ ئارا نىك پەي.

مەنازىل كېزىپ بولدى يولغە رەۋان،
نىشان بەردى چۈن مۈلكى ھىندۇستان.



كېلىپ ياخشى سائەتدە داخىل بولۇپ،
كىرىپ شەھەر ئەھلىگە ۋاسىل بولۇپ.

تاپىپ جايى مەسجىدنى قىلدى مەكان،
سەفەر مېھنەتىدىن تاپىپ چۈن ئەمان.

ئىبادەت قىلىپ تۈردى مەئبۇدغە،
كېچەلەر قىلىپ سەجدە مەسجۇدغە.

كى ئىنئام قىل ساقىيا جام مەي،
كى ئۇششاقلاردەك بولاي نىك پەي.

ئانىڭ كەيفىدە جان بېرەي شەۋق ئىلە،
بولاي ۋەسل چۈن ئاندا مەئشۇق ئىلە.

**ھىندۇستان پادىشاھىنىڭ پەردەئى ئىسمەتدەكى نەۋ رەسىدە قىزى ئىشق مۇبتەلاسى ئولۇپ، ئۆز ھالىغە مۇناسىب بەيت ئوقۇغاندا پادىشاھ ئىشىتىپ، بەيتنىڭ ۋەجھىنى سورغاندا، قىزى ئۇياتدىن مۈنكىر بولغانى ۋە بەيتنىڭ ئىككىنچى مىسرائىنى تەھۋىل قىلىپ ئوقۇغاندا ئاتاسى دەرغەزەب بولۇپ، ئانى ئۆلۈمگە ھۆكم قىلغانى**

چۇ ھىندۇ ئارا بار ئىدى پادىشاھ،
كى ئۆز ۋەقتىدە ئول بىيىك بارگاھ.

ئاڭا بار ئىدى ئانچە خەيلى ھەشەم،
ئىدى شەئنى شەۋكەتدە ئانداغكى جەم①.

چۇ ئەۋرەڭگى شەھلىغدا قايىم بولۇپ،
ھۆكۈمەتدە ئەلگە مۇلايىم بولۇپ.

سۈرۈپ دەھرىدە نەچچە يىل شاھلىق،
بولۇپ ھۆكمران قىلدى ئاگاھلىق.

بىرىپ ھەق ئاڭا ماھدەك دۇختەرى،
بۇ يەڭلىغ ئەمەس بەھرىنىڭ گەۋھەرى.

يىتىپ يەتتەگە سالى ئول ماھنىڭ،
بولۇپ ساھىبە دەرد ئىلە ئاھنىڭ.

ئوقۇپ ئىشق ھەرفىنى تەكرار ئىتىپ،
كۆڭۈلنى مۇھەببەت بىلە نار ئىتىپ.

يەپ ئىردى بىرەۋ قاشىدىن تىرى ئىشق،
قىلىپ ئىردى ئول كۈندە تەئسىرى ئىشق.

نىھان ئىردى كۆڭلىدە ئەسرارى ئىشق،
كى شۆئلە ئۇرۇپ ئاغزىدىن نارى ئىشق.

① بۇ يەردىكى "جەم" جەمشىدنى كۆرسىتىدۇ.



چۇ مايىل بولۇپ تەبئى ئەشئارغە،
تىزار ئىردى سۆز جەۋھەرىن تارغە.

مۇنىڭ ھالىدىن شەھ ئىدى بىخەبەر،
نىھان ئاھ ئۇرار ئىردى ئول سىيمبەر.

ئۆتۈپ نەچچە ۋەقت بولدى فەسلى بەھار،
چەمەن سەبز ئولۇپ، بولدى چۈن لالەزار.

شۇكۇفە شەجەر باشىدا ئاچىلىپ،
كى ئىشق ئەھلىنىڭ كۆڭلىدەك ساچىلىپ،

چۇ بۇلبۇل چىكىپ ئاشقانە نەۋا،
گۇل ئىشقىدا گۇلشەندە ئەيلەپ ھەۋا.

بەناگاھ پەرى چىقتى قەيتۇر ئۆزە،
سەياھەت قىلىپ قەسرى مەشھۇر ئۆزە.

نەزەرنى سالىپ باغ، ئەشجارغە،
كى سەبزە، زىلالۇ چەمەنزارغە.

قىلىپ ئىشق تۇغيان، چىكىپ ئوتلۇغ ئاھ،
ئوقۇپ بەيىتنى دىلبەرى نىك خاھ.

دىبان ئىشق ھەرپىدە ئەشئارلار،
قىلۇر ئېردى ھەر لەھزە تەكرارلار.

ئوقۇپ بىر قەسىدە چۇ باغقە قاراپ،
ئېشىتتى بۇ سۆزنى ئاتاسى ماراپ:

"چەھار چىزكى دىل مىبەرەد بەۋەقتى بەھار،
شەرابى سەبزەئى ئابى رەۋان رويى نىگار①."

چۇ فەھم ئەيلەدى قىزدەكى ھالنى،
ئانى كەلتۈرۈپ سوردى ئەھۋالنى.

ئۇياتدىن سالىپ باشىنى يەرگە ئول،
ھەيا ئەيلەبان ئانچە بولدى مەلۇل.

ئاتاسى دىدى: "ئەي قىزىم مەرھەبا،
ئوقۇپ رۇقئەنى ئاندا چەكتىڭ نەۋا.

ئەجەب دىلفەزا بەيت ئەشئارنى،
كى مەزمۇنىدا ياد ئېتىپ يارنى.

① "باھار ۋاقتىدا كۆڭۈل تۆت نەرسىنى خالاپ قالىدۇ، ئۇ مەي،
كۆكلەمزار، ئېقىن سۇ، يار جامالى."



چۇ تەئسىر قىلدى ماڭا ئول كەلام،
كى ئالدىمدا ئول سۆزنى قىلغىل تەمام."

باشىن يەرگە سالدى خىجالەت بىلە،
بولۇپ مۇنكىر ئول ھەم جەھالەت بىلە.

كى تەفتىش ئېتىپ شاھ قىلدى غەزەب:
"نېدىن مۇنكىر ئولدۇڭ ئەيا بىئەدەب.

چۇ مەن ئاڭلادىم ئەمدى ئىقرار بول،
كى ئىقرار بول، تەرك ئىنكار بول."

ئاتا ۋەھمىدىن ئەيلەدى ئىزتىراب،
كى تەھۋىل ئېتىپ ئاندا بەردى جەۋاب:

"چەھار چىزكى دىل مىبەرەد بە ۋەقتى بەھار،
نەماز، رۇزەۋۇ تەسبىھ دەۋام ئىستىغفار."①

دىدى شاھ: "مەن ئاڭلاغان بۇ ئەمەس،
جەنابىمدا سۆز كىمسە يالغان ئەمەس".

① "باھار ۋاقتىدا كۆڭۈل تۆت نەرسىنى خالاپ قالىدۇ، ئۇ ناماز، رۇزا،
تەسبىھ ۋە داۋاملىق ئىستىغفار ئېيتىش."

دىدى ماھ پەيكەر: "سۆرۇم بۇ ئىدى"،
غەزەب قىلدى شەھ: "قەتل قىلغىل" دىدى.

چۇ فەرمان قىلىپ ئۇل پەرى مەرگىگە،
سەياسەت قىلىپ بەلكى گۇل بەرگىگە.

سىپارىش قىلىپ ئانى جەللادغە،
كەبۇتەرنى تاپشۇردى سەييادغە.

غەزەبدىن ئۆزىن بىلمەدى پادىشاھ،
بۇ جەللادلار قىلماي ھۆكمىن تەباھ.

چىقاردى قەزا سەتھىگە ماھنى،
خەلايىق مەلامەت قىلىپ شاھنى.

چۇ تىغىن بەرەھنە قىلىپ قاتىلى،
كى سۆزگە كېلىپ ئۇل پەرىنىڭ تىلى.

دىدى: "بىر زەمان سەبر قىل، نابكار،
كى مەزمۇن بىلە ئەيلەيىن ۋەسفى يار،

كېتۈرمەن جەھاندىن فىدا جان قىلىپ،
بۇ جانىمنى جانانغە قۇربان قىلىپ".



ۋەسىيەت نەما قىلدى مەزمۇن ئەدا،
تەمام ئەتمەيىن باشنى قىلدى جۇدا.

"جانانەئى مەن بەمەن بىيارىد،
ۋىن مۇردە تەنىم بەئو سىپارىد①."

تەمام ئەتمەيىن ماھ پەيكەر كەلام،
قىلىپ ئاندا جەللاد ئىشنى تەمام.

چۇ "تا" ھەرفىنى تىلغە سۇرگەن زەمان،
كى شەمشەرنى باشىغە سالماق ھەمان.

خەلايىق بۇ ئىشغە نەدامەت قىلىپ،
ھەمە يىغلادىلەر قىيامەت قىلىپ.

ھەمە سەرزەنىش قىلدى جەللادغە،
كى لەئنەت قىلىپ شاھى بىدادغە.

غەزەبدىن يانىپ ئۇل زەمان پادىشاھ،
پۇشەيمان قىلىپ، ھەر نەفەس چەكتى ئاھ.

① "جانانىم مەن تەرەپكە ئىلتىپات قىلسا، مېنىڭ ئۆلۈپ ياتقان تېنىم دەرھال ئۇنىڭ ئەمرىگە ئىتائەت قىلدۇ."

چىقاردى كىشى؛ ”دەرمەھەل ياندۇرۇڭ،
نەسىھەت بىلە ئىشقىدىن تاندۇرۇڭ!“

كىرىپ ئول زەمان شەھ قاشىغە غۇلام،
دىدى: ”ئول مەلىكەم بولۇپدۇر تەمام!“

تۆشۈپ دەر مەھەل تەرك ئېتىپ تەختىنى،
چۇ كەلتۈردى جەللاد بەدبەختىنى.

سەياسەت ئىشىدا قىلىپ ئىزتىراب:
”چۇ گۇل غۇنچەسىنى قىلىپسەن خەراب.

تەھەممۇل قىلىپ، سەبىر قىلساڭ نىدۇر؟!
تەۋەققۇف بىلە ئاندا تۇرساڭ نىدۇر؟!

تەمام ئەتكۈچە سۆزىنى، ئالدىراپ،
مۇرادىغە تېگىڭ بولۇپدۇر ھىجاب.

دەرىغا بالامدىن جۇدا ئەيلەدىڭ،
چۇ فەھم ئەتمەيىن سۆز، خەتا ئەيلەدىڭ.“

قەساسىغە ئاستى ئانى دارغە،
بالا دەردىدە تۇردى ئول زارغە.



يىغىپ ئاندا بارچە فەساھەت ئېلىن،
خىرەدمەند ـ دانا لەتافەت ئېلىن.

دىدى: ”ئۆتتى مەندىن ئەجايىپ ئۇمۇر،
كىشىدىن بۇ ئىش تاپماغاندۇر زۇھۇر.

ئىرادە بۇ ئېركەن نىچۈك ئەيلەيىن،
قەزاۋۇ قەدەرنىڭ ئىشىن بىلمەيىن.

كى جەللادغە بۇيرۇدۇم ھەزل ئېتىپ،
يوق ئەتتى ئانى بىلمەيىن قەتل ئېتىپ.

ئوقۇلمىش قەسىدە مۇرادى ئۈچۈن،
ۋەسىيەت نەما يار يادى ئۈچۈن.

تەمام ئەتكۈچە، ئەيلەمىش ئول تەمام،
ئانىڭ روھى ئولدەم قىلىپدۇر خىرام.

نە ئېردى ئانىڭ مەقسەدىنى تاپماق،
كى بەئداز ئانى خاك بىرلە ياپماق.“

تەفەككۇر قىلىپ بارچە ئەھلى خىرەد،
ئەدا قىلدى مەزمۇنلارىن بىئەدەد.

چۇ مەقبۇل ئەمەس ھەر بىرى شاھغە،
بۇلار ۋەھم ئېتىپ تۇردىلەر ئاھغە.

ئۆتۈپ ئىردى ئۇل كۈن بۇ يەگلىغ ئۇمۇر،
ئەجەب ۋاقىئە باز تاپتى زۇھۇر.

كېلىپ شەيخ كۆردى بۇ رەڭ ماجەرا،
چۇ فەھم ئەيلەدى ئۇل كېلىپ خەلق ئارا.

ھەمە ۋاقىئە پىرغە بولدى ئەيان،
كى شەھ ئالىغە كەلدى شەيخ ئۇل زەمان.

دىدى شاھغە شەيخ ئالىجەناب،
بۇ مەئنى ھۇسۇلغە بەرگۇم جەۋاب.

كۆرۈپ شەيخنى شاھ شورىدە ھال،
مەھابەتلەرىدىن بولۇپ ئەقلى لال:

”چۇ ”تا“ ھەرفىنىڭ ئاخىرىدۇر نىمە؟
ئانىڭ مەئنەسىدىن بۆلەك سۆز دىمە!“

دىدى شەيخ: ”قىل جەمئى نەۋ رەستەنى،
ئارادىن تاپاي بىدىلۇ خەستەنى.



بۇ ئەسرارنى ئاشكار ئەيلەيىن،
ساڭا كۆرگۈزۈپ ۋەسل يار ئەيلەيىن.“

چۇ فەرمان قىلىپ شاھ ئەركانىغە،
قىلىپ يارلىغ مۈلك ئەئيانىغە:

”جەنابىمغە كەلسۇن بالاسى بىلە،
چۇ كەلسۇن بالاسى ئاتاسى بىلە!“

كى فەرمان تۇتۇپ بارچە فەرزەندىنى،
ئۇشۇل ھەيندا يەتكۈردى دىلبەندىنى.

نەچە نەۋ رەسدە كېلىپ دەرمەھەل.
تۇرۇپ شاھ ئەتراپىدا نەچچە ئەل.

نەزارە قىلىپ شەيخ ئالى كەرەم،
كى بىر بەچچە سارىغە باستى قەدەم.

تۇتۇپ ئىلكىدىن بىر ھەزىن بەچچەنى،
كى ھىجراندا كۆيگەن تىلى گەچچەنى.

چۇ مۇردە باشىغە ئانى كەلتۈرۈپ،
ئىشارەت بىلە لەبىگە سۆيدۈرۈپ.

ئۆلۈك تەننى تاپشۇردى ئۇل زارغە،
بولۇپ خەلق ھەيران بۇ ئەسرارغە.

بۇ سۆزنى دەر ئېردىكى ئۇل سىيمبەر،
دىگۈنچە ئامان بەرمەيىن ئۇزدى سەر:

"تا بۇسەئى زىندە دىن لەبانەم،
گەر زىندە شوم ئەجەب مەدارىد①."

دۇئا قىلدى ئۇل پىر ئالى مەقام،
تىرىلدىيۇ باغ سارى قىلدى خىرام.

جەھان خەلقىدىن قاچتى ئۇل ئىككى يار،
بۇلار ئىشقى بولدى بۇ كۈن ئاشكار.

كۆرۈپ شاھ ئۇشبۇ كەراماتنى،
مۇئەييەن كۆرۈپ بۇ ئەلاماتنى.

قىلىپ تەۋبەلەر شەيخنىڭ ئالدىدا،
نەدامەت قىلىپ قالدى ئۆز ھالىدا.

① "ئۇنىڭ ھاياتبەخش لېۋى لېۋىمگە تەگسە، ھاياتلىقا ئېرىشسەم ئەجەپ ئەمەس."



چۇ باغدىن تاپالماي ئىكى يارنى،
تەمۇغقە بەدەل قىلدى گۈلزارنى.

دىدى شەيخ: "بۇ پاك ئاشىق ئىكەن،
ھەقىقەت ھەرىمگە سادىق ئىكەن.

بېھىشت مۇرغىزارىدا تاپمىش ئورۇن،
چۇ بىز باغ ئارا ئىستىمەسدىن بورۇن."

چىقىپ شەيخ ئۇل كۈن ۋىدائ ئەيلەدى،
جەھان خەلقى بىرلە نىزائ ئەيلەدى.

يۈرۈپ دەشت سارىغە قويدى قەدەم،
خۇدا يادى بىرلە كېزىپ دەم-بەدەم.

چۇ ئاندىن يۈرۈپ كەلدى شىرازغە،
قوشۇلدى كېلىپ يار ھەمرازغە.

تۇت ئەي ساقىيا جامى بەزمى ۋىسال،
بېرىپ جاننى جانانغە، كۆرگۈم جەمال.

ئانىڭ يادىدا بولسە ھەركىم مەمات،
كى ئېرمەس ئۆلۈم جاۋىدانى ھەيات.

نىزارىغا ۋەھدەتنى قىلغىل نەسىب،
ھەقىقى جەمالغا بولسۇن قەرىب.

**ئەسمەئ ھىكايەتى كىم، ھەج يولىدا بىر چەشمە باشىدا تەختەئى سەڭدەكى يازىلغان كەلامى پەيرەۋسىدە رەقەم يازىپ، بىر بىچارە شورىدە ئەھۋال دەردمەند مەزمۇن ئەداسىدىن شەھىدى ئىشق بولغانى**

قىلىپدۇر ھىكايات شىرىن سۇخەن،
خەبەر بەردى سۆز روزگارى كۆھەن.

چۇ مەنتىق① كىتابىدا تەھرىردۇر،
نەۋايى كەلامىدا تەقرىردۇر.

كۇنى ئەسمەئى ھەجگە قويدى قەدەم،
تەۋابئ بىلە ئەزم قىلدى ھەرەم.

يېتىپ مەنزىلىگە كۆرۈپ خۇش ھەۋا،
تۇشۇپ سائەتى ئاندا چەكمىش غىزا.

رەيا ھەيىن ۋەرد ئىچرە بىر چەشمە سۇ،
كى ھەيۋان سۇيىدىن ئېرۇر نۇكتە بۇ.

① بۇ يەردە ئەلىشىر نەۋايىنىڭ "مەنتىقۇتتەير" ناملىق ئەسىرى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.



كى رەۋشەندۇرۇر ئىشق ئېلى جانىدەك،
ئەرىقلەر ئانىڭ دىدە گىريانىدەك.

چۇ ئول ئەسمەئى ئولتۇرۇپ بىر دەمى،
لەبى چەشمەدە يۇپ دىلىدىن غەمى.

كى ئول چەشمە باشىدا بىر تەختە سەڭ،
چۇ سالدى نەزەر ئەسمەئى بىدەرەڭ.

"كىشى ئىشقى زارى ئىسە نەيلەسۇن،
ئاڭا ھەجر بارى ئىسە نەيلەسۇن.

يوق ئولسە قارارى نىچۇك ئەيلەگەي،
داغى ئەرز ھالىنى كىمگە دىگەي."

چېكىپ ئەسمەئى خامەنى ئول زەمان،
كى پەيرەۋدە قىلدى جەۋابىن ئەيان:

"كېرەكدۇر بۇ ۋەرتە ئارا پاكلىق،
داغى قىلماسۇن ئەسلە بىباكلىق.

كى پاش ئەتمەسۇن ئەسلە ئەسرارىنى،
كۆڭۈل ئىچرە پىنھان تۇتۇپ يارنى."

رەقەم چەكتى چۈن كۆچتى، ئەزم ئەيلەدى،
يېتىپ بىر ۋىساقىدا بەزم ئەيلەدى.

ئۆتۈپ تاڭلاسى ئاتلىنىپ كەلدى باز،
يەنە كۆردى خەتنىڭ قويىنىدا راز.

يازىپ بۇرناغى كاتىپ ئانداغ رەقەم،
سوئالى ئانىڭ ئانچە پۇر دەرد غەم:

”چۇ ئول ئاشىقۇ زار، ئازۇردە جان،
نەچە پاكدۇر تۇتسە ئىشقىن نىھان.

مۇھەببەت ئوتى شەۋقىنىڭ شىددەتى،
ئارىغە ئالىپ، قالماسە تاقەتى؛

ئانىڭ ۋەسل دۇر ئىھتىياجى، نېتەر؟
ئەگەر تاپمەسە بىر ئىلاجى، نېتەر؟“

يەنە ئەسمەئى چەكتى مۇھلىك جەۋاب،
كۆچۈپ يولغە كىردى قىلىبان شىتاب.

چۇ يازدى مۇنى ناسىھى رەھمىسىز،
كى ئاشىق ھەلاكىدىن ئول ۋەھمىسىز:



”نەسىھەت ساڭا سۇد ئەمەس، دەردمەند،
ساڭا ئىشق ئارا يازدىم ئانداغكى پەند:

كى پەند ئىلە گەر تاپماساڭ ئىختىساس،
ئانىڭ ئىشقىدا جان بېرىپ بول خەلاس.“

بولۇپ ئول نەۋاھىدا بىر كۈن ھەيەل،
يەنە ئول جەۋانىبغە سۇردى جەمەل.

چۇ ئاشىق جەۋابىنى قىلدى خەيال،
دىدىكىم: ”كۆرەي ئاندا بولمىش نەھال.“

كېلىپ ئەسمەئى كۆردى ئەھۋالنى،
بولۇپدۇر نەدامەت ۋە ئەسقالنى.

ياتىپ چەشمە باشىدا بىر بىدىلى،
كى ئىشق ئىچرە كىم ئۆمرى بىھاسىلى.

ئانىڭ مېھنەتىن جىسمىدىن زارلىغ،
بولۇپ ئاشكار ئاندا بىمارلىغ.

ئانىڭ رەڭگىدىن زەئفى ئانچە پەدىد،
ئۇرۇپ تاشقە باشىن، بولۇپدۇر شەھىد.

قىلىپ قانى ئۇل چەشمەنى لالەگۇن،
كى چەشمە باشىدا ياتىپدۇر نىگۇن.

ياقا چاك ئېتىپ ئۇل زەمان ئەسمەئى،
فىغان ئەيلەدى ئانداكى مەجمەئى.

نەسىھەت بىلە قەتل قىلدى ئانى،
فىدا بولدى ئىشق ئىچرە ئانىڭ جانى.

چۇ تاشلاپ ئەمامە، توزۇپ ماتەمى،
جىلاپ يەرنى ئانداغكى كۆزنىڭ نەمى.

كىشى كۆرمەگەن ھال مۇنداغ قاتىغ،
ئانىڭ دەردىدە يىغلاپ ئاچىغ-ئاچىغ.

ئۇل ئىشدا ۋەلى ئانچە مەھزۇن ئىدى،
ئەلفدەك قەدى غەم بىلە نۇن ئىدى.

شەھادەت تاپىپ ئىشق ئارا ناتەۋان،
ھەمە دەرد غەمدىن كى تاپتى ئەمان.

چۇ دەفن ئەتكەلى يەرنى چاك ئەيلەدى،
لەھەد ھۆكمىدە بىر مەغاك ئەيلەدى.



ياتىپ ئاندا بىر زار قانلىغ بەدەن،
بۇ قانلىغ بەدەنگە لىباسى كەفەن.

فەنا جامىدىن راھ تۇت ساقىيا،
نەۋا بەخش قىل لۇتفى ئېتىپ فانىيا.

كى جامى ۋەفايىندىن ئۇلسە مەدەد،
چۇ كەۋنەين ئارا تاپغۇم ئۆمرى ئەبەد.


پرھاد ـ شتن



ئاشىق جۇملەسىدىن بىرىكىم فەرھاددۇر، داستانى گۇلباك جەھان سەفھەسىدە مەشھۇردۇر، ھەزرەتى مىر ئەلىشىر خەمسە-لەرىدە مەزكۇردۇر. بۇ مەجمۇئاتىغە ھەم ئانىڭ ئىشق ئارا تاپقان ئەھۋالىدىن ئەندەك ئىزھار قىلىماق، ۋاقىئاتىنىڭ كۇللەسىن كىتابى خەمسەگە ھەۋالە قىلماق

چۇ سەفھەگە چەكتىيۇ چابوك رەقەم،
نەقۇلات سەترىدە چاپتى قەلەم.

قىلىپ نۇكتە دىۋانىنى نەقشى چىن،
مۇھەببەت ھەۋاسىدا خۇلدبەرىن.

تولۇغ ئەيلەدى چۇنكى ئەختەر كەبى،
كى سامىغ قۇلاقىدا گەۋھەر كەبى.

چۇ مەشرق دىيارىدا سۇلتان ئىدى،
كى ئول پادىشاھ چىن خاقان ئىدى.

چىۇ شەۋكەتىدە گەردۇن ئەساس ئېردى ئول،
كى تەخت ئۇزرە زەررىن لىباس ئېردى ئول.

خەزايىن ئاڭا ئولجە ھەددىن فۇزۇن،
دەفايىن ئەمما ئەدەددىن فۇزۇن.

مۇڭا تەگرۇ كىم يوق ئىدى بىر ۋەلەد،
بۇ ئىقبال ئەۋجىدە قىلسە سەنەد.

قىلۇر ئېردى دىلدا ھەمىشە تەلەپ،
مەجازەن قىلۇر ئېردى ئانچە سەبەپ.

زەمانى ئەتا قىلدى ھەق بىر پىسەر،
سەدەف بەتنىدىن چىقتى ئوتلۇغ گۆھەر.

ئانا كۆزىگە بەردى گەۋھەر جىلا،
ئاتا ئەينى تاپتى بۇ دۇردىن زىيا.

قىلىپ شۇكرى ھەققە، بولۇپ شادمان،
رەئايانى ئۆچ يىللىق ئەتتى ئەمان.

قىلىپ خەيرى ئېھسان ھەددىن فۇزۇن،
تەسەددۇق قىلىپ زەر ئەدەددىن فۇزۇن.

ئانى چۇن سىپارىش قىلىپ دايەگە،
قىلىڭ پەرۋەرىش يەتكۈرۈڭ ۋايەگە.



نۆزى ئېردى ئوتلۇغ، يۈزى ئېردى ئوت،
نە كۆزدۈر، نە يۈزدۈر، ئۆزى ئېردى ئوت.

يىغىدىن كېلۇر ئېردى دەرد-فىراق،
نەسىمى نەفەسدىن تۇمەن ئىشتىياق.

بەسىرەت ئېلىن يىغدى خاقانى چىن،
ئۆزى تەخت ئۆزە باۋچە مەسنەد نىشىن.

چۇ فەرمان قىلىپ شاھى ئالى مەقام،
قويۇڭلار بۇ فەرزەندىگە ياخشى نام.

ھەمە ئەھلى دانىش قىلىپ ئىختىراس،
كى شەھزادەغە ئىسىم قىلدى قىياس.

كى فەرھادنى تاپتى ھىكمەت بىلە،
فەراسەت قىلىپ ئانچە دىققەت بىلە.

چىراكىم ۋۇقۇئات زاتىدا بار،
بۇ بەش ھەرف ئىلە ئىسىم تاپتى قەرار.

بىلىڭكىم، چۇ "فا" ھەرفى فۇرقەتكە دال،
كى "را"سى ئانىڭ مەيىل رىغبەتكە دال.

يەنە "ھا"سى ھىجرانغە بولدى قەرىن،
"ئەلىف"دەك قەددىدۇر ئەلەمگە يېقىن.

چۇ "دال" ئولدى چەكمەككە دەرد-بەلا،
كى ئاتىداكى نۇكتەگە مۇبتەلا.

بۇ گەۋھەر بولۇپ ئىشقىنىڭ لايىقى،
تەرىقەت مۇھەببەت ئارا سادىقى.

قىلىپ پەرۋەرىش دايە ئون ئىككى ئاي،
تۇشۇردى بۆشۇكدىن بولۇپ جەھد ساي.

چۇ ئۆچ ياشقە كىردىكى ئول شاھزاد،
فەرەھلىك ئاڭا يوق، بەسى غەم نىھاد.

كى ئون ياشقە كىرگەن كىشىدەك ئۆزى،
كەمالىغە يەتكەن كىشىدەك سۆزى.

مۇئەللىمغە تاپشۇردى ئاداب ئۆچۈن،
سەبەب قىلدى ھىكمەتدە بىخاب ئۆچۈن.

مۇئەللىم ئىدى ئانچە دەريا زەمىر،
ئانىڭدىن بۇ شەھزادە ئەئلا زەمىر.



نە دەپ ئېردى ئالىم ئاڭا ياد ئولۇپ،
مۇئەللىم ئانىڭ ئەقلىغە شاد ئولۇپ.

كى ئاز ۋەقتىدە تاپتى فەزل كەمال،
شۇجائەتدە پەيدا قىلىپ يالبال.

يوق ئېردى ئانىڭدا ھەۋايۇ ھەۋەس،
چېكىپ ئىشق ئېلىدەك فىغان ھەر نەفەس.

چۇ ئولسە ئەگەر ئىشق ئېلىدىن مىسال،
كى يەتمىش ئاڭا ھەر زەمان ئۆزگە ھال.

مۇھەببەت سۆزى سەفھەدە بار ئىدى،
چۇ شەھزادە ئاغزىدا تەكرار ئىدى.

جەھان خەلقى بىرلە يوق ئېردى ئىشى،
ئانى ئۆرتەبان ئىشقىنىڭ تابىشى.

ئۆچ ئاي ئىچرە تەھسىل قىلىپ ئىلمنى،
كى ئاداى تەمكىن ئىلە ھىلمنى.

ئاڭا قالمادى ئۆرگەتۈرگە نۇكات،
مۇئەللىم ئۇلۇمنى ياد ئالدى پات.

چۇ ئۇنغە يېتىپ ياشى شەھزادەنىڭ،
ئىكى ئۇنچەدۇر، باشى شەھزادەنىڭ.

كۆڭۈل ئاڭلادى ھەرب ئەسبابى جەڭ،
سىپاھ ئىلمىنى ئۈرگەنىپ بىدەرەڭ.

جەھاندا نەئىشدۇر بارىن ئالدى ئۇل،
ھەمە كەسبنى كۆڭلىگە سالدى ئۇل.

ئاڭا يوق ئىدى شادلىقدىن نىشان،
چېكەر ئېردى ئۇتلۇغ نەفەس ھەرزەمان.

كى غەمكىن ئىدى ۋەقتى خاقانى چىن،
ئەزىز گەۋھەرىنىڭ① چۇ تارتىپ غەمىن.

ھەمە ئەھلى ھىكمەتنى چۇن قىلدى جەمئ،
جەمائەت ئارا بولدى شەھ چۇنكى شەمئ.

بۇ ھىكمەت ئېلىگە دىدى پادىشاھ،
بۇ ئوغلۇم غەمىگە بولۇڭ چارە خاھ.

ھەمە ئەھلى ھىكمەت قىلىپ مەسلەھەت،
بولۇب مۇتتەفىق ئەيلەبان مەشۋەرەت.

① قولىيازمىدا "گەۋھەرىن" دەپ يېزىلىپ قالغان.



بەنا ئەيلەسەڭ ياخشى بىر چار باغ،
كى بۇ يەردىن ئولسە مۇئەتتەر دىماغ.

چۇ شەھزادەگە يەتكۈسى شادلىق،
زەمانى بولۇر غەمدىن ئازادلىق.

كەتۈر ساقىيا، بادەئى دەردنى،
كى بەخش ئەيلەسۇن دەرد پۇر ۋەردنى.

چۇ باشىمغە چاپماسدا ئول دەرد تىغ،
بۇ بەزمى نەشاتىمدا قىل كۆزنى مىغ.

**خاقانى چىن مۇلكئارا ۋەزىر بىرلە مەسلەھەت قىلىپ، ھەمە ئەھلى ھىكمەت، مۇھەندىس پىشەلەرنى جەمئ قىلىپ، تۆرت باغ ئىچىندە تۆرت ئىمارەتنى ئېرەم مانەند بەنا ئەيلەپ، ئول مىئمار سەنئەتىن شەھزادە تەماشا قىلىپ، قارۇن سەنگتەراشدىن سەنئەتلەر مۇلاھىزە قىلىپ، خارا بىر مىتىن كۆزىگە مەرغۇب كۆرۇنۇپ قارۇندىن كەسب قىلغانى**

سۇرۇپ سۆزنى مۇنداغ فەسانە تۇزۇپ،
خىرەد گۇلشەنىدە تەرانە تۇزۇپ.

زەمانىكى خاقان قىلىپ يارلىغ،
قىلىپ ئەھلى سەنئەتكە دىلدارلىغ.

ۋەزىرى ئانىڭ مۇلكئارايى چىن،
ئانىڭ ئەقلىدە زىب ئەفزايى چىن.

ئىمارەت ئىشىغە قىلىپ جۇستىجۇ،
كى سەنئەت ئېلىنى ييغىپ مۇبەمۇ.

كى چىن مۇلكىدە بار ئىدى ئىككى زاد،
بۇلار ئەھلى سەنئەت، مۇھەندىس نىھاد.

بىرى ئىسمى ئۇستاد بانى ئىدى،
بىرى ئاتى نەققاش مانى ئىدى.

يەنە بار ئىدى قارۇن سەنگتەراش،
قىلۇر ئېردى تاشنى ياغاچدەك خەراش.

سالىپ تەرھى مىئمار ئىشىغە بۇلار،
قىلىپ جارى ئەنھار ئىچرە سۇلار.

قىلىپ باغ تەرھىنى جەننەت نەما،
ئېرەم باغىدەك ھەر تەرەف خۇش ھەۋا.



چۇ پاكىزە گۇلشەن مۇئەييەن قىلىپ،
جەۋانىبلارىنى مۇزەييەن قىلىپ.

ئىمارەت ئىشىغە قىلىپ ئىشتىغال،
ئانىڭ تەرھىدە بارچەنىڭ ئەقلى لال.

قىلىپ قەسر شاھانە سەنئەت بىلە،
زەرۇ سىيمۇ جەۋھەردە زىينەت بىلە.

ۋەزىر باشلابان باغقە فەرھادنى،
تەماشا ئۇچۇن سەرۋ ئازادنى.

سالىپ بارچە سەنئەتكە بىر-بىر نەزەر،
كۆرۈندى ئاڭا نەچچە يۇنغان شەجەر.

نەچە ئەھلى سەنئەت قىلۇر سەنگتەراش،
ئانى كۆردى شەھزادە ئىرغاتتى باش.

چۇ فەرھاد ئاندا تۇرۇپ بىر زەمان،
كى تاش سەنئەتىگە بولۇپ شادمان.

چۇ ئەسباب ئالدا تاشدۇر خەمىر،
ياغاچدەك ھەجەرنى ياساپ دىلپەزىر.

سوراپ ئاندا شەهزادە ئۇستادنى،
چۇ ئەسباب ساز ئەتكەن هەددادنى

چۇ بۇ شەخس قىلدى تەهىيەت ئەدا:
"كى قارۇن ئاتىم، مەرد سەنئەت نەما،

هەجەر سازلىق بىرلە ماهىر ئۆزۈم،
كى خارانى چاپماقدا قادىر ئۆزۈم."

دىدى شاهزادە: "كىتۈر تىشەنى،
كى مەئلۇم قىل بىزگە بۇ پىشەنى.

هەمە ئەهلى سەنئەت ئىشى ئەرجۇمەند،
سىنىڭ كارىڭ ئولدى ماڭا دىلپۇسەند."

چۇ قارۇن دىدى: "شاه ئالىجەناب،
سەهل ئىشمۇدۇر، ئەيلەگىل ئىكتىساب."

چۇ بىر جاينى قىلدى ئەلدىن خەلاس،
كى قارۇن بىلە كۇهكەن قالدى خاس.

قىزىتتىكى بىر تىشەنى دەم بىلە،
ئاڭا سۇ بېرىپ ئاندەكى غەم بىلە.



خەراش ئەيلەدى يەشمىنى ئول زەمان،
چۇ شەهزادە بولدى بەسى شادمان.

بۇ ئىش هىكمەتىن قىلدى مەئلۇم ئاڭا،
كۆرۈپ بىزەنى بولدى مەفهۇم ئاڭا.

تەماشا قىلىپ باغۇ قەسرى ئەمار،
جەۋاهىر نىگارۇ بارى زەرنىگار.

چۇ بۇ تۆرت باغ تۆرت خۇلدبەرىن،
چۇ بار هۆر يەڭلىغ نەچە گۇل جەبىن.

چۇ شەهزادە سالماي بىرىگە نەزەر،
چىكىپ هەرزەمان ئاه ئوتلۇغ شەرەر.

كى بىر دەم ئۆزىدىن خەبەر ئالمايىن،
جەهان زىبىغە ئەسلى كۆز سالمايىن.

ئۇرار ئېردى شۆئلە نىهادىدا ئىشق،
هەمىشە ئانىڭ فىكرۇ يادىدا ئىشق.

كېچەغە[چە] تەگرۇ فىغان ئەيلەمەك،
گۇلى غۇنچەدەك دىلنى قان ئەيلەمەك.

ئايا ساقىيا، جام-شاھانە تۇت،
يۇتاي ئانى مەن، ياندۇرۇپ يانە تۇت.

كېچەي شاھلىقدىن ئانىڭ يادىدا،
بېرەي سەلتەنەتنى بۇ يول زادىدا.

## خاقانى چىن ئەينى مەلاللىقدىن فەرھادنىڭ نا خۇشلۇقىغە تاقىتى تاق ئولۇپ، مۇلكئارا ۋەزىر بىرلە مەسلەھەت ئەيلەپ، شەھزادەنى تەختكە چىقارىپ، پادشاھ قىلماق تەۋتە ئەسىدە مەشۋەرەت قىلغانى، شەھزادەئى فەرھاد شاھلىقدىن باش قايتارغانى

چۇ سۆز بۇلبۇلى چەكتى مۇنداغ نەۋا،
ئىبارات گۇلشەندە تۇرلۇك سەدا.

قىلىپ فىكر خاقان، تۇرۇپ ئاھ سەخت،
كېرەك ئەمدى شەھزادەگە تاج-تەخت.

ۋەزىر بىرلە قىلدى چۇنان مەسلەھەت،
ئانى شەھ قىلىپ ئەيلەسەك تەھنىيەت.

چۇ تەخت ئۆزرە چىقسە، ئاڭا شادلىق،
يېتۇرمۇ ئىكىن دىلغە ئابادلىق.



چۇ خاقان سۆزىن كۆردى مەئقۇل ۋەزىر،
بۇ ئىشدا بولۇپ شاھغە دەستگىر.

قىلىپ يارلىغ، "ئەيلەسۇن جەشنى ئام،
يىغىلسۇن ھەمە مەرد فەرخۇندە فام".

يىغىلدى ھەمە خەلق ئەنجۇم كەبى،
نە ئەنجۇم كەبى، بىل ئانى قۇم كەبى.

مۇزەييەن قىلىپ قەسرنى شاھۋار،
نەچە تاج بەخشۇ نەچە تاجدار.

مۇھەييا قىلىپ رەسم ئىجلاسىنى،
كى ئېھسان بىلە تويغازىپ ناسنى.

دىدى ئول زەمان شاھى ئالى كەرەم:
"بولۇپ پىر، ئۇقباغە قويدۇم قەدەم.

بولۇپ مۇشكىمىز ئەمدى كافور گۇن،
قارىلىق يېتىپ بولدى ھالىم زەبۇن.

چىقارسام بۇ ئەۋرەڭگە شەھزادەنى،
كۆزۈم نۇرى دىلبەند فەرھادنى،

چۇ تەختىمدە ئولتۇرسە قايىم مەقام،
ئىتائەت ئاڭا قىلسەلەر خاسۇ ئام.

چىراغىمنى ياندۇرسە تەختىم ئۆزە،
ھاياتىمدا ئولتۇرسە رەختىم ئۆزە.

كۆڭۈل ئىچرەكى مۇددەئا بۇ دۇرۇر،
كى فەرزەندگە ئىلتىجا بۇ دۇرۇر".

بارى يەر ئۆپۈپ قىلدى قۇللۇق ئەدا،
ھەمە شاھغە ئەيلەدى مەرھابا.

چۇ فەرھادغە ئەيلەدى ئىلتىماس،
ئاڭا تەگلەدى تاج-زەررىن لىباس.

تۆكۈپ ئەشكىنى شاھزادە رەۋان،
بېلىن خەم قىلىپ ئۆزرە قىلدى ئەيان:

"ئايا تاج بەخش شاھ كىشۋەر پەناھ،
كىرەكمەس ماڭا تەخت ئىلە ئىززۇ جاھ.

بۇ ئىش ئەھدەسىدىن چىقائالماغۇم،
كى شەھلىقدا چارە تاپائالماغۇم.



كى دىۋانەگە شاھلىق نەدۇرۇر،
مۇشەۋۋەشكە ئاگاھلىق نەدۇرۇر.

زەمانى كۆڭۈل غەمدىن ئازاد ئەمەس،
ئاتا چاغلاغان پۇر فەرھاد ئەمەس.

ئاغىزدىن چىقار ھەر نەفەس ئوتلۇغ ئاھ،
شۇئائى ئانىڭ باشدا زەررىن كۇلاھ.

يانىم ئاستىدا بەس دۇرۇر بىر ھەسىر،
كى بولماغاي ئاڭا تاجۇ سەرىر.

كۆڭۈل مۇلكىدە يوقتۇر ئابادلىق،
دىماغىمدا يوق بىر زەمان شادلىق.

خىجالەتكە سالماق مېنى سۇد ئەمەس،
شەھىنشاھلىق بىزگە بەھبۇد ئەمەس".

بۇ سۆزگە چۇ خاقان بولۇپ لائىلاج،
ئېشىتتى، كۆزىگە جەھان بولدى داج.

چۇ مەئيۇس ئولۇپ بۇزدى ئىجلاسىنى،
كى ئۆز جايىغە ياندۇرۇپ ناسىنى.

تەفەككۇردە خاقان بولۇپ مۇزمەھىل،
تەھەييۇر ئارا بولدى ئەفسۇردە دىل.

تۇت، ئەي ساقى، جام جەھانبىن ماڭا،
قىلايكىم بۇ جان نەقدىنى رەھن ئاڭا.

كىرەي راھ بەزمگە ئاھات ئارا،
كۆرەي① يار ئەكسىنى مىرئات ئارا.

## خاقانىچىن شەھزادە فەرھاد شەھلىغىن [قەبۇل ئەتمەگەندىن]② مەئيۇس بولۇپ، ۋەزىر مۇلكئارا بىلە كېڭەش قىلىپ، خەزايىن غەرايىبىنى سەير قىلدۇرغانى ۋە ئۇل شەھزادە فەرھاد ئايىنەئى ئىسكەندەرنى كۆرۈپ، يەمەن سارىغە غارى سوقراتغە ئەزىمەت قىلغانى

خىرەد تەۋسەنى بەردى سۆزدىن خەبەر،
تەكەللۇم بىلە ساچتى شىرىن شەكەر.

ۋەزىرغە دىدى شاھى گەردۇن جەناب،
كۆڭۈلنى ھەزىن، دىدەنى قىلدى ئاب:

① قولىيازمىدا "كۆرەر" دەپ يېزىلىپ قالغان.
② [ ] ئىچىدىكى سۆزلەر تېكىستتە يوق.



"نە تەدبىر بىلە بىزگە ئۇل رام ئۇلۇر،
دىگىلكىم، نە ئىشدىن ئاڭا كام ئۇلۇر؟"

ۋەزىر سالدى باشىن تەفەككۇر قىلىپ،
زەمانى تۇرۇپ كۆپ تەھەييۇر قىلىپ.

دىدى: "ئەي جەھانبان كىشۋەر پەناھ،
ئاڭا ئەرزىمەس تەخت، زەررىن كۇلاھ.

خەيالى نە ئېركىن، ئانى بىلمەدىم،
كى ئەسرارنى ئىمتىھان قىلمەدىم.

چۇ قىلدۇرسە بولغاي خەزايىننى سەير،
خەزايىن ئىچىدە دەفايىننى سەير.

خەزايىندا بار قىسىم-قىسمى نىمە،
نەزەر قىلسە ئۇل ئاندا بىر-بىر نىمە.

بىرى كۆڭلىگە بولسە ئاندا پىسەند،
بولۇرمۇ ئىكىن غەمگە ئۇل سۇدمەند".

چۇ خاقان ۋەزىرغە قىلىپ يارلىغ:
"قىلىڭ باشلابان ئاڭا دىلدارلىغ."

ۋەزىر باشلادى سەرۋ ئازادنى،
خەزايىنغە شەھزادە فەرھادنى.

تاماشا قىلىپ كۆردى بىر-بىر نىمە،
كۆڭۈلگە پەسەند بولمايىن ھىچنىمە.

سەياھەت قىلىپ سالدى بىر -بىر نەزەر،
كى بىر دۇرج كۆڭلىگە قىلدى ئەسەر.

دىدى: "ئەي ۋەزىر دۇرجنى قىل كۇشاد،
نىدۇر بەتندە ئەيلەيىن ئىستىھاد."

ۋەزىر چىرلادى ئاندا گەنجۇرنى،
كۇشاد ئەيلەدى دۇرجى فەغفۇرنى.

ئىچىدىن چىقىپ كۆزگۈ ئىسكەندەرى،
شۇئائ ئەتتى ئايىنەنىڭ ئەنۋەرى.

سەفاسىدىن ئولدى جەھان ئاشكار،
مۇئەييەن قىلىپ ئەكسىدە ھەر نە بار.

نەزەر قىلدى ئايىنەگە شاھزاد،
جەھان سەنئەتى ئاندا بولدى كۇشاد.



بەناگاھ كۆرۈندى دىيارى يەمەن،
نەزەر قىلدى ئول جايىغە كۇھكەن.

كى تاغى كۆزىگە بولۇپ جىلۋەگەر،
نەمايان بولدى ئەجەپ بىر سۇۋەر.

كى ئول تاغ راھىدا ئافەت دۇرۇر،
بۇ ئافاتىدىن ئۈچ ئەلامەت دۇرۇر.

بىرى ئەژدەھادۇر، بىرى ئەھرەمەن،
بىرىدۇر تىلىسمات ئادابى فەن.

بۇلاردىن ئۆتۈپ غارئارا كىرسە كىم،
ئاڭا جىلۋەگەر بولغۇسىدۇر ھەكىم.

ھەمە مۇشكۇل ئىشدىن كۇشاد ئەيلەگەي،
دىبان غەيبىدىن دىلنى شاد ئەيلەگەي.

بۇ ئەسرارلار نەقشىنى بىلدى ئول،
ئاڭا بارغالى چارەسىن قىلدى ئول.

بىلىپ شاھ خاقان بۇ ئەھۋالنى،
كۆرۈپ ئوغلىدا ئۆزگەچە ھالنى.

چۇنان مەنئ قىلدى، قەبۇل ئولمادى،
كى بارماقدىن ئۆزگە ھۇسۇل ئولمادى.

چۇ سۆزنى قىلىپ مۇندا مۇجمەل بەيان،
ناۋايى قىلىپدۇر مۇتەۋۋەل بەيان.

كىشى ئىستەسە نەقل تەتۋىلىنى،
تاپار «خەمسە»دە كۇللى تەفسىلىنى.

تۇت ئەي ساقىيا، جامى گۇلگۇن ماڭا،
كى بولسۇن ئانىڭ زەۋقى ئەفزۇن ماڭا.

چۇ ئول يارنىڭ يادىدا بەزم ئېتەي،
يەمەن سارىغە سەرگران ئەزم ئېتەي.

**شەھزادەئى فەرھاد ئايىنەئى ئىسكەندەردە يەمەن شەھرىنى مۇلاھىز قىلىپ، ئول ئۇچ مەزكۇر ئافەتنى سەرەنجام ئەيلەپ، سوقرات غارىغە كىرىپ، ئول ھەكىم پارسا بىرلە كۆرۈشۈپ، ئۆز ھەقىقەت ھالىدىن خەبەر ئالغانى**

چۇ سۆز خىرمەنىدىن تېرىپ خۇشەئى،
يەمەن سارىغە ئەيلەدىم تۇشەئى.



چۇ فەرھاددىن كەتتى سەبرۇ قەرار،
كۆرۈپ ئايىنە، بولدى بىشىختىيار.

دىدىكىم: "يەمەن سارىغە ئەزم ئېتەي،
كى ئافەتلەر ئاندا بارىپ رەزم ئېتەي."

ئاتاغە بالا كۆپ تەۋەللا قىلىپ،
كى خەيلى ھەشەمگە تەمەننا قىلىپ.

قىلىپ يارلىغ شاھ فەغفۇر چىن،
چۇ لەشكەرگە تولدى فەزايى بېجىن.

مۇھەييا بولۇپ بارچە خەيلى ھەشەم،
چۇ ئەزم ئەتتى شەھزادەئى شاھ جەم.

يۈرۈپ نەچچە كۈن ۋادىيۇدەشت ئارا،
كى تەي مەراھىل قىلىپ گەشت ئارا.

قاراسى كۆرۈندى بېجىن شەھرىنىڭ،
سەفاسى نەمۇدار ئولۇپ بەھرىنىڭ.

يەمەن مۇلكىگە يەتتى چۇنكىم خەبەر،
چىقىپ ئالدىغە بارچە ئەھلى شەھەر.

ھەمە ھىكمەت ئەھلى چىقىپ پىشباز،
تەھىييەت قىلىپ ئەيلەپ ئەرز نىياز.

ئىتائەت قىلىچىن بويۇنغە ئاسىپ،
كى شەھ ئالدىغە كەلدى بىر-بىر باسىپ.

شەھەرگە كىلىپ تۈشتى بىئىختىيار،
چۇ تەخت ئۈزرە خاقان بولۇپ بەرقارار.

رەئايانى سوردىكى شەفقەت بىلە،
سەرەفراز ئەيلەپ مۇرۇۋۋەت بىلە.

ھەمە ئەھلى ھىكمەتكە قىلدى كەرەم،
كى ئەئزاز ئىلە ئەيلەدى مۇھتەرەم.

دىدى شاھ خاقان سۇلتان ۋەقت:
بىلىڭلار ئايا ئەھلى دەۋران ۋەقت.

مەمالىك ئۈچۈن كەلمەدىم ئالغالى،
جەفاغە ئۈزۈمنى، سىبنى سالغالى.

ۋىلايەتدە بىر تاغ باردۇر ئەيان،
ھەكىمىكى ئاندا بار ئىبرىمىش نىھان.



ئانىڭ يولىدا ئەسرۇ ئافەت ئىمىش،
كى ئافەتدىن ئۈتسە كەرامەت ئىمىش.

مۇڭا راھبەر بولغالى كىم دۇرۇر،
مىنى باشلابان ئاندا كىملەر بارۇر.

دىدى يەر ئۈپۈپ بارچە ھىكمەت سىرىشت:
"ئانىڭ يولىدا باردۇرۇر دىۋى زىشت.

ئاڭا بارغالى ھەددى ئىمكان ئەمەس،
ئانىڭ فەتھى ئالەمدە ئاسان ئەمەس.

ئىشتكەننى ئەيتۇرغە ئۇستاد بىز،
كى تەھقىقدىن چۇنكى ئازاد بىز.

چۇ بار بىزگە ئۇستاد تەبئى سەلىم،
كى نامى ئانىڭ كىم سۇھەيلا ھەكىم.

كى بىر كوھ غارىدا تۇتمىش مەكان،
ئىبادەت قىلۇر ئاندا ئىبلدىن نىھان.

بۇ ئىش مەئنەسىن ئول بىلۇر خوبراق،
كى يول باشلاساق ئاندا مەرغۇبراق".

بولۇپ [شاد] شەھزادە شەھ ئۇل زەمان،
سۇھەيلا مەكانىغە بولدى رەۋان.

چۇ ئەزم ئەيلەبان ئاندا ئەركان بىلە،
كى ھىكمەت سىرىشت، بارچە ئەئيان بىلە.

يېتىپ قۇللە غارىغە يول تەي قىلىپ،
ھەمە لەشكەر ھامۇنغە تۈشتى كېلىپ.

پىيادە بولۇپ شاھ، شەھزادە ھەم،
سۇھەيلا ۋىساقىغە قويدى قەدەم.

كىرىپ غارئارا بارچە ھىكمەت مەئاب،
كى پەي رەۋسدە شاھى ئالىجەناب.

بۇلاردىن بىرى ئېردى ساھىب نەزەر،
كىرىپ ئۇل زەمان پىرغە بەردى خەبەر.

سۇھەيلا ئىجازەت بېرىپ كىرگەلى،
چۇ ئۇل مېھمان ھالىنى سورغالى.

كىرىپ پىر ئالدىغە ئۇل شاھزاد،
بۇلارنى سۇھەيلا كۆرۈپ بولدى شاد.



سوراپ شاھدىن شاھ ئەھۋالىنى،
تەكەللۇم قىلىپ بىرنەچە قالىنى.

بايان قىلدى ھاكىمغە باشدىن-ئاياغ:
"ھەۋەس بولدى ئوغلۇمغە سوقرات تاغ.

خەزاپىندا مىرئاتى ئىسكەندەرى،
بار ئېردى كۆرۈندى يەمەنىنىڭ پىرى.

نەزەر قىلدى ئوغلۇم ئاڭا ناگەھان،
بۇ سوقراتنىڭ غارى بولدى ئەيان.

ئانى كۆرگەلى بولدى ئۇل بىقەرار،
سەفەر قىلغالى ئەيلەدى ئىختىيار.

كىرىپ كەينىگە تەرك ئېتىپ تەختى-تاج،
كېلىپمىز بۇ يەرگە بولۇپ لائىلاج."

سۇھەيلا بولۇپ ئانچۇنان شادمان،
قىلىپ شاھغە نەچچە ئىشنى ئەيان.

نەزەر قىلدى شەھزادەگە پىر زال،
تەئەممۇل بىلە قىلدى بىر دەم خىيال:

"كى ماجاستدىن بىزگە ئەۋراددۇر،
بۇ شەھزادەنىڭ ئىسمى پەرھاددۇر.

ھەماناكى بولسۇن مۇبارەك ساڭا،
مەدەدكار ئولۇپ ھەق تەبارەك ساڭا.

نەچە يىل دۇرۇر تارتىبان ئىنتىزار،
فىراقىڭدا بولدى مەكانىم بۇ غار.

يېتىپ ئۆمر بەشيۈزگە قويدى قەدەم،
يېقىنلاشتى بولغاي ۋۇجۇدۇم ئەدەم.

بەھەمدۇللاھ كۆردۇم جەمالىڭنى مەن،
قىلاي ئەمدى دەفئى مەلالىڭنى مەن."

كى بىر-بىر مۇئەييەن قىلىپ راھنى،
كى شاد ئەتتى شەھزادە ۋە شاھنى.

كى بار ئاندا بىر ئەژدەھايى دەمان،
ئانىڭ ۋەھمىدىن بارچەنىڭ كۆڭلى قان.

ئانىڭ ئارقاسىدا ئىرۇر ئەھرەمەن،
بۇلارنى ھەلاك ئەتكۇسى كۇھكەن.



فەرىدۇن خەزايىن قىلىپ ئاندا نەقد،
كى تىلسىم بىلە قىلدى ئەژدەرنى ئەقد.

سۇلايمان نىگىنىگە دىۋ پاسبان،
بۇ دەمغە ئانىڭ ئىلكىدە ئول نىھان.

بۇلارنى سەرەنجام ئېتىپ پادىشاھ،
تاپار ئول ھەكىم جايىغە شاھ راھ.

ھەمە ئىشنىڭ ئەسرارىنى قىلدى پاش،
تامام ئەتتى سۆزنى ھەكىم تۆكتى ياش.

كى مۇندا بۇ سۆزنى قىلىپ ئىختىسار،
ھەمە سۆز نەۋايى كەلامىدا بار.

كى «خەمسە» كەلامىدا باردۇر تەۋىل،
قىلىپ شمەئى سۆزنى مۇندا قەلىل.

تۇت ئەي ساقى ئىچمەك ئەزىمەت قىلاي،
چۇ شامى تىرىكلىك غەنىمەت قىلاي.

كى ئىشرەت قۇرۇپ، مەي ئىچەي دەمبە-دەم،
چېكەردىن بۇرۇن ئۆمر ئەفئاسى دەم.

## فەرھاد سۈھەيلا ھەكىم رەھنەمالىغى بىلە غارى سوقراتقە قەدەم قويغانى ۋە ئۇل ئەژدەرۇ ئەھرەمەننى ھەلاك قىلىپ، گەنجى ئەفرىدۇن، خاتەمى سۇلايمانىنى ۋە جامى جەھانبىن جەمشىدىنى دەستىگىر ئەيلەپ، خىزر رەھبەرلىكى بىرلە سوقرات مەكانىغە يول تاپىغانى

چۇ سۆز ئەژدەرى ئۇل زەمان چەكتى دەم،
نەقۇلات خەيلىنى قىلدى ئەدەم.

قىلىپ ئۇل زامان پىر ئىلە ئەلۋىدائ،
چۇ شەھزادە بارماقغە قىلدى شۇجائ.

قالىپ ئاندا خەيلى سىپاھى ئانىڭ،
بولۇپ ۋەھمىدىن ئۆزرەخاھى ئانىڭ.

چۇ خاقانى چىن يىغلادى زار-زار،
ۋەزىر باشلىغىن بولدىلار ئەشكبار.

سىپارىش قىلىپ ھەققە فەرھادنى،
قۇچۇپ سۆيدىلەر سەرۋ ئازادنى.

كى فەرھاد ھەم گىريە ئاغاز ئېتىپ،
ئاتا ئالدا ئۆزرەلەر ساز ئېتىپ.



مۇكەممەل مۇسەللەھ بولۇپ شاھزاد،
قىلىپ قەۋم خەيلى بىلە خەيرباد.

بولۇپ كۇھ پەيكەر ئاتىغە سەۋار،
قىلىپ ئەژدەھا سارىغە ئىختىيار.

نىشان بەردى چۇن تاغنى ئەھلى خىرەد،
تىلەپ يۇردى ئاندا خۇدادىن مەدەد.

كېلىپ ئەژدەھانىڭ مەكانىغە تېز،
سالىپ باشىغە بەرقدەك رۇستەخىز.

مەشامىغە يەتتى چۇ ئىنسان ئىسى،
چۇ كىم ئاچغە يەتكەن كەبى نان ئىسى.

غەزەپ بىرلە چىقتىكى ئۇل غاردىن،
چىقىپ كەڭرۇگە مەنزىلى تاردىن.

كۆزى تۇشتى فەرھادغە ئۇل زەمان،
چېكىپ ئۇل تەرەفكە دەمىنى① رەۋان.

ئالىپ ئىلكىگە ئاندا ئوق بىرلە يا،
خەدەڭنى قىلىپ يايىغە جابەجا.

① قولىيازمىدا "دامنى" دەپ يېزىلىپ قالغان.

چۇ ئەژدەر سارىغە رەھا ئەيلەدى،
بەش-ئون ئوقدا جانىدىن جۇدا ئەيلەدى.

چۇنان تولغانىپ ئۇردى ئول پىچۇتاب،
دەمى دۇدى بولدى جەھانغە ھىجاب.

چۇ ئول ئوق بارىپ تەگدى چۇنكى سىنان،
سىنان يوقكى، پەرران ئۆتۈپ ئوق يىلان.

زەمانى ئۆتۈپ ئىردى بولـدى ھەلاك،
مۇنىڭ شەررىدىن قىلدى ئالەمنى پاك.

ئۆتۈپ ئەھرەمەن جانىبىغە يۈرۈپ،
ئانىڭ شەررىگە ئىسمى ئەئزەم ھۇرۇب.

قىلىچدا پۈتۈكلۈك ئىدى ئىسملار،
ئانىڭ زەربىدىن مۇنھەدىم جىسملار.

چۇ قالقاندا ھەم بار ئىدى ئىسمى زات،
سۇلايمان نەبى ئەيلەگەن ئىلتىـفات.

تەقابىل بولۇپ ئەھرەمەنگە دەلىر،
باشىغە يېتىپ زەرب ئۇرۇپ نەررەشىر،



كى بىر زەرب ئىلە ئول زەمان ئۆلدى دىۋ،
بولۇپ كۆپ ئەلامات چىقتى غەرىۋ.

چۇ مەئۋاسىغە كىردى ئول شول زەمان،
كى قەسرى ئانىڭ گويىيا بىر جەھان.

قايان باقسە نەقدىنە بىسياردۇر،
نەكىم ئىستەسە ئانـدا ئول باردۇر.

ياراتقانغە ئەيلەپ تەھىيـيەت ئەدا،
قىلىپ ھەر نەفەس شۈكر بىمۇنتەھا.

چۇ سوقرات تاغىغە قويدى قەدەم،
ئوقۇپ ئىسمى ئەئزەم ئوقۇپ دەمبەدەم.

مۇسافەت يۈرۈپ كەلدى بىر بىشەگە،
تەرەددۇد بىلە تۈشتى ئەندىشەگە.

نە كۆردىكى بىر مۇرغىزارى ئىرەم،
زەمانى تۈشۈپ ئاندا فەرھاد ھەم.

تۇت ئەي ساقى، مەي جامى ئالەم نەما،
كى ئول پىر دەيرىدە ئەيلەي ھەۋا.

مەئانى ھەرىمدە سوقرات ئولاي،
كى سوقرات يوق، بەلكى بوقرات ئۇلاي.

## شەھزادەئى فەرھاد ئەژدەر بىلە ئەھرەمەننى ھەلاك ئەيلەپ، سوقرات تاغىنىڭ تىلسىمنى خىزر رەھبەرلىكى بىرلە فەتھ قىلىپ، ئول پىر ئەرباب، ئەھلى تەئەييون ۋە ئەنقايى ناياب غارنىشىن سوقرات ھەكىم بىلە مۇلاقات (بولغانى)، جامى جەھانىڭ ئايىنەئى ئىسكەندەر ئىسرارىنى ئول ھەكىمدىن تەئلىم ئالىپ، ئول ئايىنەگە نەزەر ئەيلەپ، ئەجايىپ ئەھۋال پىش كەلگەنى

خىرەد غارىدىن نۇكتە سوقراتۋار،
كەبى كۇھكەن ئەيلەدى ئاشكار.

ئەجايىب تەۋەققۇئنى تەقرىر ئېتىپ،
تىلسىمات زەيلىنى تەھرىر ئېتىپ.

فەراغەت تاپىپ ئىككى ئافاتدىن،
كېلىپ بىشەگە تۈشتى ئول ئاتدىن.

قاراپ كۆردى بىر چەشمەئى دىلفەزا،
ئانىڭ غۇلغۇلىدىن دىل ئەيلەر زىيا.



كى رۇست ئەتتى ئاتنى كېلىپ كۇھكەن،
قىلىپ شۇستۇشۇ پاك ئەيلەپ بەدەن.

نىياز ئىلە يەرگە قويۇپ باشنى،
خۇداغە تۆكۈپ يالبارىپ ياشنى.

كۆتەردى باشىن كۆردى بىر پىرنى،
كى مۇيەسسەفىد ئەھلى تەدبىرنى.

ئانىڭ جەبھەسى ماھى تابان كەبى،
ۋۇجۇدىكى مېھرى دەرەخشان كەبى.

دىدى پىر: "ئەي كۇھكەن يىمە غەم،
كۇشاد تىلسىم ساڭا بولغاي بەھەم.

بۇ ۋادى ئارا بولغۇمىز رەھنەما،
چۇ رەھبەرلىكىمدە تاپارسەن نەۋا.

ئەزەل قىسمەتىدە ساڭا روزىدۇر،
سېنى ئىلتىكەن ئىشقىنىڭ سۇزىدۇر.

مەنەم خىزر پەيغەمبەرى زۇلكەرەم،
دىگەن سۆزلەرىم سارىغە قوي قەدەم.

قەدەمنى ئەدەد بىرلە باسقىل ساناپ،
كى ئاگاھلىق بىرلە ھەر يان قاراپ.

كى ئون مىڭ قەدەمدە ئىرۇر سۈرەتى،
جەھاننى خەراب ئەيلەگەن ھەيئەتى.

كى ئول شەكلىنىڭ كۆكسىدۇر ئايىنە،
ئۆزىدەك ئانىڭ تابىئى بار يەنە.

توقۇز مىڭ قەدەم بولغانىڭدا رەۋان،
كۆزۈڭگە بۇ ئەشكال بولغاي ئايان.

تۇرۇپ ئاندا بىر ئوق رەھا ئەيلەگىل،
كى ئايىنەسىنى ئەدا ئەيلەگىل.

ئەگەر تەگسە ئوق كۆزگۈگە ئول زەمان،
غەرىب سەۋت ئىلە قوزغالۇر بۇ جەھان.

ئوقۇپ ئىسمى ئەئزەمنى ھەر بىر نەفەس،
دەمى ئىسمدىن قىلماغىل تىلنى بەس.

چۇ ئەشكالغە ئاندا بەردىڭ شىكەست،
كى جامى جاھانبىن ساڭا بەردى دەست



چۇ گەنجى ئىسكەندەر بولۇر ئاشكار،
ساڭادۇر نەسىب لۇتفى پەرۋەردىگار،

كى تاپغۇڭدۇرۇر جامى جەمشىدنى،
ئىلىكلەبكى سەن ئاندا خۇرشىدنى.

ئانىڭ نۇرىدىن تاپغۇڭىزدۇر مۇراد،
بۇ مۇشكۇل بولۇر ئىلكىڭىزدە كۇشاد.

ھەمە ماھۇ ۋەلۋاقىئە پاش ئىتىپ،
بەيان ئەيلەدى ئانى سىرداش ئىتىپ.

چۇ فەرھاد تەئلىم ئالىپ نەچچە سۆز،
تەكاۋەر سۈرۈپ ئول سارى قويدى يۈز.

يۈرۈپ ئىسمى ئەئزەمنى تەكرار ئىتىپ،
كى "لاھەۋلە"نى تىلغە ئىقرار ئىتىپ.

ساناپ باستى ئاندا توقۇز مىڭ قەدەم،
چۇ زاھىر بولۇپ ياد بەرگەن سەنەم.

تۇرۇپ ئاندا فەرھاد تەھەممۇل قىلىپ،
ئانى ئاتقالى كۆپ تەخەييۇل قىلىپ.

قورام ساقىدىن ئىلكىگە ئالدى يا،
قىلىپ تىرەنى سىنەسىگە رەھا.

تېگىپ تىرە كۆزگۈ يۈزىگە چۈنان،
شىكەست ئولدى ئۇ، چىقتى قاتىغ بوران.

چۇ نابۇت بولۇپ بارچە ئەشكاللار،
نەمايان بولۇپ جايىدا ماللار.

دىلاۋەر بۇ ئەشكالغە باردى چۇست،
كى ئەشجارغە ئەسىنى قىلدى رۇست.

ئۇشالدى تىلىسمى، ئاچىلدى ئىشىك،
بۇ ئەشكاللار بىرسى ئېرمەس تىرىك.

كۆرۈپ نەقدلەرنى بولۇپ شادمان،
چۇ خاقان سارىغە بولدى رەۋان.

چىقىپ كەلدى فەرھاد مەسرۇر ھال،
بىرى بىرسى بىرلە كۆرۈشتى جەمال.

سالامەت كۆرۈپ شاھ شاھزادەنى،
چۈنان شاد ئولۇپ تۇتتى ئول بادەنى.



قىلىپ بەزل شاھانە فەرھادغە،
غەمى چۈن مۇبەددەل بولۇپ شادغە.

دىدى: "ئول تىلىسمنى قىلدىم شىكەستە
كى ئەشكاللارنى قىلىپ يەرگە پەست.

كۆچۈك بۇ مەكاندىن يۈرۈك قوزغالىپ،
سەرەنجام ئېتىڭ نەقدلەرنى ئالىپ."

چۇ خاقان ئەزىمەت قىلىپ ئوغرادى،
سىپاھى ئانىڭ ئارقەدىن پۇترادى.

تىلىسمى مەكانغە يەتتى يېقىن،
بارى خەيلى بىرلە چۇ ساھىب نەگىن.

كېلىپ تۈشتىلەر ئول خەزايىن ئارا،
كى ئول جايى نەيرەڭ ئايىن ئارا.

ئالىپ بارچە نەقدىنەنى ئول زەمان،
چۇ سوقرات غارىغە بولدى رەۋان.

مەراھىلنى تەي قىلدى سۇرئەت بىلە،
يېتىپ كەلدى تاغىغە فۇرسەت بىلە.

جەھاندا ئەجەب كۈھـدۈر سەركە شان،
كى ئەۋجى تەقابىل بولۇپ كەھكەشان①.

كى ئەترافىدا غار بىھەد تولا،
مۈئەييەن ئېمەس پىر ياتقان خەلا.

تۈشۈپ ئاندا شەھزادە ۋە شاھلار،
تەۋەققۇف قىلىپ ئاندا ھەمـراھلار.

تەفەككۈر قىلىپ تاپمادى غارنى،
كى غار ئىچرە ئول خىزرۋەش يارنى.

كى جامى جەھانىنغە قىلدى نەزەر،
كى ئول غاردىن ئاندا تاپتى خەبەر.

مۈئەييەن قىلىپ يولنى ئول جام ئىلە،
يۈرۈپ ئول تەرەفكە نەچە كام ئىلە.

چۇ ئول جام نۇرى بىلە تاپتى يول،
تەئەننە بىلە تاپتىلەر ئوڭ ۋە سول.

① قولـيازمـىدا "كەشـكەشان" دەپ خـاتا يېزىلىپ قالـغان.



چۇ بىرغار تۆرىدە تاپتى نىشان،
ئۆچۆۋلەن نىشان سارى بولـدى رەۋان.

كىرىپ غارغە باستى نەچـچە قەدەم،
چۇ سوقرات مەئۋاسى بولـدى بەھەم.

تۇرۇپ ئاندا بىر دەم تەفەككۈر بىلە،
تولا فىكر ئەيلەب تەھەييۇر بىلە.

چۇ ئول پىردىن چىقتى ناگاھ سەدا،
ئانىڭدەك سۇرۇشدىن ئولدى نىدا:

"مېنىڭ جانىبىمغە خىرام ئەيلەگىز،
تەۋەھھۇمنى ئۆزگە ھەرام ئەيلەگىز."

بۇلار دەرمەھەل باردى پىر ئالىغە،
تەھىييەت قىلىپ نۇكتە ھەلـلالىغە.

تەۋازىئ بىلە ئەيلەدى ئىلتىـجا،
دىدى "مەرھابا" ئاندا ساھىـب دۇئا.

دىدى شاھغە پىر ئالى مەكان:
"ساڭا مۇژدە ئولدۇركى، بولغۇڭ جەۋان".

چۈ مۆهر ئاڭا بەردى پىر يادكار،
"كى بۇ مۆهردە تۇرفە ئەسرار بار.

قاچانكىم ساڭا يەتسە بىمارلىق،
يەنە پىرلىق، رەنج، تىمارلىق.

سالىپ مۆهرىنى ئاغزىڭا دەرمەهەل،
كى قىلساڭ سۈينى مەزاقىڭدا هەل.

كى يۈتقان زەمان تاپغۇڭىز سىههەتى،
يېتىپ نەۋ جەۋانلىق بەدەن قۇۋۋەتى.

ۋەزىر هەم بۇ دەۋلەتكە بولدى قەرىن،
كى سەندىن ئېمەس ئىلگەرى هەم كېيىن."

نەچە پەندىنى ئەيلەدى پىرى غار:
"قويۇڭ بۇ ئوغۇلنى چىقاڭ ئىكى يار".

چىقىپ تاشقارى شاھ خاقان، ۋەزىر،
بۇلار بىر بىرىگە بولۇپ دەستىگىر.

قالىپ كۈهكەن پىرنىڭ قاشىدا،
تەۋازۇ قىلىپ تۇردى كۆز ياشىدا.



باقىپ جەبهەسىگە چۈ فەرهادنىڭ،
تاپىپ مەنبەئى ئاه-فەريادنىڭ،

دېدى، ئول: "ساڭا بولدى فەرهاد نام،
تۇشۇپدۇر ساڭا خاتەم ئايىنە جام.

ئەزەلدە ساڭا ئىشق بولدى نەسىب،
كى جامى جەهانبىندا تاپغۇڭ هەبىب."

كى ئايىنەگە ئەيلەمەكدىن نەزەر،
مۇئەييەن قىلىپ ئاڭا بەردى خەبەر.

ئەيان ئەيلەدى ئانچە ئەسرارىنى،
تۈگەتتى دېبان نۇكتەنىڭ بارىنى.

دېدى: "مىڭ يىل ئېردى ساڭا ئىنتىزار،
بولۇپدۇر مەكانىم مېنىڭ ئوشبۇ غار.

سېنى كۆردۈم ئۆمرۈم بولۇپدۇر تەمام،
بەقا مۈلكىگە ئەيلەگەيمەن خىرام."

بۇ سۆزنى دېبان كەتتى ئالەمدىن ئول،
چۈ ئول غار بەتنىدە بولدى خۇمۇل.

چۇ شەھزادە چىقتى بولۇپ ئەشكبار،
بۇلار ئەيلەدى يانغالى ئىختىيار،

چۇ ئاندىن كۆچۈپ كەلدى لەشكەر ئارا،
يېتىپ كەلدى ئەۋۋەلقى مەنزەر ئارا.

سەرەنجام ئەيلەپ تىلسىماتنى،
كى چىن سارىغە سۇردىلەر ئاتنى.

## مەۋ ئىزە

جەسەد غارىنىڭ ئەژدەرى نەفس دۇر،
خىيالات فاسىد ئارا ھەبس دۇر.

تەكەببۇر بىلە ھىرىس دۇر ئەھرەمەن،
دىماغىڭ ئەمارىدا تۇتمىش ۋەتەن.

تەغافۇل ئىرۇر بۇ تىلسىمى جەھان،
كى بۇ نەيرەڭ ئىچرە بولۇپ سەن نىھان.

رىيازەت خەدەڭىن مۇھەييا قىلىپ،
قەنائەتدە قەددىڭنى چۇن يا قىلىپ.



رەھا ئەيلەگىل ئۇقنى فەرھادۋار،
كى ئەژدەر نىھادىدىن ئۆرلەت دەمار.

سەداقەت قىلىچىن قىلىپ تېزرەك،
كى ئول دىۋنى قەتل قىلماق كېرەك.

چۇ ئاگاھلىقدىن ساڭا بەرسە دەست،
كى غەفلەت تىلسىمىنى قىلغىل شكەست.

قىلىپ ئەقلىنى خىزىردەك راھبەر،
كۆڭۈل سىرىدىن ئاندا ئالغىل خەبەر.

ۋۇجۇدۇڭدىن ئولسە بۇ ئىشلار ئەيان،
كى سوقرات بولماقغە يوقتۇر گۇمان.

چۇ سوقرات ئولۇپ يولغە قويغىل قەدەم،
كۆڭۈلدىن ئەلايىقنى ئەيلەپ ئەدەم.

كى يارى ھەقىقەتكە بەرگىل كۆڭۈل،
ھەۋەس مېھرىدىن غۇنچە يەڭلىغ تۈگۈل.

كى مەھۋ ئولسە سەندىن ھەۋايۇ ھەۋەس،
قەبۇل ئەيلەگەي يار فەريادرەس.

تۇت، ئەي ساقىيا جامى جەمشىدنى،
كۆرەي ئەكسىدە ئەكسى خۇرشىدنى.

شۇئىدىن ئولسۇن مۇرادىم ئەيان،
چۇ يارىمدىن ئەرمەندە تاپقۇم نىشان.

**خاقانى چىن شەھزادە فەرھاد بىلە ئول بەلالەرنى دەفئ قىلىپ، جامى جەھاننەمانى قولغە كەلتۈرۈپ، سوقرات ھەكىم بىلە كۆرۈشۈپ، چىن شەھرىگە كېلىپ ئايىنەئى ئىسكەندەرگە قاراپ، ئەرمەن شەھرى جىلۋە بېرىپ، شىرىن جەمالىنى مۇشاھەدە قىلىپ، ئەرمەنگە ئەزىمەت قىلغانى**

رىۋايات نەققاشى چەكتى رەقەم،
كى چىن سەفھەسىگە سۈرۈپدۇر قەلەم.

كەلدى خىرەد بىرلە گەنج ئاچتىلار،
چۇ سۆز نەقدىنى فاش ئېتىپ ساچتىلار.

زەمانىكى خاقان فەراغەت تاپىپ،
بەلا دەفئ ئېتىپ، ئىستىراھەت تاپىپ.

يەمەن ئەھلىنى لۇتفىدىن قىلدى شاد،
چۇ ئول خەلق بىرلە قىلىپ خەيرباد.



سۇھەيلا بىلە ھەم كۆرۈشتى كېلىپ،
كۆچۈپ يۇردى ئاندىن ئىجازەت ئالىپ.

كىرىپ يولغە لەشكەر قەتارا قەتار،
ئاياغىدا قىلدى بەيابانىنى تار.

يۈرۈپ فەۋج-فەۋجۇ گۇرۇھا گۇرۇھ،
كى خاقانۇ شەھزادەئى باشۇكوھ.

بارىپ شاد-خۇررەم مەنازىل كېزىپ،
كى تەي ھەربەسىدە مەراھىل كېزىپ.

يۈرۈپ نەچچە كۈن دەشت ۋادى ئارا،
خىتاي ئۆلكەسىدىن كۆرۈندى قارا.

چۇ داخىل بولۇپ قەلئەگە شاھى چىن،
تولۇپ① ئادەمىگە فەزايى زىمىن.

يېتىپ ئېردىكىم بىسەرەنجامىلىق،
ھامانا بولۇپ ئەلگە ئارامىلىق.

چېرىك بىرلە شەھنىڭ چۇ قالدى ئىشى،
كى ئۆز جايىغە تارقادى ھەر كىشى.

① قولىيازمىدا "بولۇپ" دەپ يېزىلىپ قالغان.

خەزاينىغە تاپشۇردى نەقدىنەنى،
كى جامى جەھان بىرلە ئايىنەنى.

كى ھەركىم تاپىپ ئۆز يېرىدە قەرار،
كى تەسكىن تاپىپ ھەم شەھى كاردار.

چۇ فەرھاد كۆڭلى مۇشەۋۋەش ئىدى،
چەراكىم ۋۇجۇدىدا ئاتەش ئىدى.

ھەۋەس قىلدى ئايىنە نەززارەسىن،
ئانىڭدا تاپارغە كۆڭۈل چارەسىن.

مۇسائىد زەمانى تاپىپ شاھزاد،
كى ئايىنەگە ئەيلەدى ئىجتىھاد.

نەزەر قىلدى ئايىنەگە ئول زەمان،
چۇ ئەرمەن دىيارى كۆرۈندى ئەيان.

نەمايان كۆرۈپ بېستۇن كۇھنى،
ئاڭا ئىشلەگەن خەيلى ئەنبۇھنى.

ئاراسىدا بار ئۆزىدەك كۇھكەن،
كى مىتىنىنىڭ زەربى خاراشكەن.



زەمانى ئۆتۈپ كەلدى بىر ماھۋەش،
نىقابى يۈزىدە ئېرۇر شاھۋەش.

رەھا بولدى يۈزدىن سەبادا ھىجاب،
كېتىپ ئەبر چۈن فاش ئولۇپ ئافتاب.

چۇ فەرھاد سالدى نەزەر ماھغە،
كى ئەۋۋەل نەزەردە تۇرۇپ ئاھغە.

يىقىلدى كېتىپ ھۇشىدىن مۇردەدەك،
كى تۇپراق ئارا ياتقان ئەفسۇردەدەك.

چۇ مەفھۇم ئېتىپ بۇ ئەمەلىنى ۋەزىر،
كى شەھ ئالدىغە كەلدى رەۋشەن زەمىر.

بەيان ئەيلەدى ئۇشبۇ ئەسرارنى،
جەھانبىندە تاپقان ئىمىش يارنى.

ئىلاجىغە ئانى نىچۈك قىلغامىز،
كى شەھزادەنىڭ فىكرىدە بولغامىز①.

ئىشىتتى چۇ خاقان ئارا پىچۇتاب،
زەمانىكى دەستۇرغە بەرمەي جەۋاب.

① قولىيازمىدا "بولغۇمىز" دەپ يېزىلىپ قالغان.

تەئەممۇل بىلە قىلدى فىكرى ئەمىق،
خىيالات بەھرىدە بولدى غەرىق.

يېتىپ كەلدى فەرھادنىڭ باشىغە،
نەكۆردىيۇ تۇردىيۇ كۆز ياشىغە.

زەمانى ئۆتۈپ بولدى ئول ھۇشيار،
بولۇپدۇر چۇ ئايىنەدەك بىقەرار.

بولۇپ چېھرەسى زەئفدىن ئەرغۇۋان،
نەدۇر ئەرغۇۋان ئول، دىگىل زەئفەران.

ئىكىنچى نەزەر قىلدى ئايىنەگە،
سالىپ كۆزنى كۆرگەن مۇئايىنەگە.

نەكۆردى، جەھانبىن يۈزى تىرەدۇر،
قايان باقسە ئاندا نەزەر خىرەدۇر.

ۋۇجۇدنى زەئف ئەتتى دەردى فىراق،
زىيادە بولۇپ ھەر زەمان ئىشتىياق.

ھەكىمۇ ئەتىببانى جەمئ ئەتتى شاھ:
"كى شەھزادە رەنجىگە بول چارە خاھ!"



ھەكىملەر مىزاجىنى تەفتىش ئېتىپ،
دەقىق ئىلملار بىرلە ئەندىش ئېتىپ.

دىدىلكىم: "بۇلار خىلتى سەۋدا دۇرۇر،
ئىلاجى مۇنىڭ سەيرى دەريا دۇرۇر.

كى دەريانى سەير ئەتسە دەفئ ئولغۇسى،
خىيالاتى سەۋداكى رەفئ ئولغۇسى."

بۇ سۆز بىرلە خاقان قىلىپ يارلىغ،
كى ئەركانى دۆلەتكە دىلدارلىغ.

سەرەنجام ئېتىپ بارچە ئالاتنى،
چۇ دەريا سارى سۈردىلەر ئاتنى.

كېلىپ كېمەگە كىردى خاقانى چىن،
مۇزەييەن قىلىپ چۇن سەفىنە ئىچىن.

شەھەردەك ئىدى ئول كېمە ۋۇسئەتى،
سىغىپ ئاندا ئەركان ئىلە دەۋلەتى.

خەلايىق كۆپ ئېردى چۇ خاقان بىلە،
كى شەھزادەئى زارى ھەيران بىلە.

سۇرۇپ كېمەنى نەچچە كۈن سۇ ئارا،
كى غايىب بولۇپ ئاندا كۆزدىن قارا.

سۇدىن ئۆزگە ئالەمدە يوقدۇر نىشان،
غەرىب ۋاقىئە ئاندا بولمىش ئەيان.

قەزارا ئېسىپ ئول زەمان تۇند باد،
قىلىپ بارچە ئەل جان بىلە خەيرباد.

ئۇرۇپ كېمەنى ئەيلەدى پارەئى،
تاپالماي خەلايىق ئاڭا چارەئى.

بولۇپ غەرق كىشتى، فۇرۇ كەتتى ئەل،
بۇلارغە كېلىپ ئېردى بادى ئەجەل.

كى زەۋرەقچەدە قالدى دەستۇر، شاھ،
بولۇپ ئۆزگەسى بەھر ئىچرە تەباھ.

كى بىر تەختەدە قالدى شەھزادە ھەم،
كېلىپ باشغە بۇ ئىش، ئانى باستى غەم.

چۇ دەستۇر ئىلە شاھ تاپتى نەجات،
قالىپ ئاندا شەھزادە ئالى سىفات.



چۇ خاقان چىن ياندى ھەسرەت بىلە،
ئاقىپ ئاندا فەرھاد فۇرقەت بىلە.

كى خاقان بولۇپ شەھرىدە بەرقەرار،
بالا دەردىدە يىغلادى زارۇ زار.

سۇرۇپ مەۋجى دەريا چۇ فەرھادنى،
كى ھىجران دىيارىدا مۆئتادنى.

يەمەن جانىبغە يۇرۇپ سۇ ئارا،
يىراقدىن سۇ ئىچرە كۆرۈندى قارا.

كى سۇرئەت بىلە ئول تەرەف يۇردى ئول،
نىشانە سارى زەۋرەقىن سۇردى ئول.

يېتىپ كەلدى، كۆردى ئۇلۇغ بىر كېمە،
كېمە ئەھلىگە تۈشتى كۆپ ۋاھىمە.

قاراقچىمىكىن دەپ گۇمان ئەيلەدى،
يىراقدىن تۇرۇپ ئىمتىھان ئەيلەدى.

چۇ شەھزادە قىلدى بۇلارغە سەلام،
تەۋازۇئ بىلە قىلدى گۇفتۇ كەلام.

دىدىكىم: "فەقىر ئەهلى تۇججار ئىدىم،
كى نۇر دىدەئى مەردى سەييار ئىدىم.

بۇ دەريادا بولدى سەفىنە غەرىق،
فۇرۇ كەتتى ئەل تەهتى بەهرى ئەمىق.

ئاقىپ مەن، ماڭا هۇشدىن يوق ئەسەر،
كى تەقدىرى هەق بەردى سىزدىن خەبەر."

بۇ يەڭلىغ تەكەللۇمنى بىلدى ئۇلۇس،
كى ئالدى، كىمە ئىچرە بەردى جۇلۇس.

بۇلار بىرلە باردى يەمەن سارىغە،
ۋەلى غەرق ئولۇپ ئىشق ئەبھارىغە.

تۇشۇپ ئىشقدىن جانغە يۈز مىڭ شىكەنج،
نىهان كۆڭلىدە يۈز تۈمەن دەردۇ رەنج.

نەچە كۈن يۈرۈپ ئىردى ئەبھار ئارا،
بىناگاه چىقىپ خەلقدىن ماجەرا.

كى مەللاهلار قىلدى ئەفغان بەسى،
چۇ كۆز يۇمدىن ئاقىزىپ قان بەسى،



هەمە ئىزتىراب ئەتتى مۇزتەر بولۇپ،
فىغان بىرلە گوياكى مەهشەر بولۇپ.

چۇ فەرهاد سوردى: "نەدۇر ۋاقىئە؟
كى ئەسلە يىمەڭ غەم، بولۇر دافىئە.

بەيان ئەيلەڭىز مۇندا ئەسرارنى،
قىلاي دەفئ سىزلەردىن ئەغيارنى."

بۇلار ئەيدى: "كەلدى يېتىپ راهزەن،
قۇتۇلماسمىز ئەمدى نە بىزلەر، نە سەن.

قاراقچى كىمەسى بولۇپدۇر يېقىن،
هەمانا بولۇر كىمەمىز ئاتەشىن.

كى ئوت بىرلە بىزنى خەراب ئەتكۈسى،
كىمە ئىچرە سىخلاپ كەباب ئەتكۈسى."

كى شەهزادە ئەيدى: "يىمەڭ ئەسلە غەم،
قىلىڭ شادلىق، قىلماڭىز كۆزنى نەم.

تاپىڭ بىزگە لايىق خەدەڭ بىرلە يا،
خۇدانىڭ ئاتى بىرلە ئەيلەي فەنا.

بۇلار دەرمەھەل ئوقۇ يا كەلتۈرۈپ،
دۇئاغە قول ئاچتى بۇلار ئولتۇرۇپ.

چۇ پەيۋەند ئېتىپ شەستىگە بىر خەدەڭ،
رەھا ئەيلەدى خەسمغە بىدەرەڭ.

كېلىپ تەگدى ئوق، بولدى ئاتەش فىشان،
كۆيۈپ ئوتىدا قالمادى بىر نىشان.

بارى راھزەنلەر قاچا باشلادى،
ۋە بەئزى ئۆزىنى سۇغە تاشلادى.

كى بىر ئوق بىلە ئەلنى قىلدى خەلاس،
ھەمە راھزەنلەردىن ئالدى قىساس.

بۇلار قويدى فەرھاد ئاياغىغە يۈز،
كەفۇ پايىغە سۈردى يۈز بىرلە كۆز.

ھەمە خەلق بىلدى ئانىڭ جۈرئەتىن،
دىلۇ جان بىلە ئەيلەدى خىزمەتىن.

بۇلار ئىچرە بىر مەرد ئىدى دەردمەند،
خىرەدمەند ـ دانا بەسى ھۇشمەند.



كى شافۇر ئىدى خەلق ئارا نام ئاڭا،
كى سەير ـ سەياھەت ئىدى كام ئاڭا.

تەئەننى قىلىپ باقتى فەرھادغە،
تەئەججۈپ قىلىپ سەرۋ ـ شەمشادغە.

ئۇلۇغلۇق نىشانىنى قىلدى گۇمان،
گۇمان ئولكى بۇ ئېرمىش ئالى نىشان.

"يىگەنمۇ ئېكىن ئىشقدىن كۇلفەتى،
ئانىڭ خىزمەتىدگە بولاي ئۇلفەتى."

مۇۋاسا قىلىپ مېھرىبانلىق بىلە،
مۇھەببەت قىلىپ قەدردانلىق بىلە،

چۇ كىشتى ئارا قىلدى خەدداملىق،
چىقىپ خۇشكىغە يەتتى ئاراملىق.

چۇ فەرھاد يىغلار ئىدى ھەرزەمان،
چېكىپ تاڭغە تەگرۇ چۇ ئاھۇ فىغان.

خەلايىق بىلە ئەيلەمەي ئىتتىھاد،
كى پىنھان قىلۇر ئېردى يارىنى ياد.

چۈ فەھم ئەتتى شافۇر كۆڭۈل ھالىنى،
ئاڭا مەي بېرىپ سوردى ئەھۋالىنى.

كى مەي زورى ئاندىن كۆتەردى ھىجاب،
سەۋالىغە ئانىڭ چۈ بەردى جەۋاب.

كى ئايىنەدە ئانى كۆرۈپ ئول زەمان،
چۈ شافۇرغە ئېيتتى بىر-بىر ئەيان.

ھەمە ماھۇۋەلۋاقىئە قىلدى ھەل،
كى قىسمەت بولۇپ ئىشق دەردى ئەزەل.

چۈ شافۇر بىلدى بۇ ئاۋارەلىك،
كى ھىجران ئىلكىدە بىچارەلىك.

دىدى: "غەم يىمەڭ بىزگە مەئلۇم دۇر،
تۈشۈك تەئبىرى بەلكى مەفھۇم دۇر.

كى ئەرمەن دىيارى ئىكەن كۆرگەنىڭ،
داغى ئاندا ئېرەمىش ئىكەن كۆيگەنىڭ.

كى ئول جايدىن ساڭا بەردىم خەبەر،
ۋە بەلكىم بولۇپ دەشت ئارا راھبەر.



سېنى باشلاغۇم يار جانان سارى،
كى ئايىنەدە كۆڭۈل ئالغان سارى."

چۈ شەھزادە ئەيدى: "بۇ ئىشدۇر مەھال،
ۋە ياتۇش دۇرۇر بۇكى، ياخۇد خىيال.

كۆڭۈل ئىستەبان بىزگە بەردىڭ مەدەد،
قەبۇل ئەتمەگەي بۇ سۆزۈڭنى خىرەد.

چۈ شافۇر نەققاشى كامىل ئىدى،
خىيالىغە كەلگەنگە ئامىل ئىدى.

چېكىپ خامەسىن، نەقش قىلدى ئەيان،
كى ئەرمەن دىيارىغە تارتىپ نىشان.

ئەجەب تەرھ قىلدى نەمۇدارىنى،
كى فەرھادنىڭ كۆرگەنىن بارىنى.

مۇنى كۆرگۈزۈپ ئېردى فەرھادغە،
چۈ كۆرگەن زەمان تۈشتى فەريادغە.

نەكۆردىكى ئايىنەدە، كۆردى ئول،
كۆرۈپ شەكلىنى، سۆزنى تۈتتى قەبۇل.

قويۇپ ئاندا شافۇر ئاياغىغە باش،
قىلىپ ئەجز ئىزھار، كۆپ تۆكتى ياش.

دېدى: "باشلاڭىز ئىشق ۋادىسىغە،
قىلاي جان فىدا يولنىڭ ھادىسىغە."

ھەمە خەلق بىرلە قىلىپ خەيرباد،
تۇشۇپ دەشتغە بۇ ئىككى نامۇراد،

چۇ ئەرمەن دىيارىغە ئەزم ئەيلەدى،
يېتىپ ئاندا كۆرگەننى جەزم ئەيلەدى.

كېلىپ كۆردى چۇن بىستۇن تاغىنى،
بۇ تاغ ئىچرە چۇن كار قىلماغىنى.

مىڭۇ ئىككى مىڭچە ھۇنەر پىشەلەر،
مۇنىڭ ھەر بىرى ئىلكىدە تىشەلەر.

چاپار ئىبردى تاغنى مۇشەققەت بىلە،
مىتىندە كېسىپ ئانچە مېھنەت بىلە.

ئايا ساقىيا، جام تۇت تاغ-تاغ،
ئانىڭ يادىدا نۇش ئەيلەي ئاياغ.



كۆڭۈل تاغىدىن بەھر جارى قىلاي،
چۇ كۆز يولىدىن نەھر جارى قىلاي.

## شەھزادەئى فەرھاد دەرىيادىن چىقىپ، شافۇر بىرلە تاپىشىپ، ئەسرارىنى فاش قىلغاندا، شافۇر ئەرمەندىن نىشانە ئەيتىپ، فەرھادنى ئەرمەن جانىبىغە باشلاپ، كۇھى بىستۇن قازغان خەلايىقغە يەتكەندە، ھالىغە رەھىم قىلىپ، مىتىننى قولىغە ئالىپ، چاپىپ، خەلايىقنىڭ ئۈچ يىللىق ئىشىن بىر لەھزەدە قىلغان خەبەرى شىرىنغە مەئلۇم بولۇپ، كېلىپ مۇسافىردىن پۇرسىشى ئەھۋال قىلغانى

چۇ سۆز داستانىغە چەكتى رەقەم،
خىرەد سەفھەسىگە چۇ سۇردى قەلەم.

چۇ فەرھاد ئاندا نەزارە قىلىپ،
كى رەھم ئەيلەدى ئەلگە چارە قىلىپ.

كېلىپ ئىش باشىدىن سوئال ئەيلەدى،
خەلايىق مۇڭا ئەرزى ھال ئەيلەدى.

دېدى: "شاھىمىز ھۆكمىدۇر بۇ ئۇمۇر،
ئانىڭ ئەمرىچە تاپتى بۇ ئىش زۇھۇر.

كى ئۈچ يىل بولۇپدۇر بۇ مېھنەتكە تۇش،
دەرىغا بولۇپمىز مۇشەققەتكە تۇش.

كى تاغ باشىدا بىر ئۇلۇغ بەھردۇر،
ئانىڭدىن سۇ ئاچماققا بۇ قەھردۇر.

كى خارانى كەسمەكدە بولدۇق زەئىف،
ئەدا بولغالى تۇردى ئۆمرى شەرىف."

بۇ سۆزلەرنى ئەيتىپ بولۇپ ئەشكبار،
بۇ بىچارەلەر يىغلادى زار-زار.

ئەسەر قىلدى فەرھاد مەھجۇرغە،
تۇرۇپ مەسلەھەت قىلدى شافۇرغە.

دىدى: "كۆردۈم ئايىنەدە مىسلىنى،
بۇ سۆھبەتدە تاپقۇم ئانىڭ ۋەسلىنى.

خەلايىقنى مېھنەتدىن ئەتكۈم ئەمان،
قىلاي بىر ئىشى، بولغاي ئول داستان.

جەھان سەفھەسىدە قوياي يادكار،
بۇ ئىشدا ئۆلەي، يا تاپاي ۋەسلى يار."



دىدى ئاندا شافۇر با ئىئتىقار:
"قىلاي كارىڭىزدا فەقىر ئىمتىداد.

بۇ جان تەندە باردۇر رەفىقىڭ بولاي،
كى غەم تۈنلەرىدە شەفىقىڭ بولاي.

بۇ سەرھەددە ئىش بىزگە تەقدىردۇر،
كى تەقدىر ئىشىغە نە تەدبىردۇر.

ئىلىك ئۈركى، بۇ ئىشدا تاپقۇڭ مۇراد،
قولۇڭدا بولۇركىم بۇ مۈشكۈل كۇشاد".

كى فەرھاد بىچارە پۇردەرد-غەم،
تەۋەككۈل قىلىپ ئىشقە قويدى قەدەم.

كى سەركارىغە ئەيلەدى ئىلتىفات:
"تەبەر، تىشەنى كەلتۈرۈڭ بىزگە پات.

كى ھازىر قىلىڭ بولسە ھەددادلار،
چۇ خۇررەم بولۇڭ ئەمدى ناشادلار".

يىغىپ بارچە ئەسباب ئالاتنى،
كى نەزر ئەيلەگىز قان قىلىپ شاتنى.

بۇلار يىغدى بارچە تەبەر، تىشەنى،
بۇلار كارىغە قىلدى ئەندىشەنى.

ياساپ نەچچە تىشە بىلە بىر مىتىن،
كى پىنھان ئاڭا سۇ بېرىپ شاھى چىن.

كى يۈز تىشە ۋەزنى بىلە پۈتتى ئۇل،
كى مىتىن سوقۇپ كارىغە ئۇردى قول.

تاماشا قىلىپ تۇردى ھارغان ئۇلۇس،
شەھەردىن ھەشەر بىرلە بارغان ئۇلۇس.

كى خارا كېسىشكە ئويۇن باشلادى،
نەچە قۇللەلەرنى كېسىپ تاشلادى.

چۇ مىتىن قىلىپ تاغنى گەرد ـ گەرد،
دىماغىن مۇشەۋۋەش قىلىپ ئاھى سەرد.

خەلايىق قىلىپ ئېردى ئۈچ [يىل] بۇكار،
كى بىر سائەت ئىچرە قىلىپ شەھرىيار.

تەئەججۈب قىلىپ خەلق بۇ كارغە،
فىدا جان قىلىپ بۇ ئىكى يارغە.



كى مىتىنى زەربىدە خاراشكەن،
قىلىپ رەخنە خارانى ئۇل كۇھكەن.

ئانىڭ زەربىدە ساچراغان رىزە تاش،
چىقىپ ئەيلەگەي چەرخ جىسمىن خەراش.

بۇ يەڭلىغ قىلىپ ئىشنى بىرنەچچە كۈن،
چاپىپ فىل كەبى تاشنى قويماي پۈتۈن.

يېتىپ بۇ خەبەر ئۇل زەمان شاھغە،
داغى يەتتى شىرىن سەنەم ماھغە.

"كېلىپ غەيبدىن بىر مۇسافىر جوۋان،
كۆرۈپ خەلقنى لۇتف قىلدى ئەيان.

چۇ ئۈچ يىللىق ئىشنى قىلىپ لەھزەدە،
ئۇچۇردى قۇراملارنى بىر لەمھەدە.

مېھنىبانۇ ئېردى چۇ ئەرمەنگە شاھ،
كى شىرىن مەلاھەت سىپېھرىگە ماھ.

بۇلارگە تۈشۈپ كۆرگەلى ئىشتىياق،
ئانى كۆرگەلى بارچە قويدى ئاياق.

چۇ شەھ باد پەيماغە راكىب بولۇپ،
تەقى ماھ بارماقغە راغىب بولۇپ،

كى خەيلى ھەشەم بىرلە بولدى سەۋار،
بۇلار پۇترادى، بولدى ئالەم غۇبار.

ھەشەم بىرلە ئاندا يېتىپ كەلدى شاھ،
مەھافە بىلە ماھ زەررىن كۇلاھ.

يېتىپ ئۇل زەمان كار سەرھەددىغە،
نەزەر سالدى فەرھادنىڭ قەددىغە.

جەۋانى ئېرۇر ئادەمى با شۇكۇھ.
ئانىڭ زەربىدىن لەرزەگە كەلدى كۇھ.

تۇرۇپ سائەت ئاندا تاماشا قىلىپ،
ئانىڭ كارى خاتىرنى شەيدا قىلىپ.

ئەدەب بىرلە فەرھاد قىلدى سەلام،
بۇلار ھەم ئانى ئەيلەدى ئېھتىرام.

ساچىپ نەۋجەۋان باشىدىن سىيم-زەر،
چۇ مەمنۇن ئولۇپ ئاندا بارغان ھەشەر.



چۇ ئۇل ۋەقت مەھفىلگە تەگدى سەبا،
چۇ گەردۇن ھىجابىنى قىلدى رەھا.

سۇرۇپ ئاينى ئەبرى قىلىپ ئاشكار،
جەمالىنى كۆرسەتتى ئۇل مەھ نىگار.

كۆزى تۈشتى فەرھادنىڭ ماھغە،
كېتىپ قۇۋۋەتى تۇردى ئۇل ئاھغە.

كى مەدھۇش بولماقغە بولدى يېقىن،
ئۆزىن توختاتىپ تۇردى بىر دەم كېيىن.

كى شافۇر قىلدى مەدەدكارلىق،
نەسىھەت بىلە قىلدى دىلدارلىق.

"كى توختات① ئۆزۈڭ، قىلماغىل ئاھ-زار،
تەھەممۇل قىلىپ بولغى مەردانەۋار."

چۇ فەرھاد قىلىپ بىر بىيىك بارگاھ،
نۇزۇل ئەيلەدى ئاندا شەھ بىرلە ماھ.

كى ھالىن سوراپ شاھ فەرھادنىڭ،
دىيارىن سوراپ سەرۋ ئازادنىڭ.

① قولىيازمىدا "توختاپ" دەپ يېزىلىپ قالغان.

مۇۋاسالىق ئەيلەپ، بولۇپ مېھرىبان:
”ئەجەپ خۇش كېلىپسىز ئەزىز مېھمان.

مەنۇ شاھمەن، سىڭلىمىز ماھدۇر،
جەھان شاھلارى ئاغزىدا ئاھدۇر.

ئەرىق قازماق ئەمرىن قىلىپ ئىختىيار،
قىلىپ يارلىغ بىزگە بۇ مەھ نىگار.

ئانى تەرك قىلماققا يوقدۇر ئىلاج،
كى ئۆچ يىلغا تەگرۇ تاپالماي رەۋاج.

كى جەمئ ئۆلدى مۇندا ھۇنەر پىشەلەر،
كى خاراغە ھەر دەم ئۇرۇپ تىشەلەر.

مۇشەققەتلەر ئىچرە كېچىپ روزگار،
كى تەدبىر ئىلە ئىشلەبان بىشۇمار.

ئانىڭ قىلغانى بۇ ئىدى كۆردۈڭۈز،
بارىنىڭ كۆزى سۇ ئىدى كۆردۈڭۈز.

ئەتا قىلدى سىزنى خۇدايى جەھان،
بەھەمدۇللاھ، بولدى خەلايىق ئەمان.



ئەگەر ئىشغە بولسە سەرەنجاملىق،
شەھەر خەلقىغە بولسە ئاراملىق.

كى سىزگە بېرۇر تەگرى ياخشى جەزا،
كى مىننەت تۇتۇپ بولغۇمىزدۇر رىزا.

كى بۇ ماھۋەش ئانچۇنان شاد ئولۇر،
بارى خەلقنىڭ كۆڭلى ئاباد ئولۇر.“

ئەدەب بىرلە قىلماي چۇ فەرھاد سۆز،
ھەيا بىرلە يەرگە تىكىپ ئىككى كۆز.

كى جارى قىلىپ كۆزىدىن ياشىنى،
ئاياغىغە ئانىڭ قويۇپ باشىنى:

”بۇ خىزمەتنى جان بىرلە تۇتتۇم قەبۇل،
قىلائالماغاي بولسە كىم ئۆزگە قۇل.“

كۇلۇمسۇپ باقىپ يار قىلدى نىگاھ،
كى بىچارە بىدىل چېكىپ قاتىغ ئاھ.

چۇ فەرھادنى كۆردى شىرىن سەنەم،
كى تەئسىر ئېتىپ ئىشق ئۇتى ئاگا ھەم.

تاماشا قىلىپ سائەتى ماھۋەش،
كى بانۇيى ئالى نەسەب شاھۋەش.

كى ئەھسەن قىلىپ ئىلكىنى قاقىبان،
كى قۇللابى ئىشق بويىنىغە تاقىبان.

نەچە ئىشنى فەرمان قىلىپ، خەيرباد
ئېتىپ، ياندى شەھرىگە مەسرۇر-شاد.

قالىپ ئاندا فەرھاد غەم تاغىدا،
نەغەم تاغىدا، بىل ئەلەم تاغىدا.

چېكىپ ئاھ، مىتىن ئۇرۇپ كۆھغە،
ئۇرۇپ باشىن ئول كۆھى ئەندۇھغە.

كى جەدۋەل چېكىبان، رىجە تارتىبان،
قىلىپ ئاندا ئەنھار شەكلىن ئەيان.

چۇ كىم زور بازولۇق ئەيلەپ پەدىد،
كېلىپ لەرزىگە كۆھ ئانداغكى بىد.

ياغىپ سەنگ ھەۋادىن، تۇتۇلدى قۇياش،
ئىكى مىلك كىشى تاشۇبان رىزە تاش.



چاپار ئېردى تاشنى دېبان ئاھى سەرد.
پۈتۈن قۇللەلەرنى قىلىپ گەرد-گەرد.

قىلىبان فەلەكدە مەلەك ئافەرىن،
داغى قىلدى توققۇز فەلەك ئافەرىن.

فەلەكنىڭ يۈزىنى فىگار ئەتتى تاش،
قەمەرنىڭ ئۇزارىن قىلىبان خەراش.

چىقار زەربىدىن رەئد يەڭلىغ سەدا،
مۇنىڭ كارىغە ئەل قىلىپ جان فىدا.

يېقىن مۇددەت ئىچرە قىلىپ بىر ئەرىق،
ياساپ ئايىنە يەڭلىغ ئانچە سىلىق.

ئەرىقنىڭ ئاياغىدا قىلدى ئىمار،
قىلىپ ئاندا شافۇر نەقش-نىگار.

ئەجەب دىلفەزا جايى جەننەت نەما،
ئىچىنى قىلىپ بارچە سۈرەت نەما.

چۇ شافۇر ئەيلەپ ھۈنەر ئاشكار،
قىلىپ قەسرىنى ئانچە زىينەت نىگار.

كى سەيقەل قىلىپ ئاندا دىۋارغە،
ئىلىك ئۇردى ئول بۇ ئۇلۇغ كارغە.

سىزىپ يانە ئەۋرەڭگى شاھانەنى،
كى ئولتۇرغۇزۇپ ئاندا جانانەنى.

باقىپ تۇرغۇزۇپ جىسمى فەرھادنى،
قىلىپ جىلۋەگەر سەرۋ ئازادنى.

ئېتىپ شەكلىنى يۈز تۈمەن ناز ئىلە،
تۇرۇپ كۆھكەن ئۆزرە ئاغاز ئىلە.

چۇ مەشۇق مىسالى بولۇپ ھاي-ھاي،
چېكىپ ئاشىقى ئالدىدا ۋاي-ۋاي.

ئانىڭ قاشىدا قىلدى ھەۋزى پەدىد،
كى ئول يار سىررىنى ئەيلەپ ئۈمىد.

ئەرىقنى دىبان ئىسمى "نەھرۇننەجات"،
سەر شارىنىڭ ئاتى "ئەينۇلھەيات".

ئارىقنىڭ سىفاتىن قىلىپ ئىختسار،
كى قەسر ئەيلەمەكنى قىلىپ ئىختىيار.



ئۇزۇن ئىستەگەن «خەمسە»دىن تاپغۇسى،
كى سۆز يۈزىدىن پەردەنى ئاچقۇسى.

كېلىپ ساقىيا، جام ئەنھار تۇت،
نە ئەنھار كىم، بەلكى ئەبھار تۇت.

كى بولسۇن ماڭا راھى نەھرۇننەجات،
تاپاي زەۋقىدىن جاۋىدانى ھەيات.

**فەرھاد "ئەينۇلھەيات" چەشمەسىدىن "بەھرۇننەجات" ئارىقىغە سۇ ئاچماقىنى ئىرادە قىلغانىدا مېھىنبانۇ ئاڭلاپ، شىرىن بىلە تاماشا ئۈچۈن سەير قىلغانىدا شىرىنىڭ بادپايى پۈيە ئەيلەمەكدە خەلايىق ئىزدىھامىدىن سەركەشلىك قىلىپ يىقىلغانىدا فەرھاد بەرق باددەك قاشىغە يېتىپ مەركەبى بىرلە كۆتەرىپ ھەۋز لەبىگە ئىلتكەنى**

قىلىپ سۆز رىۋايەت خىرەد مەندلەر،
ساچىپ كىلكى نۇگى بىلە قەندلەر.

چۇ فەرھادنىڭ كارى تاپتى رەۋاج،
چۇ مۈشكۈل ئۇمۇر ئىچرە تاپتى ئىلاج.

مىھىنبانۇ ھەر كۈن خەبەردار ئىدى،
ھەمول كۆھكەنگە خەرىدار ئىدى.

بىناگاھ پۈتۈپ كارى نەھرۇننەجات،
كى فەرھاد شافۇرنى چاپتۇردى پات.

خەبەر قىلدى بانۇ بىلە ماھغە،
كىرىپ ئول داغى ئاتلانىپ راھغە.

شەھەر خەلقىغە تۈشتى بىر قوزغالان،
ھەمە مەرد–زەنگە بولۇپ بىر ئۇيان.

كىشى چاپتۇرۇپ ماھۋەش دەرمەھەل:
"كى بىز بارغۇچە لەھزە بولسۇن ھەيەل."

بارىپ ئول كىشى ئەيدى فەرھادغە،
باقىپ تۇردى دەم قەددى شەمشادغە.

ئۇلۇس خەلقى يەتتى تاماشا قىلىپ،
تەفەررۇجلەر ئەيلەپ ئەلالا قىلىپ.

بىناگاھ يېتىپ كەلدى خۇرشىد ماھ،
يىراقدىن كۆرۈپ كۆھكەن چەكتى ئاھ.



چۇ بانۇ كېلىپ تۈشتى ھامۇن ئارا،
كى ئول سەنگلاخ ئىچرە تاخۇن ئارا.

سالىپ ئاندا زىلۇچە ھاي ئىفەك،
داغى ئاستىغە سالدى زىبا تۆشەك.

تۇرۇپ ئاندا ئاداب ئىلە كۆھكەن،
باشىنى سالىپ يەرگە پەژمۇردە تەن.

تۆكۈپ ئەشكىنى ئەبر باران كەبى،
ئاقىپ ياشلارى لەئل رۇممان كەبى.

مىھىنبانۇ ئەيلەپ نەۋازىش ئاڭا،
كى فەرزەندىدەك قىلدى سازىش ئاڭا.

كى ئولتۇرتۇپ ئانى، ئۆزى ئولتۇرۇپ،
تەرەھھۇم قىلىپ يانىغە كەلتۈرۈپ.

نەسىھەت قىلىپ ئانچە شەفقەت بىلە،
دىل ئاسالىق ئەيلەپ مۇھەببەت بىلە.

تەلەتتۇف بىلە ھەر زەمان قىلسە سۆز،
ھەيادىن تىكىپ كۆھكەن يەرگە كۆز.

چۇ ھۆكمى شۇكۇھى قىلىپ ئەلنى لال،
ھەمە چاغلادى ئەيىن ساھىب كەمال.

ئەدەب بىرلە بانۇغە بەردى جەۋاب،
كى ھەر لەفزى ئانىڭ چۇ دۇررى خۇشاب.

قىلىپ فەھم ئاندىن فەراسەتلىكىن،
يەنە چاغلاپ ئەقل-كىياسەتلىكىن.

بىناگاھ پەيدىدار ئولۇپ بىر غۇبار،
غۇبار ئاستىدىن زاھىر ئولدى نىگار.

تەكاۋۇر سۇرۇپ مىھر گەردۇن كەبى،
جەھان يارۇتۇپ كەلدى ئول كۈن كەبى.

خەلايىقنى سۇردى ئاچىق باشىدىن،
يىراق ئەيلەدى كۇھكەن قاشىدىن.

يېتىپ كەلدى كافۇرگۇن ئەشھەبى،
تولۇنى ئەتتى ئەشھەب ئۆزە كەۋكەبى.

خىرامان كېلىبان سەمەند ئويناتىپ،
بەلا خەيلىدىن فىتنەنى قوزغاتىپ.



ئۇرۇپ ئول زەمان كۇھكەن پىچۇتاب،
كى تىترەپ ۋۇجۇدى بولۇپ چۈن سىماب.

يىقىندۇركى، يىغلاپ فىغان باشلادى،
كى دىۋانەلەردەك ئۆزىن تاشلادى.

مىھىنبانۇ قىلدى ئىشارەت ئاڭا،
كى سەبر ئەيلەگىل دەپ بىشارەت ئاڭا:

"كى ئاسرا كۆزۈڭنى داغى ئۆزنى ھەم،
ئاڭا باقمايىن ئىشغە قويغىل قەدەم.

مۇبادا ساڭا يەتسە بىھۇشلۇق،
كىم ئول ياردىن كەتكۈسى خۇشلۇق.

كى ئەقل-خىرەد سەندە مەئيۇب ئولۇر،
نەزەردىن پەرى چېھرە مەھجۇب ئولۇر.

قوپۇپ تېز ئىشىكغە① شورۇئ ئەيلەگىل،
كى سۇ باشلاماقغە رۇجۇئ ئەيلەگىل.

ھوزۇرۇڭ بىلە ئىشنى قىلغىل تەمام،
ئۇلۇغ كارىغە ئەيلەگىل ئېھتىرام."

---

① قولىيازمىدا "ئىشغە" دەپ يېزىلىپ قالغان.

قويۇپ ئاندا فەرھاد ھىممەت بىلە،
تۇتۇپ قولنى شافۇر شەفقەت بىلە.

ئالىپ قولغە مىتىن بىلە تىشەنى،
سۇ ئاچماق ئۈچۈن قىلدى ئەندىشەنى.

بولۇپ كۆھكەن سۇ باشىغە رەۋان،
مېھىنبانۇ، شىرىن بولۇپ شادىمان.

خەلايىق تەفەررۇج قىلىپ دەشت ئارا،
ئەلالا بىلە چىقتى كۆپ ماجەرا.

سەمەند ئوينىتىپ يار شىرىن سەنەم،
تاماشا ئۈچۈن ئاندا قويدى قەدەم.

چۇ فەرھاد باقماي ئۇ يانۇ-بۇ يان،
سۇنىڭ باشىغە يەتتى ئول بۇ زەمان.

چۇ خاراغە مىتىن ئۇرا باشلادى،
نەچە قۇللەلەرنى چاپىپ تاشلادى.

ئانىڭ زەربىدىن چۇن يوغان تاشلار،
بولۇپ ھۇببە مىسلى خۇشخاشلار.



قويا بەردى سۇنى بۇ ئەنھارغە،
بىرىپ چۇن كۆشايىش سەرشارغە.

رەۋان بولدى بۇ جۇي ئارا ساپ سۇ،
كى مەھۋەشغە بۇ ئىش ئىدى ئارزۇ.

ھەمە خەلقى ئالەم بولۇپ شادمان،
ئەرىقنىڭ ئاياغىغە بولدى رەۋان.

چۇ مەھۋەش كۆلۈمسۈپ باشىن ئىرغاتىپ،
كى فەرھادغە ناز ئىلە سۆز قاتىپ.

چۇ ئەھسەن قىلىپ "بارەكەللاھ" دىبان:
"كى بەرسۇن مۇرادىڭ خۇدايى جەھان."

ئەلالا ئەرا ئەيلەدى ئىزدىھام،
كېتىپ ھەۋز سارى بارى خاس- ئام.

سۇدىن ئىلگەرى يەتكەلى ئالدىراپ،
بىرى بىرىسىدىن ئەيلەبان ئىزتىراپ.

چۇ شىرىن سەمەندىگە مەھمىز ئېتىپ،
تۇرۇپ تازىيانە، ئانى تىز ئېتىپ.

چاپار ئېردى ھامۇن ئارا بەرقۋار،
قىلىپ ھەۋزگە يەتكەلى ئىختىيار.

كېلۈر ئېردى ئۇلدەم جەھان ئافەتى،
چاپىپ تېزلىكىدىن مۆدۈردى ئاتى.

يىقىلماقىغە بولدى يېقىن ئول پەرى،
داغى ئۈچقۇدەك باشىدىن ئەفسەرى.

يىراقدىن مۇنى كۆردى ئول كۇھكەن،
يۈگۈردى ئانىڭ سارى ئول فىل تەن.

قۇيۇندەك يېتىپ ئول سەنەم قاشىغە،
كۆتەردى سەمەندى بىلە باشىغە.

ئالىپ دۇشغە ئاينى گەردۇن كەبى،
بولۇپ باشىدا تاجى فەردۇن كەبى.

قاچانكىم نىگارى بولۇپ تاج ئاڭا،
مۇھەببەت مەقامىدا مىئراج ئاڭا.

يېتىپ ئاڭا كەۋنەين ئارا شاھلىق،
مۇۋەددەت سەرىرىدە ئاگاھلىق.



يۈرۈپ كۇھكەن بەرق ئىلە باددەك،
تۈز ئەيلەپ قەدىن سەرۋ ئازاددەك.

پەرىۋەش بىلە ئۈچتى ئانداغ پەرى،
ئانى كەلتۈرۈپ بارچەدىن ئىلگەرى.

زەمىن سەتھىگە قويدى ئانى سەكىن،
كى ئاداب ئىلە ئۆزى تۇردى كېيىن.

ھەمە دىدى: "ئەھسەنتە ئەي نەۋجەۋان،
كى قىلماس بۇ ئىشنى جەھان پەھلەۋان."

تەئەججۈب قولىن تىشلەدى ھەر كىشى،
خەبەرسىز كىشى قولغە پاتىسە تىشى.

مىھىنبانۇ چۈن بولدى ھەيرەتدە لال،
تەئەسسۇف قىلىپ ئاندا ساھىب جەمال.

چۇ غۇلغۇل بىلە يەتتى ئابى رەۋان،
پەرى چېھرە ئۇلدەم بولۇپ شادمان،

ئىمارەتنى سۇ دەۋر ئېتىپ ئايلانىپ،
كېلىپ ناۋدانغە نەچە تولغانىپ.

مۇجەررا بولۇپ نەھرى ئەينۇلھەيات،
قۇيۇلدى كىلىپ ھەۋزى بەھرۇننەجات.

چۇ ئول سەرۋدىن ئايلانىپ كۇھكەن.
كىتىپ كۇھغە، قالدى سەرۋ، سەمەن.

چىقىپ تاغ ئۈزە بولدى ئول ئەشكبار،
تۆكۈپ ياشىنى مىسلى ئەبر باھار.

چىكىپ رەئد يەڭلىغ سەدايى بەلەند،
گەھى يىغلابان، قىلغۇسى گاھى خەند.

بارى خەيلى ياندى تاماشا قىلىپ،
كىچىك ـ چوڭ تەفەررۇج ئەلالا قىلىپ.

كەتۇر ساقىيا جام دەريا مىسال،
قەدەھ كىشتىسىن راھ بەھرىگە سال

ئانىڭ مۇژدەسىدىن چۇ راھەت تاپاي،
كى ئول بەزم ئىچرە ھەلاۋەت تاپاي.

ئانى ئىچمە كىمدىن ھەياتى ماڭا،
كى ئول مەيدە ئۆمرۇم نەجاتى ماڭا.



### مېھىنبانۇ فەرھادنى بەلا تاغدىن كەلتۈرۈپ، مەلال كۆڭلىنى شادلىق قىلماق ئۈچۈن زىيافەت قىلماققە شىرىندىن كېڭەش سورغاندا، بىجاندىل قەبۇل قىلىپ گۇل ـ گۇل ئاچىلغانى، مېھىنبانۇ ھەم شاد ـ خۇررەم بولۇپ، مەجلىس ئەسبابىنى مۇھەييا قىلىپ، فەرھادنى تەكلىف [ئەيلەپ]، بەزم شاھانەلەر قۇرۇپ نەۋازىش قىلغانى

سۇخەن ناقىلى سۆز سارى قىلدى ئەزم،
سەھايىنى شەبىستانىدا قىلدى بەزم.

مېھىنبانۇ شىرىنغە سۈردى كەلام:
"كى فەرھادغە ئەيلەسەك ئېھتىرام.

ئانى ئەيلەسەك بىر كېچە مېھمان،
كى بولساق جەنابىدا بىز مىزبان.

ئانىڭ خىزمەتىنى چۇ قىلسام خىيال،
كى ئەجرىنى ياندۇرماق ئەمرى مەھال.

ئەگەر بولسە كىم رۇستەمى داستان،
بۇ يەڭلىغ قىلا ئالماغاي پەھلەۋان.

چېكىپ رەنج مېھنەتنى بىزلەر ئۈچۈن،
بولۇپ سەرۋ قەددى ئانىڭ مىسلى نۇن.

كېرەكدۇر ئانى ئەمدى شاد ئەيلەمەك،
مۇۋاسا قىلىپ ئىجتىھاد ئەيلەمەك.

نە دەرسىز ئايا خوبلار① سەرۋەرى،
نە سەرۋەركى، ئىككى كۆزۈم گەۋھەرى.

بىزنىڭ بارەمىزدە چېكىپ رەنجنى،
ئاڭا ئەرزىمەس بەرسە مىڭ گەنجنى.

تۈمەن مىڭنى بەرسە پەرۋاسى يوق،
مۇھەببەتدىن ئۆزگە تەمەنناسى يوق.“

چۇ شىرىن دىلىدا بار ئېردى شەرار،
تەمەنناسى ئېردى ئانىڭ ۋەسلى يار.

بۇ سۆزدىن ئىچىدە بولۇپ شادمان،
ئاچىلدى كۆڭۈل غۇنچەسى ئول زەمان.

دىدى: ”ئەيلەگىز بەزم ئاراستە،
مۇزەييەن بىساتىنى ئەفراشتە.

① قولىيازمىدا ”خوبلارى“دەپ يېزىلىپ قالغان.



ھەمە لازىمەسىن مۇھەييا قىلىڭ،
كى شەھلىق رۇسۇمنى بەرپا قىلىڭ.

ئانىڭ ھەققىنى ئەيلەمەكلىك ئەدا،
دىلۇ جان بىلە بىزدىن ئولغاي رەۋا.“

مېھىنبانۇ فەرمانغە سۇردى زەبان،
يىغىلدى ھەمە چوڭ-كىچىك خادىمان.

ياساپ خۇسرەۋانە چۇ ئەسبابى بەزم،
قىلىپ مۇندا بارچە كېرەكلىكنى جەزم.

تۈزەتتى ھەمە رەسم-ئايىنى شاھ،
كى بەرپا قىلىبان بىيىك بارگاھ.

چۇ ساز ئەتتى مەسنەدنى شاھانەئى،
كى بىدىل ئۈچۈن قىلدى كاشانەئى.

بارى بولدى تەييار فەرھاد يوق،
ھەمە مۇنتەزىر، بەزم ئاباد يوق.

بېرەۋنى بۇيۇردى ئاڭا چاپقالى،
چاپىپ تېزرەك كۆھدىن تاپقالى.

ئانى يەتكۈرۈڭ تېز ئەئزازىلە،
كى تەكلىف ئېتىڭ ۋەسلى ئاغازىلە.

بۇ كېچە تۇرۇپمىز ئاڭا ئىنتىزار،
بىزنىڭ بەزمگە ئەيلەسۇن ئىختىيار.

چۇ بارغان نىشان تاپتى ئەندۇھدىن،
تاپىپ تەلبەنى جەنبىئى كۇھدىن.

ئەدەب بىرلە تۇردى قىلىبان سەلام،
"ئەلىف" "لام" ئېتىپ قولىن ئەيلەپ خىرام.

قىلىپ ئەرز بانۇ سەلامىنى ھەم،
يەنە دىلرەبانىڭ پەيامىنى ھەم.

كى بۇ مۇژدەدىن تەبرەدى ئول زەمان،
ئۆلۈك جىسمىغە كىردى ئانداغكى جان.

بولۇپ ئانچە خۇشدىل چۇ قىلدى خىرام،
چۇ مەھۋەش سارى ئاشۇقۇپ قويدى گام.

يېتىشكەچ يۈرۈپ بەزم ئەيۋانىغە،
تۈشۈپ قوزغالان بانۇ ئەركانىغە.



نەچە مۆئتەبەرلەر چىقىپ پېشباز،
قىلىپ ئانى ئىززەت بىلە سەرفەراز.

چۇ بانۇ قىلىپ ئېھتىرامىن ئانىڭ،
كى مەسنەدنى قىلدى مەقامىن ئانىڭ.

ئەدەب بىرلە فەرھاد فەرخۇندە فەر،
كى بانۇغە قۇللۇق قىلىپ ئۆپتى يەر.

چېكىپ ئاھ يەرگە تىكىپ ئىككى كۆز،
ھەيادىن قىلا ئالمايىن ئەسلە سۆز.

چىقىپ كۇرسىغە ئاندا فەرمان تۇتۇپ،
كى فەرمان دىمەك، ھۆكمى جانان تۇتۇپ.

چۇ شافۇرغە كۇرسى ياندا يەر
بېرىپ، ئەيلەدى خەلق ئارا مۆئتەبەر.

مېھىنبانۇ ھەرنەچچە قىلدى خىتاب،
چۇ بىدىل خىجالەتدە بەردى جەۋاب.

چۇ مەردۇملۇق ئەقۋالى پايان ئۇلۇپ،
رەۋان چەكمەكى جان نەمايان ئۇلۇپ.

قىلىپ خانلار ئىچرە تۈرلۈك① غىزا،
تەناۋۇلغە ھىچ قىلمايىن ئىشتىھا.

سۇراھىينى كەلتۈردى ساقى بىلە،
كى گۈلچېھرە گۈلرەڭ ئاياقى بىلە.

چېكىپ جام بانۇ چۇگۇلرەڭگى مۇل،
كى مەي تابىدىن يۈزلەرى بولدى گۈل.

پەرى چېھرە ساقى تۇتۇپ پەي-بەپەي،
ھەمە بەزم ئەھلىغە دەۋرىنچى مەي.

ھەمۇل زار فەرھاد فەرخۇندە فام،
چېكىپ يار يادى بىلە نەچچە جام.

نە مەجلىسدۇر ئول باغى رىزۋان ئىرۇر،
نە مەيدۇركى ئول ئابى ھەيۋان ئىرۇر.

ئاياقچى بولۇپ ھۆر-غۇلمان كەبى،
داغى ساغەرى لەئلى رۇممان كەبى.

مۇغەننى بىلە لەھن ئاغازلار،
چىقىپ پەردەدىن رەقس پەرۋازلار.

① قولىيازمىدا "تولوك - تۈلۈك" دەپ يېزىلىپ قالغان.



دىلارام، دىلارا، دىل ئاسادۇرۇر،
گۈل ئەندام، سۇمەنبۇ، سۇمەنسادۇرۇر.

پەرى خەد، پەرىزاد، پەرىۋەش داغى،
پەرى پەيكىران ئىسمى دىلكەش داغى.

بۇلار تۇتقۇسىدۇر دەمادەم ئاياغ،
كى ئول بەزم يەڭلىغ قىزىتمىش دىماغ.

بۇلار ھەر بىرى فەندە ماھىر ئىدى،
ئۆزى فەنى زەمنىغە قادىر ئىدى.

بۇلار فەندىن سۆز ئاراغە سالىپ،
چۇ بىدىلنى سۆزدە ئاراغە ئالىپ.

بېرىپ بىر بىرىگە جەۋابى بەلىغ،
قىلىپ ئانى مۇلزەم چىرايى سەرىغ.

بۇلاردىن سوراپ نۇكتەئى شەھرىيار،
جەۋابىدا قىلدى بارىن شەرمسار.

يەنە نۇكتەنى ئەيلەدى ئۆزى ھەل،
كى مەردۇملۇق ئىزھار ئېتىپ دەرمەھەل.

بۇ ئادابدىن بانۇ ھەيران ئىدى،
كى خىلۋەتدە شىرىن پەرىشان ئىدى.

نىھان كۆز سالۇر ئىردى فەرھادغە،
كى يىغلاپ تۇشۇپ ئىردى ھەريادغە.

ئاڭا تەگرۇ كۆن شاھى قىلدى نۇزۇل،
ھەرەمى زەمىن ئىچرە بولدى خۇمۇل.

تولا يىغلاپ ئىردى چۇ فەرھاد زار،
كى ئۆرتەپ ئۆزىنى پەرى چېھرە يار.

بىلىپ ئىردى بانۇ بۇلار ھالىنى،
تاپىپ زەئفەران چېھرەئى ئالىنى.

مەخادىمنى ئالدىغە كەلتۈردى پات،
ئاڭا ساغەرى ئەيلەدى ئىلتىفات.

دىدى: "ئېيتىڭ ئول خوبلار شاھىغە،
جەھان ئۆرتەنۇر ناتەۋان ئاھىغە.

بۇ بىچارە ھەر شۇبھەدىن پاكدۇر،
ئۆزى شاھدۇر، مەنزىلى خاكدۇر.



مەلەكۋەش كېلىپدۇر سىفاتى ئانىڭ،
پەرى چېھرە بارى ھەياتى ئانىڭ.

ئاڭا يوقتۇرۇر ھىچ ئەيبو قۇسۇر،
كى زاھىر ئەمەسدۇر ھەۋايۇ غورۇر.

بۇ بىزلەرگە خالىس ئىرۇر مېھمان،
كى بىر لەھزە بولسۇن چىقىپ مىزبان.

بۇ ھەسرەت بىلە چىقسە جانى ئانىڭ،
بولۇر تائەبەد بىزگە قانى ئانىڭ."

نىھان ئاڭلار ئىردىكى بۇ رازنى،
كى ئول بەزم ئارا بولغان ئاۋازنى.

بولۇپ جانى ئاسۇدە بۇ سۆز بىلە،
يىقىن بولدى كۆرمەك ئانى كۆز بىلە.

چېكىپ ئول زەمان ئاھنى تېز-تېز،
كى نازۇك بەدەنگە سالىپ رۇستەخىز.

كۆكۆل قوزغالىپ چۇن بەدەن شەھرىدىن،
فىرار ئەيلەدى ئىشقىنىڭ قەھرىدىن.

چىقسپ پە ِدەدىن ماھى تابان كەبى،
كى يوق يوقكى مېھرى دۇرەخشان كەبى.

قوپۇپ زەررەدەك بەزم ئېلى قوزغالىپ،
چۇ فەرھاد ئولدەم ئاڭا كۆز سالىپ.

چېكىپ ئول زەمان دەرد ئىلە قاتىغ ئاھ،
ۋۇجۇدى بۇ ئوتدا كۆيۇپ مىسلى كاھ.

كى مەي زوردىن توختاتىپ ئۆزنى،
تىكىپ ئول پەرىگە ئىكى كۆزنى.

قىلىپ ئول زەمان يىغلاماق ئاشكار،
بولۇپدۇر پەرى چېھرە ھەم ئەشكبار.

چۇ بانۇ ئىشارەت قىلىپ ئالىغە،
چىقاردى ئانى مەسكەنى ئالىغە.

چۇ خۇرشىد ئىلە ماھ قىلدى قىران،
بولۇپ بىر بىرىگە بۇلار ئىقتىران.

چۇ يەرلىك تاپىپ ئۆز يەرىدە قەرار،
قىلىپ كۇھكەن سەندەلىن ئىختىيار.



داغى كىرگۈزۈپ جامنى دەۋرغە،
ئاياقچى كېلىپ تۇتتى ئول ھۆرغە.

نەچە دەۋر شىرىن لەبالەب ئىچىپ،
يۈزى تابىدىن بەزمگە ئوت ساچىپ.

چۇ سەرخۇش بولۇپ ئاندا جانانەئى،
بولۇپ ئېردى ئانداغكى دىۋانەئى.

دەمادەم باقىپ كۇھكەن ماھغە،
تىكىپ كۆزنى ئوليان تۇرۇپ ئاھغە.

زەمانە كېتىپ ھۇشدىن شىرمەرد،
قىلىپ چۈنكى كەۋنەيندىن ئۆزنى فەرد.

چۇ دەفئ ئەيلەدى مەي ساردىن ھىجاب،
تۈشۈپ جانىغە كۆزگۈدەك ئىزتىراپ.

قاراپ كۇھكەنگە بولۇپ ئىنتىزار،
تۆكۈپ ئەشكىنى يار بىئىختىيار.

تۈمەن جىلۋە بىرلە ئالىپ جامنى،
كى پۇر ئەيلەبان راھى گۈلفامنى.

چۇ بىدىلغە باقىپ قىلىبان خىتاب،
تۈمەن ناز بىرلە كۈلۈمسۈپ قاراپ:

"ئايا ئالەم ئەھلىدە فەردى زەمان،
ھۈنەرمەندۇ دانا، جەھان پەھلەۋان.

كېلىپ دەھرىگە پاك زاتىڭ سېنىڭ،
چىقىپ كۆھكەنلىكدە ئاتىڭ سېنىڭ،

ھۈنەردە ھەمە زىر دەستىڭدۇرۇر،
فەزايىل ئارا بارچە پەستىڭ دۇرۇر.

خۇدا ئاسراسۇن بارچە ئافاتدىن،
مۇبارەك تەنىڭنى بەلىيياتدىن.

كى مىڭ يىل جەھان ئىچرە بولغىل تىرىك،
ھەياتى ئەبەد بىرلە بولغىل شىرىك."

تۈكۈپ ئاغزىدىن گەۋھەر [ئول] شاھۋار،
چۇ بىدىل باشىدىن قىلىبان نىسار:

"نىچۈك تىل بىلە ئۆزرۈڭ ئەيلەي ئەدا،
كى ئەرزىر ساڭا ئەيلەسەم جان فىدا."



قوپۇپ يار بىر-بىر باسىپ قويدى گام،
قىلىپ كۆھكەن جانىبىغە خىرام.

چۇ يانداشتى خۇرشىدغە مۇشتەرى،
مەلەك ياندا يەر تۇتۇپدۇر پەرى.

ئالىپ ئىلكىگە ماھ ياقۇت جام،
كى مەملۇ قىلىبان مەيى لەئلى فام.

ئۆزى نۇش ئېتىپ تۇتتى جانانىغە،
كى جانانى مىننەت تۇتۇپ جانىغە.

ئالىپ يەر ئۆپۈپ نۇش ئېتىپ مەينى پات،
شەبىستان ئارا تاپتى ئابى ھەيات.

نەچە جامنى تۇتتى فەرھادغە،
بۇ ھەم ساقى بولدى پەرىزادغە.

ئانىڭ ئىشقىدا بۇ ئىچىپ جامنى،
بۇ ھەم نۇش ئېتىپ ئاندا گۈلفامنى.

خەلاس ئولدى سائەت ئىكى كۈندىن،
مۇقەررا ئەناسىردەكى تۈندىن.

بىرى بىرگە ئىسبات ئېتىپ رەنجنى،
كۆكۈل دۇرجىدىن پاش ئېتىپ گەنجنى.

يىقىلدىكى فەرھاد مەدھۇش ئولۇپ،
ياتىپ ياندا يارى خامۇش ئولۇپ.

نە ئەقلۇ نە ھۇشۇ خىرەددىن خەبەر،
چۇ قالماي ئۆزى ئۆزلۈكىدىن ئەسەر.

ياتىپ ئىكى تەن گويىيا مۇردەدەك،
گورىستان ئارا ياتقان ئەفسۇردەدەك.

مىھىنبانۇ كەلدى بۇلار قاشىغە،
چۇ پەرۋانەدەك ئۆيرۈلۈپ باشىغە.

نەفەس يولىغە قىلدى كۆزگۈنى سەد،
چۇ كۆزگۈ يۈزىگە رۇتۇبەت رەسەد.

چۇ مەھۋەشنى ئىلتىپ ھەرەمخانەگە،
ستەمكەشنى ھەم خانەئى يانەگە.

داغى تاڭغە تەگرۇ بۇ ئەھۋال ئىدى،
ئىكى زار غەمكەشگە بۇ ھال ئىدى.



سەبۇھ ئولدى ئولدەم يېتىشتى نەسىم،
چۇ بىدىل دىماغىغە يەتكەچ شەمىم.

يېتىپ ئول زەمان ئەقل بىرلە خىرەد،
ھەيا خەيلى بەردى چۇ ئانداغ مەدەد.

خىجالەتدە دىل تەڭ بولۇپ غۇنچەۋار،
چۇ غەم تاغىنى ئەيلەدى ئىختىيار.

ۋۇجۇدىنى سۇ ئەيلەپ ئانداغ ئۇيات،
قوپۇپ سەسكەنىپ جايىغە ياندى پات.

بارىپ تاغ ئارا تۇردى ئەندۇھغە،
سەدا ئۇرگەتىپ ئاھدىن كۇھغە.

چۇ شىرىن سەنەم ھەم كۆزىنى ئاچىپ،
چېكىپ ئاھلار دۇررى ئەشكىن ساچىپ.

شەرەر ئۆزرە قىلدەك ئۇرۇپ پىچۇتاب،
كى ئىشق ئوتىدا دىلنى ئەيلەپ كەباب.

بۇلارغە نەچە نەۋبەت ئېردى بۇ ھال،
بۇ يەڭلىغ قىلۇر ئېردى دەۋران مەلال.

ئاياقچى ماڭا مەينى قىل مەرھەبا،
ئانى نۇش ئېتىپ تەرك ئېتەي ماسەۋا.

ئەدەم مۇلكىدە ۋەسلى جانان تاپاي،
بېرىپ جاننى جانانغە مەن جان تاپاي.

**چەرخ كەجرەفتار بۇ قەلە مۇنلۇق ئەيلەپ، ئىككى گۇل ئاراسىغە تىكەن ئۈندۈرگەندەك بۇ ئىككى يار مۇۋافىق ۋە ئاشىقى سادىقلار ئاراسىغە خۇسرەۋى پەرۋىز رەشكىن بولۇپ، فەرھادى ھەزىننى بەلاتاغىدىن ھىلە دامى بىرلە تۇتۇپ بەند ئەيلەگەندە، كۇشاد تاپىپ ئۆز ۋىساقىغە بارغاندا، پىرە زەن ھىلەگەر ۋە مىكىر پەرۋەر تەدبىرى بىلە ئول ناتەۋان شەھىد بولغانى**

چۇ سۆز ۋادىسىغە سۈرۈپ رەخشىنى،
قەلەم كامى بىرلە چېكىپ نەقشىنى.

زەمانىكى بۇ دەھر ماتەمسەرا،
قىلۇر ئىشق ئېلى رۇزگارىن قارا.

ئىكى يارغە چەرخ رەشك ئەيلەبان،
بۇلار باشىغە زۇلم قىلدى ئەيان.

مەدايىن ئەھلى شاھى خۇسرەۋ ئىدى،
كى ھورمۇز مەقامىدا پەيرەۋ ئىدى.



ئانىڭ زاتى ئېردى كىيانى نىژاد،
نەچە شەھر ئاڭا ئەيلەگەن ئىنقىياد.

بىرەۋدىن ئىشىتتىكى شىرىن سۆزىن،
كۆڭۈلدە تاپىپ ئىشقنىڭ يۇلدۇزىن.

چۇ تەئرىفىدىن يەتتى بىتابلىق،
بولۇپ ئىشق ئارا كۆزلەرى ئابلىق.

ۋەزىرغە دىدى: "قىلغۇمىز نە ئىلاج،
قايۇ ئەمردە تاپغۇسى ئىش رەۋاج؟"

ۋەزىر دىدى كىم: "ئەلچى بارماق كېرەك،
يازىپ خەت جەۋابىنى ئالماق كېرەك."

دىدى شاھ ئول دەمكى: "كەلسۇن دەبىر،
رەقەم ئەيلەسۇن نامەئى دىلپەزىر."

كېلىپ ئول زەمان مۇنشىئى خۇش رەقەم،
كى ئىنشا قىلىپ سۆزنى زەررىن قەلەم.

كۆڭۈل مۇددەئاسىنى تەھرىر ئېتىپ،
مۇھەببەت كەلامىنى تەقرىر ئېتىپ.

خىرەدمەند دانايى قىلدى رەسۇل،
بارىپ شەھرى ئەرمەنگە قىلدى نۇزۇل.

چۇ بانۇ ئىشتتى بۇ رەڭ ماجەرا،
بولۇپدۇر بۇ ئالەم كۆزىگە قارا.

دىدى: "ئاھكىم، بۇ نە سەۋدا دۇرۇر،
فەلەكدىن ھەۋادىس ھۆۋەيدا دۇرۇر."

مەخادىمغە ئەيدى: "تۇشۇرگىل ئانى،
ئىچۈك ئادەمدۇر كۆرەي مەن ئانى."

چۇ تەكلىف ئېتىپ ئەلچىنى ئىچكەرى،
تەئەممۇل قىلىپ ئاندا ھۆرۇ پەرى.

مەھازىر فەراۋان قىلىپ ئالدا،
نەچە خادىمان تۇردى دۇنبالىدا.

فەراغەت تاپىپ ئەكل-ئاشامدىن،
چىقاردى سۆزىن سەرۋ گۇلفامدىن.

دىدى: "شاھ خۇسرەۋ رەسۇلى مەنەم،
كى بۇ نامەدە تاپتى مەقسەد رەقەم.

بولۇپمەن جەۋابى ئۈچۈن ئىنتىزار،
بۇ سۆز مۇئتەبەر ياكى نائىئتىبار؟



چۇ بانۇغە خۇسرەۋ دىبان ئەرز ھال،
كى داماد بولماقنى قىلمىش خىيال."

مىھىنبانۇغە ئەيدى ئەلچى سۆزىن،
داغى تاپشۇرۇپ نامە بىرلە ئۆزىن.

مىھىنبانۇ كۆردى چۇ ئول نامەنى،
يازىپدۇر ئاڭا ھەرفى ھەنگامەنى.

كۆرۈپ نامەنى كۆردى باشدىن ئاياغ،
بەھانە مەيىدە قىزىتمىش دىماغ.

دىدى: "ئەلچى كىرسۇن، سۆزۈم باردۇر،
بەيان ئەتكەلى شاھغە ئەسراردۇر."

كىرىپ ئول زەمان ئەلچى ئەيلەپ دۇئا،
ئۆپۈپ يەر تەھىييەتنى ئەيلەپ ئەدا.

ئەلىف لام ئېتىپ قولنى، قىلدى قىيام،
كى بانۇ ھەم ئەيلەپ ئاڭا ئېھتىرام.

دىدى ئەلچىگە بۇ ئىش ئەمرى مەھال،
كى ھەم جۇفت بولماقنى قىلماس خىيال.

مىزاجى ئانىڭ تەلبە ئاساردۇر،
ئۆزىدىن بۆلەك بارچە ئەغياردۇر.

بۇ سۆزنى ئاڭا دىمەك ئاسان ئەمەس،
بىرەۋ ئاتىنى تۇتماق ئىمكان ئەمەس.

بۇ ئۆزرۈمنى ئول شاھ تۇتسۇن قەبۇل،
پەرى چېھرەنى قىلماسۇنلار مەلۇل!“

بۇ سۆزنى ئالىپ ئەلچى ئەزم ئەيلەدى،
كېلىپ شاھ ئالدىدا بەزم ئەيلەدى.

چۇ خۇسرەۋغە تەقرىر ئېتىپ قالنى،
بىلىندۈردى ئەرمەندەكى ھالنى.

بەھانە ئىشىنى چۇ فەھم ئەتتى شاھ،
غەزەبدىن چېكىپ ئول زەمان ئۇتلۇغ ئاھ.

سىپاھىلارىغە قىلىپ يارلىغ:
”قوشۇننى قىلىڭ دەرمەھەل بارلىغ.

چۇ ئەرمەنگە يۈرسۈن بارى لەشكەران،
دەرەڭ ئەيلەمەي تېز يۈرسۈن رەۋان!“



يۈرۈپ ئول زەمان بارچە سەردارلار،
باسىپ ئالدىدا نەچچە ئەييارلار.

يۈرۈپ ئارقەدىن شاھ زالىم نەما،
كى ئەرمەنگە بارماقنى قىلدى ھەۋا.

كېچە-كۈندۈز ئەيلەپ مەراھىلنى تەي،
كېزىپ شەھر، قەريە، مەنازىلنى تەي.

يېتىپ كەلدى ئەرمەن مۇزافاتىغە،
يېقىن كەلدى ئولدەم شەھەر قاتىغە.

مىھىنبانۇ ئاڭلاپ بۇ ھەنگامەنى،
يىغىپ① شەھرىدىن خاس ئىلە ئامەنى.

ۋەزىرىغە دىدى: ”شەھرنى ساقلاڭىز،
سېپىل بىرلە دەرۋازەنى ئاسراڭىز!“

چۇ مەھكەم قىلىپ شەھرنى سەد كەبى،
سېپىل باشىغە چىقتى ئەل مەد كەبى.

كېلىپ تۈشتى خۇسرەۋ شەھەرنى قاباپ،
ئېھاتە قىلىپ لەشكەرى بىھىساپ.

---

① قولىيارمىدا ”چىقىپ“ دەپ يېزىلىپ قالغان.

چۇ خۇسرەۋ تەماشا قىلىپ شەھەرنى،
كى بانۇ ئۇچۇن تىترەتىپ قەھرنى.

تەماشا قىلىپ كۆردى بىر كۇھنى،
كۆرۈپ ئاندا بىر ئەھلى ئەندۇھنى.

تەئەممۇل بىلە قىلدى ئۇل دەم نەزەر،
شۇكۇھىدىن ئەيلەپ ئانىڭ ئەلھەزەر.

كۆرۈپ رەشك قىلدى چۇ خۇسرەۋ ئاڭا،
غەرەپ ئۇتىدىن سالدى پەرتەۋ ئاڭا.

تۇرۇپ تاغ تۇبىدە سەدا ئەيلەدى،
كى ئۇل كۇھ يەڭلىغ ندا ئەيلەدى.

دېدى: "ئەي گەدا، سەن نەدىۋانە سەن،
گەدا سەنكى، ئەغيارى جانانە سەن.

نە ھەددۇركى شەھلەرغە بولساڭ شىرىك،
سېنى كىم بۇ ئىشدا قويارمۇ تىرىك."

"تۇشۇرگىل" دېبان قىلدى قەھرۇ غەزەپ،
كى تاغقە يۇگۇردى نەچە بىئەدەپ.



چۇ يارماشتى تاغقەكى جەھد ئەيلەبان،
كى بىدىلنى تۇتماقغە ئەھد ئەيلەبان.

كۆرۈپ كۇھكەن ئىرغاتىپ باشنى،
ئالىپ ئىلكىگە بىر نەچە تاشنى.

دېدى كىم، ئايا زالىمى نابكار،
باشىڭغە بۇ تاشىم ئېرۇر ئىنتىزار.

ساڭا جان كېرەك بولسا ئارقاڭغە يان،
كى بىر تاش بىلە ئۇچقۇسى نەچچە جان.

قەبۇل ئەتمەي ئۇل ئىزتىراپ ئەيلەدى،
ئۆزىن تاغ ئۆزە ئەرتكاب ئەيلەدى.

دىلاۋەر كۆرۈپ، تاش رەھا ئەيلەدى،
كى تاشى تېگىپ، باش ئەدا ئەيلەدى.

قاچىپ ئۆزگەسى ئارقاسىغە يانىپ،
يىقىلدى ئېگىزدىن باشى ئايلانىپ.

نەزەر سالدى خۇسرەۋ بۇ ئەفئالغە،
غەزەبدىن تۇشۇپ ئۆزگەچە ھالغە.

چۇ ئىككى قەدەم ئىلگەرى باستى ئۇل،
چۇ فەرھاد ھەم تاشغە قويدى قول.

قىلىپ شاھ خۇسرەۋغە تاشىن رەۋان،
كى مىلىن ئۇچۇردى تېگىپ ئۇل زەمان.

ئىكەۋنىڭ ئاراسى ئىدى مىڭ قەرى،
تۇشۇپ ئۇل زەمان شاھنىڭ ئەفسەرى.

چۇ فەرھاد خۇسرەۋغە قىلدى كەلام:
”گەدا بىرلە سۆزلەشمەكىڭدۇر ھەرام.

كى مەن تەلبە بىرلە سېنىڭ نە ئىشىڭ،
كۆرۈپسەن جەنابىڭدا ئۆلدى كىشىڭ.

سېنى ھەم ئەدا ئەيلەمەكدۇر يېقىن،
كەرەم ئەيلەدىم ئەمدى يانغىل كېيىن.

چۇ باشىڭغە ئۇرسام كېتەر ئېردى باش،
غەنىمەت بىلىپ جايىڭغە كەت ئاداش!“

تۇشۇپ ئاندا خۇسرەۋگە ئانداغكى بىم،
ئانىڭ تاشىدىن يەتتى خەۋفى ئەزىم.



يانىپ ئۆز مەكانىغە قىلدى نۇزۇل،
كى فەرھاد ئۇچۇن ئانچە بولـدى مەلۇل.

ۋەزىرغە دىدى: ”ئەمدى نەتمەك كېرەك،
ئارادىن بۇ تەننى يوق ئەتمەك كېرەك.

يولۇغە مېنىڭ كىم ئۇنۇپدۇر تىكەن،
بۇ تاغدا ۋەتەن ئەيلەمىش كوھكەن.

ئانىڭ بىرلە ھەرب ئەتمەك ئاسان ئەمەس،
يېقىن بارغالى ئەسلە ئىمكان ئەمەس.

ئانى تۇتسا تەدبىر بىرلە بىرەۋ،
كى ئىشلەتسە ئالىدا مىڭ مىكر رەۋ،

ئانى مەدھۇش ئەيلەپ زەرافەت بىلە،
ئالىپ كەلسە مۇندا فەراسەت بىلە.

ئانى لۇتف ئېھسان بىلە سەرفەراز،
قىلاي دەھر ئىچرە ئانى بىنىياز.

قوپۇپ بىر ھەرامزادە بولدى رەۋان،
ئۆزى شەكلىنى قىلدى بىر ناتەۋان.

بەيابان تەرەفكە چىقىپ كەتتى ئول،
ئۆزۈلدى خەلايىقدىن ئولدى خەمۇل.

كېلىپ تاغنىڭ دامەنىغە كېچە،
قىلىپ نالە-ئەفغانىنى ئۆزگەچە.

چېكىپ ھەرزەمان ئاشقانە نەۋا،
بولۇپ ئول بىرەۋ ئىشقىدا بىنەۋا.

ئۆرۈپ ئىشق ھەرفى بىلە ئانچە لاف،
مۇنىڭ نالەسىگە سەدا قىلدى قاف.

ئىشىتتى بۇ ئەفغانىنى ئول كوھكەن،
ئىچى كۆيدى ئول دەم، كى تۇشتى تۆبەن.

دېدى: "ئەي ھەزىن، سەن نىچۈك ئادەمى،
تۈشۈپدۇر باشىڭغە بىرەۋنىڭ غەمى.

گۇمان ئولكى ئەۋۋارەيۇ زارە سەن،
كى ئىشق ئىلكىدە بەلكى بىچارە سەن."

دېدى ئول: "ئايا بىھتەرى شاھى ئىشق،
تەرىقى مۇھەببەتدە ئاگاھى ئىشق.



كى سىزدەك بىرەۋ ناتەۋانى ئىدىم،
ئانىڭ ئىشقىدا خەستە جانى ئىدىم.

شەھەردە ئىدى مەتلۇبىم مەسكەنى،
ئانى مەن كۆرەر ئېردىمۇ ئول مېنى.

كېلىپ شاھ زالىم قىلىپدۇر قەبەل،
كى بانۇ بىلە ئەيلەمەككە جەدەل.

شەھەرنى ئىباتە قىلىپ تۇشتى ئول،
مۇزافاتلارغە داغى قويدى قول.

ئەمانلىق كېتىپدۇر، يامانلىق قالىپ،
تۇرۇپ ئاندا شەھ پاسبانلىق قىلىپ.

كېلىپمەن بۇ يەرگە پەناھ ئىستەبان،
سېنى ئىشق ئەھلىغە شاھ ئىستەبان."

تۇتۇپ بەردى بىر گۇل چۇ فەرھادغە،
قىلىپ مىكرلەر سەرۋ ئازادغە.

فۇسۇنسازنىڭ سۆزى قىلدى ئەسەر،
چېكىپ ئاھلار، تۆكتى كۆزدىن گۆھەر.

چۇ ئۇل گۇلنى ئىلداپ ئىدى كۇهكەن،
كېتىپ هۇشىدىن ئۇل زەمان فىل تەن.

چۇ ئۇل گۇلكى دارۇيى بىهۇش ئىدى،
بولۇر ئېردى بىهۇش كەلسە هىدى.

چۇ بىدىل بولۇپ ئۆزىدىن بىخەبەر،
كى قالماي بەدەندە خىرەددىن ئەسەر.

بەش-ئۇنچە سىپاھ تۇرغان ئېردى ماراپ،
يىقىلغاننى كۆردى يىراقدىن قاراپ.

كېلىپ چۇست فەرهادنىڭ قاشىغە،
كى بەند ئەيلەدى پايىدىن باشىغە.

چۇ شافۇر بۇ ئىشدىن كى غافىل ئىدى،
كى بىر يەردە ئۇيقۇغە مايىل ئىدى.

يامان تۇش كۆرۇپ ئۇل زەمان ئويغانىپ،
قوپۇپ تېز-تۇند ئورنىدىن سەسكەنىپ.

قاراپ كۆردى ئۇل كۇهكەن هالىنى،
هەرامزادەلەر مىكر ئەشغالىنى.



قولغە ئالىپ تاش مىتىن تاراش،
ئۇرۇپ مەغزنى ساچتى مانەند ياش.

هەرامزادە ئەيىار بولۇپ گەرد-گەرد،
قالىپ ئاندا شافۇر چېكىپ ئاهى سەرد.

سىپاهلار ئالىپ قاچتى فەرهادنى،
قىلىپ جانىغە زۇلم-بىدادنى.

چۇ خۇسرەۋغە ئاگلاندى بۇ ۋاقىئە،
بولۇبان باشىدىن غەمى دافىئە.

چۇ بىدىلنى كەلتۇردى خۇسرەۋغە پات،
سالىپ بەند ئەغلالنى قاتمۇ-قات.

ئانى قەتل قىلماقغە قىلدى غەزەپ،
ۋەزىر ئەيدى: ”ئۆلتۇرمەگىل بىسەبەپ.

ئانى هۇشىغە كەلتۇرۇپ قىل سەۋال،
چۇ سۆز بىرلە ئانىڭكى ئەسرارىن ئال!“

بۇ يۇردىكى شەھ: كەلتۇرۇڭ هۇشىغە،
گۇلابى مۇهەييا قىلىڭ نۇشىغە!“

ئانى كەلتۈرۈپ ھۇشخە ئۇل زەمان،
كېلىپ ھۇشخە، كەلدى ئۇل ناتەۋان.

بىيىك بارگاھ ئىچرە ئەۋرەڭگى شاھ،
باشىدا مۇھەييا ئىدى بارگاھ.

گۇناھكاردەك يەرگە ئۇل تىكتى كۆز،
كى ئۇل سورمايىن قىلمادى ئەسلە سۆز.

چۇ خۇسرەۋ كۆرۈپ بۇ سۇفەت يالبال،
ئەجەپ شىر ئەندام، ساھىب جەمال.

سەۋال ئەيلەدى: "سەن نىچۈك ئادەمى،
ساڭا قايسى گۈلنىڭ تۈشۈپدۇر غەمى؟"

جەۋابىن بېرىپ ئىشقىدىن مىڭ كەلام،
ئاڭا ئەيلەدى سۆز قىلۇرنى ھەرام.

ئانى قەتل قىلماقغە قىلدى ھەۋەس،
چۇ دانا بولۇپ ئاڭا فەريادرەس:

"سۆزىدىن كېلۇر شاھلىقدىن نىشان،
ئانى دەرمەھەل قەتل قىلماق يامان.



نىھان ساقلاسە بىرنەچە خادەمى،
بولۇپ پاسىبان پەھلەۋان ئادەمى."

پىسەند بولدى سۆز شاھى بىدادغە،
گەران قىلدى بەندىنى فەرھادغە.

كى تاغ باشىدا بار ئىدى بىر ھىسار،
ياشۇرماقنى ئاندا قىلىپ ئىختىيار.

ئىبەردى ئاڭا پاسبانلار بىلە،
نە ئۇل پاسىبان، پەھلەۋانلار بىلە.

چۇ فەرھادنى قويدى قورغان ئارا،
تۇرۇپ دەۋرىدە خادىمان جابەجا.

بىر ئىككى كېچە ئۆتتى مېھنەت بىلە،
كى ھىجراندا يۈز مىڭ ئۇقۇبەت بىلە.

ئۈچىنچى كېچە ئىشق تۇغيان قىلىپ،
قىلىپ نالەلەر باغرىنى قان قىلىپ.

بىلۇر ئېيردى بىر ئىسمى ئەئزەم داغى،
كىشى ئوقۇسە بەند بولغان چاغى.

كۇشادە بولۇر بارچە بەندى گەران،
بولۇر ئۇل كىشى ھەر تەرەفكە رەۋان.

چۇ سوقراتدىن تەئلىم ئالغان ئىدى،
بۇ گەۋھەرنى جاندا ياشۇرغان ئىدى.

سەھەر ۋەقتىدە تىلغە ئىقرار ئېتىپ،
ئانى ئوقۇدى نەچچە تەكرار ئېتىپ.

تۆكۈلدى بەدەندىن ھەمە بەندلەر،
چۇ بىدىل بولۇپ ئانچە خۇرسەندلەر.

چىقىپ بولدى چۇن تاغ سارى رەۋان،
قالىپ ئۇيقۇدا ساقلاغان پاسبان.

تاڭ ئاتقاندا كۆردىكى فەرھاد يوق،
كى بەند ئىچرەكى سەرۋ ئازاد يوق.

ياقا يىرتىبان ئەيلەدىلەر فىغان،
باقىپ ئىستەدى پۇتراشىپ ھەر قەيان.

مەقام ئېردى ئۇل كۇھ فەرھادغە،
خەبەر ئەيلەدى شاھى بىدادغە.



قىلىپ پاسبانلارغە خۇسرەۋ غەزەپ:
”ئانىڭ قاچماقىغە نە بولدى سەبەپ؟“

بۇلار ئەيدى: ”ئەي شاھى ئالەم پەناھ،
غەزەپ ئەيلەمەڭ، بىزدە يوقتۇر گۇناھ.

ئانىڭ زاتىدا خىسلەتى بار ئىكەن،
خۇداغە ئانىڭ ھاجەتى بار ئىكەن.

كى سەن ئەيلەدىڭ ئاڭا بىدادلىق،
كى شاھى ھەقىقەت بېرىپ شادلىق،

چۇ لۇتفى بىلە قىلدى ئازاد ئانى،
كى غەم تاغىدا ئەيلەدى شاد ئانى.“

چۇ خۇسرەۋ بۇ سۆز ئاڭلابان بولدى لال،
مۇنىڭ فىكرىدە قىلدى نازۇك خىيال.

ۋەزىرغە دىدى: ”ئەمدى نىدۇر ئىلاج،
بۇ بىدىل تۇرۇپ، ئىشغە يوقتۇر ئىلاج؟“

ۋەزىر ئەيدى: ”تەدبىر قىلماق كېرەك،
ئانى سۆزدە تەسخىر قىلماق كېرەك.

تاپسپ ئۇستەبان ئاندا مەككارى زال،
كى ۋەسۋاسى مەختالەئى بەدسگال.

ئەجەپ شۇم تەلئەت قەرى پىرەزەن،
كۆزى گەجگەسىدە، داغى كەج دەھەن.

قاراقى ئانىڭ گەجگەسىگە يېقىن،
ھەمە شەيئىلەرنى كۆرەر كەيىندىن.

بەلى خەملىكىدىن باشدۇر تۆبەن،
تەقابىل بولۇپ ئاندا ئىككى دەھەن.

يۇرۇسە ئەگەر مىكردە كىن ساچىپ،
قاراسىنى كۆرگەندە شەيتان قاچىپ.

فوسۇنى قىلۇر خانماندىن جۇدا،
نە ئۇل خانمان، بەلكى جاندىن جۇدا.

ئاڭا ۋەئدەلەر قىلدى ئىنئامدىن،
زەرۇ سىيم ئىلە ئىززەت ئىكرامدىن.

”كى بىر ھىلە بىرلە ئانى يوق قىلىڭ.
كۆڭۈلنى سەرەنجام ئېتىپ توق قىلىڭ!“



چۇ ئۇل پىرزەن دىدى مۇنداغ كەلام:
”فوسۇن بىرلە ئۆمرىنى ئەيلەي تەمام.

ئاڭا مىكىر بىرلە بىرەي مەن فەرىب،
فوسۇن بىرلە ئەيلەي ئەجەلگە قەرىب.“

كېچە چىقتى مەككارەئى بەدنىھاد،
قىلىپ ئۇل زەمان شاھغە خەيرباد.

قەرى ئۇل زەمان بولدى ئەلدىن نىھان،
چۇ فەرھاد تاغىغە بولدى رەۋان.

كېلىپ كۇھكەن دامەنىغە قەرى،
ھەزىن نالە بىرلە ئاقىپدۇر تەرى.

تاڭ ئاتقۇنچە يىغلاپ تاپائالمادى،
كى تۇرغان يەرىدىن قوپائالمادى.

چۇ بىدىل ئىشىتتى ھەزىن نالەنى،
تۇشۇپ كۇھدىن كۆردى مەختالەنى.

ئىچى كۆيدى فەرھادنىڭ قارىغە،
بۇ ھەم زار ئەيلەب ئانىڭ زارىغە.

بولۇپ سۇبھ چۈن قىلدى نۇرىنى فاش،
كى ئىزھار ئېتىبان جەمالىن قۇياش.

چۇ ئىلكىدە تەسبىھدىن دانەسى،
مەگەر ئاغزىدا مىكر ئەفسانەسى.

دىدى: ”نە يېتىپ چەرخدىن، ئەي ئانا،
بۇ غەم كانىدا بولدۇڭىز مۇبتەلا؟“

دىدى ئول قەرى: ”ئەي بەھادىر يىگىت،
ئەجەپ ۋاقىئە بولدى، ئەمدى ئىشىت.

بۇ خۇسرەۋ دىگەن كەلدى شىرىن ئۈچۈن،
ئەداۋەتدە ئاتلار چاپىپ كىن ئۈچۈن.

مېھىنبانۇ بىرلە قىلىپدۇر ياراش،
ئانىڭ بىرلە بۇدەم تۈزۈپدۇر مەئاش.

كى بانۇ سۆزىنى قىلىپدۇر قەبۇل،
كى شىرىن مەكانىغە قىلدى نۇزۇل.

بىرەۋ ئىشقى بىرلە پەرى شاد ئىكەن،
ئانىڭ ئاشىقى زارى فەرھاد ئىكەن.



مۇنى ئاڭلابان يار شىرىن سەنەم،
چېكىپ ئاھ، بولمىش ۋۇجۇدى ئەدەم.

ئۆزىن ئۆلتۈرۈپ ئاھ فەرھاد دەپ،
تۆكۈپ قانىنى داد-بىداد دەپ.

ئۆزىدىن ئۆزى تىغ ئىلە تۆكتى قان،
كى فەرھاد ئۈچۈن يار تاپشۇردى جان،

ھەمە خەلقى ئالەم فىغان ئەيلەدى،
فەقىرنىكى ئازوردە جان ئەيلەدى.

تۇرالماي شەھەر ئىچرە كەلدىم بۇيان،
كى ماتەم تۇتۇپ بارچە خۇرد-كەلان.

نېتەي، خىلۋەتىمدىن ئامانلىق كېتىپ،
ھەمە بولدى غەۋغا مۇسىبەت يېتىپ.

فەراغەت بىلە قىلمادىم قۇلچىلىق،
شەھەرنىڭ ئىچى تولدى غەۋغاغە جىق.

كېلىپمەن بۇ يەرگە تەۋەللا قىلىپ،
ئىبادەت قىلىشغە تەمەننا قىلىپ.“

دىسان يىغلادى ئۇل قەرى زار-زار،
كۆزى بولدى ئانىڭ چۇ ئەبرى باھار.

قەرىدىن بۇ سۆزنى ئىشتكەن زەمان،
قاراڭغۇ بولۇپ كۆزگە رەۋشەن جەھان.

دىدى: "ئەي موما، راستمۇدۇر بۇ خەبەر،
سۆزۈڭدىن يېتىپ جانغە ئوتلۇغ شەرەر."

دىدى: "راستدۇر بۇ قەزانىڭ ئىشى،
قەزا يەتسە ئاندىن قاچارمۇ كىشى."

چۇ سۆز بىرلە ئازدۇردى شەيتان قەرى،
كى ئاشىقنى ئۇل نامۇسۇلمان قەرى.

چېكىپ ئاندا فەرھاد ئاھۇ فىغان،
كى مۆھلىك ۋەسىيەتنى قىلدى ئەيان.

ھەمە ئەرز ھالىنى ئەيلەپ خىتاب،
چېكىپ ئاھ، ئەرمەن سارىغە قاراپ.

ئۇرۇپ باشىنى تاشقە "شىرىن" دېبان،
كېچىپ جانى شىرىندىن ئۇل زەمان.



قىلىپ قانى تاغ دامەنىن لالەزار،
ھەمە ۋەھشىلەر يىغلادى زار-زار.

قىلىپ پارە-پارە قەرىنى سىبائ،
ھەمە ۋەھشىلەر بولدى چۇن ئىجتىمائ.

چۇ يىغلاپ ئاڭا ۋەھشىيۇ تاغلار،
پۈتۈپ قانىدىن لالەيۇ باغلار.

چۇ شافۇرغە بولدى بۇ ئىش ئەيان،
يۈگۈردى ئانىڭ سارى ئەيلەپ فىغان.

كېلىپ كۆرسە ئۇل ياتقۇسى قان بىلە،
ئانىڭ ئىشقىدا ئوينامىش جان بىلە.

ئۇرۇپ باشغە ئاندا شافۇر زار،
كى تىرناغ ئىلە قىلدى يۈزنى فىگار.

چۇ بانۇغە يەتتى بۇ مۆھلىك خەبەر،
ۋۇجۇدىغە ئانىڭ تۇتاشتى شەرەر.

دىدى كىم: "بۇ سۆزنى سەنەم بىلمەسۈن،
ئاڭا بۇ خەبەردىن خەبەر قىلماسۈن.

مۇبادا ئىشىتسە، ئۆزىنى يوق قىلۇر،
ئەجەل زەھرىدىن ئۆزىنى توق قىلۇر.“

يېتىپ بۇ خەبەر شاھ خۇسرەۋغە ھەم،
مۇنىڭ ئۆلگەنىدىن بولۇپ دەفئى غەم.

قاقىپ تەبلنى شادلىق ئەيلەبان،
ئۇلۇغ غەمدىن ئازادلىق ئەيلەبان.

يەنە ئەلچىسىن بۇيرۇدى بانۇغە،
بۇيۇردى كۆشۈك بىرلە ئەلنى سۇغە.

خەبەر قىلدى ئاندا ئىسەرگەن رەسۇل:
”كى شەھنىڭ سۆزىن ئەمدى تۇتغاي قەبۇل!“

ئارادىن كېتىپ ماھنىڭ بىدىلى،
قارا توپراق بولمىش ئانىڭ مەنزىلى.

ئەداۋەت ئىشىن ئەيلەسۇن بىر تەرەف،
مۇۋاسالىق ئەيلەپ كى تاپسۇن شەرەف①.

چۇ بانۇ بۇ سۆزدىن بولۇپ نائىلاج،
كى شىرىنغە ئول دەم بولۇپ ئىمتىزاج.

---

① قولىيازمىدا ”شىرىق“ دەپ يېزىلىپ قالغان.



ئاراغە سالىپ بۇ مەقۇلاتنى،
كى خۇسرەۋدىن ئۆتكەن نەقۇلاتنى.

چۇ فەرھادنىڭ بولغانىنى ئەدەم،
بىلىپ ئول زەمان يار شىرىن سەنەم.

تۇتاشتى ۋۇجۇدىغە ھىرمان ئوتى،
نە ھىرمان ئوتى، چەرخ دەۋران ئوتى.

دىدى ئول زەمانكىم: ”تۆگەپدۇر ئىشىم،
مېنى دەپ جەھاندىن كېچىپدۇر كىشىم.

فەقىر ھەم ئانىڭ ئارقاسىدىن كېتەي،
ۋىسالى ھەرىمىغە پاتراق يېتەي.“

مېھىنبانۇغە ئەيدى: ”بولدۇم كىسەل،
كى سەۋداغە بولدى مىزاجىم بەدەل.

ھەۋا ئەيلەسەم باغ سارى بارىپ،
چۇ گەشت ئەيلەسەم تاغ سارى بارىپ.

مىزاجىمغە يەتكەي داغى ئىئتىدال،
كى خۇسرەۋ مېنىڭ بىرلە تاپسۇن ۋىسال.“

بۇ سۆزنى قىلىپ ئەلچىنى ياندۇرۇپ،
فوسۇن بىرلە باشىنى ئايلاندۇرۇپ.

كېلىپ خۇشخەبەرنى بەيان ئەيلەدى،
كى شىرىن سۆزىنى ئەيان ئەيلەدى.

چۇ خۇسرەۋ خەلايىققە بەردى ئەمان،
ياراشقاندىن بارچە ئەل شادمان.

بەسى شاد خەندان بولۇپ پادىشاھ،
كى بەرپا قىلىبان بىيىك بارگاھ.

ئىجازەت بېرىپ بانۇغە شول زەمان:
"سەياھەتكە شىرىننى قىلسۇن ئەيان!"

يېتىپ بۇ خەبەر بانۇنىڭ سەمئىغە،
چۇ ئەمر ئەيلەدى ھەرنەچە جەمئىغە.

كى زەررىن مەھافە قىلىپ ئۇستىۋار،
ئىچىگە كىرىپ دىلبەرى تاجدار.

شەھەردىن چىقىپ سەير قىلماغىغە،
كى يۈزلەندى ئول بىھىستۇن تاغىغە.



كۆرۈپ ئول زەمان يىغلادى زار-زار،
قىلىپ تاغنى قان ياش ئىلە لالەزار.

نەزەر قىلدى فەرھاد جىسمىغە ھەم،
كى جانان ئۈچۈن يار بولمىش ئەدەم.

ئۇرۇپ ئاھلار ئەيلەبان پىچۇتاپ،
يېتىپ ھىجر ئارا جانغە تۈرلۈك ئازاپ.

ئايا ساقىيا، لۇتف قىل جامى خاس،
ئانى نۇش ئېتىپ ئۆزنى ئەيلەي خەلاس.

تاپاي راھ كەيفى بىلە ئىختىساس،
كى ئاندىن ئالاي قاتىلىمدىن قىساس.

**خۇسرەۋنىڭ ئوغلى شىرۇيە تەماشا ئۈچۈن بادپايىغە جەۋلان بېرىپ يۈرگەن ھالەتدە گۆزەرى شىرىن مەجمەئىغە تۈشۈپ، مەھافەسىگە نەزەر ئەيلەگەن ھالەتدە، شامال ئىمدادى بىرلە ئول مەھافە پەردەسىنى ئاچىپ، شىرىن جەمالىنى شىرۇيە كۆرۈپ ئاشىق بولۇپ، ئاتاسى خۇسرەۋنى ئۆلتۈرگەنى**

چۇ سۆز باشلامىش راۋىئى نۆكتەدان،
نە ۋاقىئە تۇغۇپدۇر مۇشەئبەد زەمان.

كى ۋەقتىكى شىرىن يانىپ كۆھدىن،
ساماندەك بولۇپ دەردى ئەنبۇھدىن.

تەماشا ئۇچۇن چىققان ئېردى ھەمە،
كى سەھرا بولۇپ ئېردى كۆپ زەمزەمە.

بۇ سائەتدە چىقتى شامالى شەدىد،
مەھافە ھىجابىنى قىلدى دەرىد.

چۇ شىرىن جەمالى بولۇپ ئاشكار،
كى شىرۇيەگە تەگدى ئوتلۇغ شەرار.

ئانىڭ ھۆسنىگە بولدى ھەيران بەسى،
كېتىپ بەلكى ئەۋۋەل نەزەردە ئېسى.

كى شىرۇيە تۇتتى ئاتاسىغە كىن،
ئانى قەتل قىلماقغە تۇتتى كەمىن.

تۇشۇپ بارگاھىغە قىلدى خىيال،
كى ئەشرەفلەرىغە دىدى ئەرز ھال.

يىغىپ كېچە پارچە سىپەھدارنى،
ئاراغە سالىپ ئۇشبۇ ئەسرارنى.



ئاتام زۇلمى يەتتى جەھان خەيلىغە،
كى غەرق ئولدى ئەل زۇلمىنىڭ سەيلىغە.

ئانى يوق قىلۇرمەن نېدۇر مەسلەھەت،
ئانىڭ بارەسىدىن قىلىڭ مەشۇەرەت.

بۇلار ئەيدى شىرۇيەغە: "سىز بىلىڭ،
كۆڭۈل خاھىش ئەتكەنچە ئانداغ قىلىڭ.

ئانىڭ زۇلمىدىن بىزكى بىزارمىز،
كى ھەر ئەمرىدە سىزگە بىز يارمىز."

ھەمە قىلدى بەيئەت چۇ شىرۇيەگە،
مۇھەييا بولۇپ كېچەسى مۇيەگە.

بۇلار تارقادى ئەيلەبان خەيرباد،
قالىپ ئاندا شىرۇيە مەسرۇر، شاد.

ئۆتۇپ ئېردى تۈندىن داغى ئىككى پاس،
كى ئۇيقۇغە بارغان ئىدى بارچە ناس.

چۇ شىرۇيە قولغە ئالىبان قىلىچ،
يىلاندەك كىلىپ تولغانىپ پىچ-پىچ.

كى پىنھان كىرىبان ئاتا قاشىغە،
قىلىچنى ھاۋالە قىلىپ باشىغە.

يارىپ قارنىنى، قىلدى ئانى ھەلاك،
بولۇپ شاھنىڭ جىسمى ئاغۇشتە خاك.

سەرىر ئۆززە شىرۇيە راكىب بولۇپ،
ئاتانىڭ مەقامىدا نايىب بولۇپ.

جەھانغە بولۇپ بۇ خەبەر ئىشتىھار،
چۇ خۇسرەۋ لەھەد ئىچرە تاپمىش قەرار.

ئانى دەخمە ئىچرە نىھان ئەيلەدى،
ئۆزى شەھلىغىنى ئەيان ئەيلەدى.

قىلىپ شاھ شىرۇيە چۈن بەزل ئام،
قىلىپ لۇتف ئېھسان ئىلە ئېھتىرام.

سەرەنجام ئەيلەپ ئاتا جىسمىنى،
ئالىپ ئاغزىغە ئۇل سەنەم ئىسمىنى.

مېھنبانۇغە ئەلچى ئىرسال ئېتىپ،
كى بىر نامەدە ئەرزى ئەھۋال ئېتىپ:



"ئاتامنى يوق ئەتتىم، كى شىرىن ئۈچۈن،
گۇناھ ئەيلەدىم سەرۋ نەسرىن ئۈچۈن.

مېنى ئەيلەسۇن قولچىلىقغە قەبۇل،
ھەۋەس ئۇلكى، بانۇغە بولسام ئوغۇل."

بۇ سۆزنى مېھنبانۇغە يەتكۈرۈپ،
كى شىرۇيەنىڭ نامەسىن تاپشۇرۇپ.

مېھنبانۇ بىلدى بۇ ئەسرارنى،
خەبەردار ئېتىپ ماھۋەش يارنى.

چۇ شىرىن ئىشىتتى بۇ نامە سۆزىن،
ئېتىپ تەرك دۇنيانى، يۇمدى كۆزىن.

چۇ شىرىن كۆڭۈلدە خىيال ئەيلەدى،
تەمەننايى ئۇل دەم جەمال ئەيلەدى.

مېھنبانۇغە دېدى شىرىن كەلام:
"ئانىڭ جىسمىغە ئەيلەسەك ئېھتىرام.

مېنى دەپ كېچپېدۇر ئەزىز جانىدىن،
قىلىپ كۆھنى لەئل رەڭ قانىدىن.

تىرىكلىكدە ئەجرىنى ياندۇرمادىم،
كۆڭۈل ئارزۇسىنى قاندۇرمادىم.

ئۆلۈك جىسمىغە قەبر قىلسام كېرەك،
كى دەفن ئەيلەبان سەبر قىلسام كېرەك.

بۇ سۆزنى قەبۇل ئەتمەسە پادشاھ،
يېقىن دۇركى بولغاي بۇ ئۆمرۈم تەباھ.“

چۇ شىرۇيەگە ئەيدى شىرىن سۆزىن،
زەرافەت بىلە سەرۋ نەسرىن سۆزىن.

بۇ ھەم بەردى رۇخسەت: ”نە قىلسە قىلۇر،
ئۆلۈككە نە ئىش قىلسە ئۆزى قىلۇر.“

مېھىنبانۇغە كەلدى رۇخسەت خەتى،
مۇھەببەت ئىشىغە ئىجازەت خەتى.

چۇ شىرىن بۇيۇردى نەچە خادىمان،
بۇلار تاغ سارىغە بولدى رەۋان.

كېلىپ كۆردىلەر كۇھكەن جىسمىنى،
بەجا كەلتۈرۈيدۇر ۋەفا رەسمىنى.



ياتىپ كۇھدا لالەدەك داغ ئارا،
قىلىپ قانى لەئل خارەنى تاغ ئارا.

ئېھاتە قىلىپ ئاندا ۋەھشى تۇيۇر،
فەلەڭۇ، قۇلان بەلكى نەخچىر، كور.

خەلايىقنى كۆرگەن زەمان قىلدى رەم،
بۇلار كۇھكەن سارى قويدى قەدەم.

نە كۆردىكى، شافۇر رەنجۇر زار،
ياتىپ باش قويۇپ يىغلابان زار-زار.

بۇلارنى كۆرۈپ نالە ئەفغان ئېتىپ،
تەپانچە ئۇرۇپ ئارەزىن قان ئېتىپ.

چۇ قانلىغ بەدەننى سالىپ مەھدىگە،
ئالىپ يۈردى ئول يار ھەم ئەھدىگە.

مۇنى كەلتۈرۈپ قەسر ئالى ئارا،
نىھان قىلدى ئاشىقنى خالى ئارا.

تۇتۇڭ ساقىيا، بىزگە جامى ۋىسال،
كى بولسۇن نەزەرگە مۇئەييەن جەمال.

بولۇپ مەھۋ يارىمغە مەدھۇش ئولاي،
نىگارىم بىلە دۇش-بەردۇش ئولاي.

**فەرھاد جىسمىنى ئول كۇھى پۇر ئەندۇھىدىن كەلتۈرۈپ، جايى جەننەت نىشاندا نىھان قىلىپ، تەكفىن ۋە تەجھىزىغە مەشغۇل بولغاندا، شىرىن ئول يار ۋەفادار جەمالىنى كۆرمەك ئۈچۈن كىچەدە كىرىپ، ئول يارغە جان نىسار ئەيلەگەنى**

قەزا كاتىبى چەكتى ئانداغ رەقەم،
ھەمە شەيئ ئەجناسىدۇر كەلئەدەم.

كىشىكىم جەھان ئىچرە بولسا تىرىك،
تىرىكلىكدە ئاخىر ئەجەلگە شىرىك.

چىكىپ پەردەگە شاھى فەرھادنى،
پەدىد ئەيلەدى ئاھ فەريادنى.

چۇ شىرىن ئۆزىنى① فىگار ئەيلەدى،
ئانى كۆرگەلى ئىختىيار ئەيلەدى.

ئۆتۈپ ئېردى تۈندىن ئىكى سائەتى،
كى ئول يار ئىلە ئىستەبان راھەتى.

① قولىيازمىدا "سۆزىنى" دەپ يېزىلىپ قالغان.



دىدى بانۇغە: "ئەي كۆزۈم رەۋشەنى،
كى تەفۋىز ئېتىپ مەن خۇداغە سېنى.

كىشى كەلمەسۇن قاشىمە بىر زەمان،
خەلايىق ماڭا لەھزە بەرسۇن ئەمان.

شەھىدىمغە ئاخىر دەيىن ئەرزى ھال،
ئانىڭسىز جەھان ئىچرە بولدۇم مەلال.

كۆڭۈل دەردىنى ئاڭا ئىفشا قىلاي،
ۋەفادارلىق خەتتىن ئىنشا قىلاي.

بۇ كېچە بىرىڭلار ماڭا يارنى،
سۇرۇك بۇ كېچە يار-ئەغيارنى.

شەھىدىم بىلە گۇفتىگۇ ئەيلەيىن،
ئۆزۈمنى ئاڭا روبەرۇ ئەيلەيىن."

مىھىنبانۇ ھەم قويدى ئۆز ھالىغە،
چۇ شىرىن كىرىپ كۇھكەن ئالىغە.

كۆرۈپ ئاندا شىرىن بۇ قانلىغ بەدەن،
ئاڭا قىلدى جان پەردەسىنى كەفەن.

چۈ پەرۋانەدەك ئايلىنىپ باشغه،
ھەمول خانەنى تولدۇرۇپ ياشغه.

دىدى: "ئاھ مېھنەتدە ئۆتكەن غەرىب،
مېنى دەپ، كى تاغ ئىچرە يۈرگەن غەرىب.

ۋىسالىم بىلە بولمادىڭ بەھرەمەند،
ساڭا يەتكۈرۈپ چەرخ تۈرلۈك گەزەند.

بۇ يەڭلىغ سېنى كۆرمەسەم كاشكى،
كى ھەسرەت بىلە ئۆلمەسەم كاشكى.

كى ئىشقىمدا قىلدىڭ ۋە فادارلىغ،
بەجا كەلتۈرۈپ سەن ماڭا يارلىق.

كېتىپ سەن فەلەكدىن كۆرۈپ سەرزەنىش،
كى نەۋبەتدە قالدى ماڭا ئەمدى ئىش.

مېنى دەپ قىلىپ كۆھنى لالەزار،
ساڭا ھەم قىلاي مەن بۇ جاننى نىسار.

تىرىكلىك كېرەكمەس سېنىڭسىز ماڭا،
مۇرادىم بۇدۇر كىم يېتىشسەم ساڭا.



قىلىپ سەن بەقا مۈلكىدە شاھلىق،
قىلاي ئەمدى سەن بىرلە ھەمراھلىق."

يۈزىنى قويۇپ يۈزىگە ئول زەمان،
چېكىپ ئۇتلۇغ ئاھنى، تاپشۇردى جان.

ئۆتۈپ سائەتى بانۇ ئالدى خەبەر،
كى شىرىن سەنەم روھى قىلمىش بەدەر.

چېكىپ بانۇ ھەم ئولزەمان ئۇتلۇغ ئاھ،
بۇ ماتەم ئارا چېھرەسى بولدى كاھ.

مېھىنبانۇ ھەم ھەققە تاپشۇردى جان،
ئۆلۈك تەن بىلە ھەم بولۇپ تەۋ ئامان.

ئۆتۈپ ئول كېچە، بولدى چۈن سۇبھ فاش،
تولۇغ ئەيلەدى خاۋەر ئاندىن قۇياش.

جەھانغە بۇ شۆھرەت تاپىپ بۇ خەبەر،
خەلايىق بولۇپ غەمدە زىرۇ زەبەر.

چۇ ئەرمەن بولۇپ ئانچە ماتەم سەرا،
شەھەر خەلقى ھەم بارچە كەيدى قارا.

تاپىپ ئۇندا بىر جاي جەننەت نەما،
ئېرەم باغىدەك ئۇل ئىدى خۇش ھەۋا.

ئۇشول جاي ئارا دەخمە بۇنياد ئېتىپ،
مەزاراتى شىرىن، فەرھاد ئېتىپ.

لەھەد ئەيلەبان بۇ ئىكى پاكغە،
ئىكى جىسمىنى تاپشۇرۇپ خاكغە.

مېھىنبانۇ ھەم كىردى توفراق ئارا،
قوشۇلدى كىرىپ ئىككى مۇشتاق ئارا.

چۇ شافور يىغلاپ بولۇپ پاسبان،
نەچە يىل يۇرۇپ مۇندا ئازۇردە جان.

بۇ ماتەم بىلە دەھر ئارا ئىنتىسار،
ۋە قايىتكە شۆھرەت تاپىپ ھەر دىيار.

كوكۇلداشى فەرھاد بەھرام ئىدى،
خىتا شەھرىدە ساھىب ئىكرام ئىدى.

دىلاۋەرگە يەتمىش ئىدى بۇ خەبەر،
چىقىپ يولغە لەشكەر بىلە شىر نەر.



يىتىپ كەلدى ئەرمەنگە ماتەم چاغى،
ھەمە خەلق باشىدەكى غەم چاغى.

چۇ ئەركان دەۋلەت چىقىپ پىشۇبازە
بەيان ئەيلەدى ئالدىدا ئانچە راز.

ھەمە ۋاقىئەنى بەيان ئەيلەدى،
كى شىرۇيە ھالىن ئەيان ئەيلەدى.

كېلىپ دەخمە باشىغە بەھرام زار،
ئۆزىن ئۇردى توفراقغە بىئىختىيار.

ساقالىن يۇلۇپ ئانچۇنان زار ئېتىپ،
ئۇرۇپ جىسىم-جىسمىنى ئەفگار ئېتىپ.

چۇنان يىغلادى مىسلى ئەبرى بەھار،
خەلايىق داغى يىغلادى زار-زار.

چۇ شىرۇيەگە قىلدى ئەلچى رەۋان:
”سەبەب بۇ مۇسىبەتكە ئۇل خۇسرەۋان.

جەۋابىنى بەرسۇن كى فەرھادنىڭ،
داغى بانۇ ھەم سەرۋ ئازادنىڭ.

گۇناھى نە ئېركەن ئانى مەن بىلەي،
كى بۇ زۇلملارنىڭ ئىلاجىن قىلاي."

بۇ ئەلچى يېزىپ بەردى ئۇل نامەنى،
چۇ شىرۇيە كۆردى بۇ ھەنگامەنى.

خەزان بەرگىدەك سارغارىپ چېھرەسى،
تولا خەۋف ئىلە قالمادى زەھرەسى.

ۋەزىرغە دىدى: "ئەمدى نەتمەك كېرەك،
باش ئالىپ مەدايىنغە كەتمەك كېرەك."

ۋەزىر ئەيدى: "ئەي شاھ قىل نامەنى،
ئاتاڭ بويىنغە يۈكلە بەدنامنى.

كى ياخشى سۆزۈڭ بىرلە بولغىل خەلاس،
يوق ئەرسە ئالۇر ئەسلە قويماي قىساس."

چۇ تەييار ئېتىپ نامەئى خۇش كەلام،
ئىبەردى ئاڭا ئۆزرە ئامىز پەيام.

كېلىپ نامەنى تۇتتى بەھرامغە،
نەزەر سالدى بەھرام ئەرقامغە.



يازىپدۇركى بىھەد پەيامۇ سەلام،
تۇمەن ئۆزرە قۇللۇق بىلە ئېھتىرام:

"بۇ ئىشلار ئۆمۈردا مەن بىگۇناھ،
ئاتام زۇلم ئېتىپ بولدى ھالى تەباھ.

كى فەرھاد ئۈچۈن ئەيلەدىم مەن قىساس،
ئەزىز جانىدىن ئانى قىلدىم خەلاس.

نە ئەمر ئەيلەسە شاھ بەھرام بىلۇر،
تۇرۇپمىزكى ئۇل ھەر نە قىلسە قىلۇر.

چۇ سۇنغان بويۇننى قىلىچ كەسمەگەي،
مېنىڭ ئەرز ھالىمنى نامەم دىگەي.

بۇ كار ئەمرىدە بىزگە مەئزۇر دۇر،
گۇۋاھىم مېنىڭ ئۇلكى شافۇردۇر."

چۇ بەھرام كۆردى بۇ يەتكىلىغ كەلام،
قىلىپ فەھم ئۇل ۋاقىئەنى تەمام.

"كېلىپ ئەرمەن ئەھلىگە بولغان زىيان،
ئاڭا زامىن ئۇلمىش شەھى زالىمان.

بۇ بىچارەلەر ھەققىنى بەرسۇن ئول،
قەبۇل ئەتمەسە چاپقۇمىز ئوك ۋە سول.“

قەبۇل ئەتتى شىرۇيە ھەم بۇ كەلام،
كى ئەل مالىنى ياندۇرۇپدۇر تەمام.

چۇ فارىغ بولۇپ شاھ بەھرامدىن،
قاچىپ يولغە كىردى بۇ بەدنامدىن.

مەدايىن سارىغە فىرار ئەيلەدى،
بارىپ شەھر ئىچرە قەرار ئەيلەدى.

قالىپ ئاندا بەھرام فەرھاد ئىلە،
تۇرۇپ باشىدا ۋىرد ـ ئەۋراد ئىلە.

چىرىكنى خىتاي سارىغە ياندۇرۇپ،
تۇرۇپ ئاندا بەھرام كۆڭۈل تىندۇرۇپ.

مۇجاۋىر بولۇپ ئاندا شافۇر ھەم،
بۆلەك سارىغە ئەسلە قويماي قەدەم.

بەقائىغە بولمىش ئىكى پاسبان،
كىچە ـ كۈندۈز ئەيلەپ چۇ ئاھۇ فىغان.



بۇلار بۇ مەكاندا فەنا بولدىلار،
بەقا مۈلكدە پادىشاھ بولدىلار.

بۇ ماتەم بىلەن شەھر چىنغە داغى،
ئەلالا تۈشۈپ ھەم بەجىنغە داغى.

جەھاندىن كېتىپ ئېردى خاقان چىن،
ئانا ھەم بولۇپ ئېردى زىرۇ زىمىن.

كۆرۈپ كىچە تۈش ئەھلى ئەربابلار،
كى فەرھاد ـ شىرىنغە ئەھبابلار.

بۇلار يۈرگۈسى خۇلد رىزۋان ئارا،
تەماشا قىلىپ باغ ـ بوستان ئارا.

ئاتاسى، ئاناسىبۇ فەرھادنىڭ،
مىھىنبانۇسى ھەم پەرىزادنىڭ،

يەنە شاھ بەھرامۇ شافۇر ھەم،
جەنابى ئىلاھىدە مەغفۇر ھەم.

ئىكى پاك ئاشىق تۇفەيلى بىلە،
بۇلار مەغفىرەت تاپتى زەيلى بىلە.

ئەيا ھۇشمەندان ـ ئەھلى خىرەد،
ئىكى زار تاپمىش ھەياتى ئەبەد.

ئەگەر بولسا كىم ئىشقىغە مۇبتەلا،
كېلۈر باشىغە نەچچە تۈرلۈك بەلا.

قۇتۇلدى بۇلار، ئىشق ئارا بەردى جان،
بەقا مۇلكىدە تاپتى دارىلئەمان.

بۇلار ۋەسفى تەتۋىل ئېرۇر خەمسەدە،
ھەمە سۆزى تەفسىل ئېرۇر خەمسەدە.

كى مۇجمەل بەيان ئەيلەدۇك قەدرى ھال،
نەزەر سالغان ئەل بولماسۇن دەپ مەلال.

ئەزىزا، جەھان كارىدۇر بىبەقا،
زەمان ئەھلى بىرلە جەھان بىۋەفا.

بۇ دەۋران مۇرۇرى ئېرۇر ۋاژ گۇن،
ئۆزىدەك قىلۇر راستنى سەرنىگۇن.

بۇ دەۋران ئارا كىمكى ئەھلى ۋەفا،
ئاڭا يەتكەي ئەھلى زەماندىن جەفا.



جەھان كارى بولمىش جەفاكارلىق،
زەمان رەئىيى بولمىش دىل ئازارلىق.

مەجازەن كىشى قىلسە ئاگاھلىق،
ھەقىقەتدە يەتكەي ئاڭا شاھلىق.

جەھاندا رىيازەتدە فەرھاد بول،
كى جانان دىبان جاندىن ئازاد بول.

مۇھەببەت ئارا ئەيلەگىل پاكلىق،
مۇۋەددەت چاغى قىلمە بىباكلىق.

چۇ يادى بىلە تەرك ئېتىپ ماسەۋا،
فەنا ئالەمىدىن قىل ئۆزنى فەنا.

ئىلاھا نىزارىنى قىل مەغفىرەت،
نەسىب ئەيلە ئاخىر نەفس خەيرىيەت.

ئەيا ساقىيا، قىل ماڭا مەي ئەتا،
كى ئول مەي يۇسۇن جۇرم ـ ئىسيان، خەتا.

چۇ سەھبا بىلە ئەقلنى پاك ئېتەي،
كۆڭۈل مەقسەدىن فەھم ـ ئىدراك ئېتەي.

فەنا گۇنجىدە ئۆزنى مەھزۇن قىلاي،
خىرەد لەيلىگە ئۆزنى مەجنۇن قىلاي.

# لیلی ـ مجنون



## قەيسنىڭ ئەدەم شامىدىن قۇتۇلۇپ، ۋۇجۇد مەھدىگە تۇتۇلغانى ۋە ئاشىقلار جۇملەسىدىن ۋەفادارلىق ئالەمىدە مەجنۇنلۇق بىرلە شۆھرەت تاپقانى

چۇ بىر نۇكتە ئىنشا قىلىپ نۇكتەدان،
سۇرۇپ ئىشقى ھەرفى بىلە داستان.

قەلەم تەۋسەنىن كەلتۈرۈپ رامغە،
كى قەيد ئەيلەبان مىستەرى دامغە.

سەھايىف سەبىلدە ئەيلەپ خىرام،
كى مەقسۇدغە ئەيلەبان ئىزدىھام.

بار ئىردى ئەرەب ئىچرە بىر كامران،
قەبايىل ئىلىگە ئىدى ھۆكمران.

قەبىلە-قەبىلە ئاگارام ئىدى،
ھەمە ئەھلى كۆچمەندگە سەردار ئىدى.

ئانىڭ ۋەرزىشى ئىردى جەۋد ئەتا،
نەۋا تاپمىش ئاندىنكى ھەر بىر گەدا.

كى يايلاقدا مالى ئىدى بىھىساب،
كى تېۋە، كالا، ئاتىغە بىھىساب.

چۇ ئۆمرى ئانى سۇرئەت ئايىن ئېتىپ،
خەلەف يوقلۇغى ئانى غەمكىن ئېتىپ،

قىلۇر ئېردى فەرزەند ئۈچۈن ئارزۇ،
نىھادىدا ئوت، ھەرزەمان كۆزدە سۇ.

كى ئەسكىرگەن ئېردى دەرەختى ھەيات،
ئاڭا بولدى لازىم لىباسى مەمات.

كۆھەن سال ئولۇپ ئۆمرىنىڭ ئەشجەرى،
يىرق ئېردى يانىدا چۇ بىر نەۋبەرى.

تىلەر ئېردى ھەقدىن دەۋامى خەلەف،
جەھاندا ئانىڭ بىرلە تاپسام شەرەف.

ئەتا ئەيلەدى ھەق ئاڭا بىر ئوغۇل،
قىلىبان خۇدايىم دۇئاسىن قەبۇل.

چۇ ئىزھار ئېتىپ مەزھەرى ئىشقنى،
سەدەف بەتنىدىن گەۋھەرى ئىشقنى.



كى ئىشق ئايىنى ئاندا پەيدا دۇرۇر،
ۋەفا جەبھەسىدە ھۇۋەيدا دۇرۇر.

جەمالى قىزىل ئىشقنىڭ نارىدىن،
نىشان كۆپ مۇھەببەتنىڭ ئەسرارىدىن.

ئاتاسىغە يەتتى ئەجەب شادلىق،
ئاناسى بولۇپ غەمدىن ئازادلىق.

بىرىبان خەلايىققە نەزرۇ نىياز،
كى ئېھسان ئىلە ئەيلەبان سەرفەراز.

ۋە فادارنى تاپشۇرۇپ دايەگە،
"قىلىپ پەرۋەرىش يەتكۈرۈڭ ۋايەگە①."

قىلىپ بەچچەنى مەھدگە ئۇستىۋار،
بۆشۈك تەبرەتىپ قىلدى ئول شىرخار.

نەچە ئاي بۇ يەڭلىغ قىلىپ پەرۋەرىش،
كى سۈتدىن كېچىپ ئاغزىغە چىقتى تىش.

ئۆتۈپ سالىدىن تۆرت يىل ئىككى ئاي،
فەراسەت بىلە بولدى شۆھرەت نەماي.

① قولىيازمىدا "دايەگە" دەپ يېزىلىپ قالغان.

مۇئەللىمگە بەرمەككە بولدى قەرىن،
كى ئاداب ئىلە ئەيلەمەك مۇتمەئىن.

دىيار ئىچرە بار ئېردى ساھىب دىلى،
بولۇر ئېردى ھەل ئالىدا مۇشكىلى.

ئاڭا تاپشۇرۇپ بەردى ئاداب ئۈچۈن،
ئۆگۈش ئىلمغە فەتھى ئەبۋاب ئۈچۈن.

ئانىڭ بار ئىدى خانەئى مەكتەبى،
كى تەئلىم ئالۇر ئېردى نەچچەند سەبى.

كى ھەي ئەھلىنىڭ تىفلى بىھەد ئىدى،
ئاراسىدا بىر سەرۋ گۇلخەد ئىدى.

ئانىڭ ھۆسنىدىن ماھ ئېردى خىجىل،
يۈزى تابىدىن كۈن ئىدى مۇنفەئىل.

چېكىپ قاشى قەۋسى قۇزەھ يايىنى،
چۇ قىلمىش ھەدەف چەرخىنىڭ ئايىنى.

يېغىپ لەئلى ئانىڭكى جان شىرەسى،
نەجان شىرەسى، جاۋىدان شىرەسى.



چۇ ئول ماھنىڭ ئىسمى لەيلى ئىدى،
كىم ئول ئاسماننىڭ سۇھەيلى ئىدى.

ياساپ ئېردى مەكتەب ئاتاسى ئاڭا،
قىلىپ ئۆي مۇرەتتەب ئاناسى ئاڭا.

بېرۇر ئېردى تەئلىم ئاڭا ئاندا پىر،
ئۆزى پاك دامەن مۇئەللىم دەبىر.

بۇ مەكتەب ئارا قەيسنى كەلتۈرۈپ،
كى تەئلىم ئۈچۈن ئالىدا ئولتۇرۇپ.

قىلىپ ئىبتىدا ئىسمى ئەللاھ بىلە،
سەبەق ئالدى ئول نەچچە ھەمراھ بىلە.

نەچچە ھەرف تەقرىرى ئۇستاد ئىدى،
ئىشىتكەن زەمان قەيسكە ياد ئىدى.

ئوقۇپ كەچغەچە ئول سەراسەر بىلىپ،
ھەمە تىفلىلاركى بەرابەر بىلىپ.

ئۆتۈپ نەچچە كۈن بولدى ماھىرداغى،
ھەمە ئىلىم مەئنىگە قادىر داغى.

بۇ ھەنگامەدە لەيلى رەنجۇر ئىدى،
كى ئەتفاللار سىلكىدىن دۇر ئىدى.

ئەتىببا ئىلاج ئەيلەپ ئېردى ئانى،
سەھھۇلمىزاج ئەيلەپ ئېردى ئانى.

چۇ لەيلى قىلىپ ئېردى مەكتەبغە مەيل،
مۇنەۋۋەر قىلىپ نۇرنى ئانداغ سۇھەيل.

مۇزەييەن قىلىپ ئۆزىنى ئول نىگار،
خىرام ئەيلەمەكنى قىلىپ ئىختىيار.

نەچە قىز بىلە كەلدى مەكتەبغە ئول،
كى ئەتفال بارچە قاۋۇشتۇردى① قول.

تۇمەن جىلۋە بىرلە كىرىپ ئول پەرى،
كى مەكتەب ئارا خوبلار سەرۋەرى.

دەبىستانغە زىينەت بېرىپ مەقدەمى،
ئانىڭ ھۆسنىدىن قوزغالىپ ئالەمى.

دەبىستان تۆرىدە مەقام ئەيلەدى،
ئەجەب ناز بىرلە كەلام ئەيلەدى.

① قولیازمىدا "قاشتۇردى" دەپ يېزىلىپ قالغان.



كۆرۈپ قەيس ئول دەم چېكىپ ئوتلۇغ ئاھ،
بولۇپ ئەرغۇۋان چېھرەسى مىسلى كاھ.

كى بىرلەھزە تىترەپ، ئۇرۇپ پىچۇتاب،
ۋۇجۇدى ئانىڭ بولدى گويا سىماب.

كى لەيلى كۆرۈپ قەيس ئەتۋارىنى،
بۇ ھەم كەھرەبا قىلدى رۇخسارىنى.

كى ئەۋۋەل نەزەر قەيس يەپ تىيرى ئىشق،
كى لەيلىگە ھەم قىلدى تەئسىرى ئىشق.

چۇ فەھم ئەيلەدى لەيلى بۇ ھالنى،
ئىكەۋ مۇزتەرىب بولغان ئەھۋالنى.

گۇمان ئەيلەدى، بولغاي ئىش ئاشكار،
جۇدالىق تۇشۇپ بولغامىز بىقەرار.

مۇئەللىمگە ئول ئىلتىماس ئەيلەدى،
بۇ كۈن باغ گەشتىن قىياس ئەيلەدى.

بالالار ئۇچۇن بەردى ئازادلىق،
ھەممە بەچچەلەرگە يېتىپ شادلىق.

چەمەنزارلىقغە خىرام ئەيلەدى،
ھەمە بەچچەلەر ئىزدىھام ئەيلەدى.

دېدى لەيلى: ”ھېچكىم تۇرۇپ قالماسۇن،
بۇ مەكتەب ئارا ئولتۇرۇپ قالماسۇن.

چەمەن گەشتىنى ئەيلەسۇن ئىختىيار،
بارىپ ئاندا، گۈلشەندە تاپسۇن قەرار.“

بارىپ تىفلىلار بىرلە بىچارە قەيس،
كى مەجنۇن بولۇپ زارۇ ئەۋۋارە قەيس.

گۈلىستان ئارا كەلدى ئەتفاللار،
قىلىپ چۈن سەياھەتكە ئەشغاللار.

چۈ ئول باغ ئىدى مىسلى خۇلدى بەرىن،
كىرىپ ھۆر يەڭلىغ نەچە گۈل جەبىن.

كى نۇش ئەيلە بان ئاندا گۈلرەڭ مۇل،
سەبەھ ئارەزىن ئەيلەدى ئاندا گۈل.

كى لەيلى تەماشاغە مەشغۇل ئىدى،
بۇ بىچارە قەيس ئاندا مەئزۇل ئىدى.



كىرىپ گۈلشەن ئىچرە يوق ئېردى شىكاف،
ياتىپ باش قويۇپ قىلدى ئانى تەۋاف.

نىگارىغە باقماقغە يوق تاقەتى،
ئالا ئالمايىن كۆزنى بىر سائەتى.

ھىلالى بىلە ھەرزەمان تۆكتى قان،
مەسىھا سۇفەت لەئلى بەخش ئەتتى جان.

تىكەنگە ئۇرۇپ باغرىنى دەرد ئىلە،
خەزاندەك ياتىپ چېھرەئى زەرد ئىلە.

چېكىپ ئەندەلىبۋار ئاھۇ فىغان،
ئوقۇپ ئىشق ھەرفى بىلە داستان.

فەلەكنىڭ جەفاسىن شىكايەت قىلىپ،
چېكىپ نەقش ئاندا كىتابەت قىلىپ.

## غەزەلى مەجنۇن

ئىشق ئارا بىچارە ئەيلەپ ناتەۋان قىلغان فەلەك،
ھەجر نىشىن يەتكۈرۈپ ئازۇردە جان قىلغان فەلەك.

گەردى باد ئەيلەپ ۋۇجۇدۇمنى ئەدەم ۋادىسىدا،
كۆھى غەم سەر مەنزىلى سارى رەۋان قىلغان فەلەك.

مۇبتەلا ئەيلەپ بىرەۋ ئىشقى بىلە مەن زارنى،
فۇرقەتىدىن كۆپ بەلاغە تەۋئەمان قىلغان فەلەك.

ئەقلۇ ھۇشۇمدىن جۇدا ئەيلەپ قىلىپ دىۋانەۋار،
تىيرى بارانى بەلىييەتكە نىشان قىلغان فەلەك.

كۆرسەتىپ ئوتلۇغ يۈزىنى ئۆرتەبان جانۇ كۆڭۈل،
خانە سوزان ئەيلەبان، بىخانىمان قىلغان فەلەك.

سەرسەرى ھىجران قۇرۇتمىش نەۋنىھالىم گۇللارىن،
ئەرغۇۋان چېھرەمنى ئول دەم زەئفىران قىلغان فەلەك.

ئەلگە ئىشرەتنى نەسىب ئەتمىش، ماڭا مېھنەت نەسىب،
يۈز تىكەنلەر ئىچرە گۈلشەندە نىھان قىلغان فەلەك.

ياخشىلىق يوق بۇ فەلەكدە، زۇلمدۇر ئەندىشەسى،
بۇ فەلەك زالىم فەلەك، باغرىمنى قان قىلغان فەلەك.

ئىشق ئارا قاچتىم خەلايىقتىن داغى مەجنۇن بولۇپ،
كىم مەلامەت بىرلە رەسۋايى جەھان قىلغان فەلەك.



چۇ بۇ قىتئەنى ئوقۇپ ئۆز ھالىغە،
ياتار ئېردى ئۆزنى سالىپ خالىغە.

ھەمە شوخلار ئوينابان باغ ئارا،
زۇلالى چەمەن بەرگى يەفراغ ئارا.

قىلىپ ھەر جەۋانىبغە لەيلى خىرام،
كى ھەر گۈل تۇبىدە چېكەر ئېردى جام.

بەناگاھ كېلىپ گۈلشەنى ئالىغە،
نەزەر قىلدى بۇلبۇلنىڭ ئەشغالىغە.

بۇ گۈلشەن ئىچىدىن چىقار بىر فىغان،
ئاڭا خەندە ئەيلەر ھەمە بۇلبۇلان.

ھەماناكى لەيلى قىلىپ ئىزتىراب،
كۆرۈپ قەيسنى ئۇردى كۆپ پىچۇتاب.

كىرىپ گۈلشەن ئىچرە مەقام ئەيلەدى،
كى بىچارەسىگە كەلام ئەيلەدى:

"نىدىن مۇنچە غەمكىن سەن ئەي بۇلھەۋەس،
ساڭا يوقمۇدۇر يار فەر يادرەس.

هەمە هەمسەبەق قىلسەلار گەشتى باغ،
ياتىپسەن بۇ يەردە ئەجەب بىدىماغ.

بۇ مەۋسۇم ئېرۇر ئەينى ئىشرەت چاغى،
ئەمەستۇر بۇ گۇلشەندە مېھنەت چاغى.

ئەلەملەر يېتىپدۇر فەلەكدىن ساڭا،
قىلۇرسەن ھەمانا شىكايەت ماڭا.

ساڭا قاي پەرىدىن بۇ ئازاردۇر،
ئەيىت، قايسى دىلبەر ساڭا ياردۇر؟”

تۆمەن ناز ئىلە بۇ مەقال ئەيلەدى،
كىنايەت بىلە كۆپ سوئال ئەيلەدى.

تۆكۆپ ياشىنى قەيس باران كەبى،
نە بارانكى، دەريايى ئۆممان كەبى.

قوپۇپ سەسكەنىپ ئورنىدىن ئاھ دەپ،
كېلىپ باشىمە بەخت ئاگاھ دەپ.

داغى قەيس مەھزۇنلۇق ئەيلەپ ئەيان،
قىلىپ نالە مەجنۇنلۇق ئەيلەپ ئەيان:



”ئىشتىكىل ئەياخوبلار سەرۋەرى،
كى ئىشقىڭ ئوتى قىلدى خاكىستەرى.

جەمالىڭدىن ئوت تۆشتى بۇ جان ئارا،
سەرايەت قىلىپدۇر رەگۇ قان ئارا.

قارا زۇلفۇڭ ئالدى قەرارىم مېنىڭ،
قارا ئەيلەدى رۇزگارىم مېنىڭ.

غەمىڭ① دامى سەيد ئەتتى كۆڭلۆم قۇشىن،
قىلىپ تۆئمە ئىشقىڭ ئۆزۆپ تۇش-تۇشىن.

چۇ ئەۋۋەلدە ئەفسانە زاھىر قىلىپ،
كۆڭۆل كار بارىنى ئاخىر قىلىپ،

ياشۇرمە ئۆزۆڭ قىلغان ئىشنى داغى،
ئىشىڭ ۋەۋتى سورماقنىڭ ئەرمەس چاغى.

بۇ ئوت ئۆستىگە قويماغىل ئەمدى ياغ،
كى داغ ئۆستىگە قويماغىل ئەمدى داغ.

چېكىپ ئاھۇ نالە فىغان باشلادى،
تىكەنگە ئۆزىنى ئۇرا باشلادى.

① قولىيازمىدا ”كۆڭۆل“ دەپ يېزىلىپ قالغان.

چۇ تىترەپ يىقىلدى قىلىپ تەركى ھوش،
ئەجەل جامىنى قىلدى گوياكى نۇش.

كۆرۈپ لەيلى ئول دەم چېكىپ ئاھى سەرد،
قىزىلگۇل يۈزى ئىشقدىن بولدى زەرد.

ئالىپ قوينىغە قەيسىنىڭ باشىنى،
تۆكۈپ يۈزىگە كۆزدەكى ياشىنى.

باقىپ چېھرەسىگە چۇنان يىغلادى،
كى ئىشق ئوتىدا ئانچە ئىسسىغلادى.

چېكىپ باشىدا لەيلى ئوتلۇغ نەۋا،
كۆڭۈل مۇددەئاسىنى قىلمىش ئەدا.

تەرەننۇم تۈزۈپ بەيت ئۆز ھالىغە،
كى ئىنشا قىلىپ نۇكتە ئۆز قالىغە

## غەزەلى لەيلى

ھەۋايى ئىشقدىن باشىمغە ياغقان ژالە ھىجراندۇر،
كى بۇ بارانغە ئاھىم گەردى بادى چۇنكى قالقاندۇر.



كۆرۈپ ئەۋۋەل نەزەردە مىڭ بەلىيەتكە دۇچار ئولدۇم،
دەرىغا، بۇ ئوقۇبەتدىن خەلاس ئولماق نە ئىمكاندۇر.

گىرىفتار ئەيلەدى ئىشق ئافەتىغە خەستە كۆڭلۈمنى،
كى ئاقتارسام ئىچىدە غۇنچە يەڭلىغ تەھ-بەتەھ قاندۇر.

كۆرۈپمەن ئاتەشىن گۇل ئەكسىنى بۇ گۇلىستان ئىچرە،
كۆڭۈلنىڭ خاھىشى بۇلبۇل سۇفەتلىك نالە ئەفغاندۇر.

فەلەك ياغدۇردى باشىمغە ھەۋايى ئىشقدىن تاشلار،
مەلامەت ئاسمانىدىنكى چۈشكەن سەڭگى باراندۇر.

نېتەي ئەي دوستلار، دەردىم دەۋاسىغە نېتەي چارە،
ھەكىمى ئىشق ئەيدى: بۇ مەرىزگە يار دەرماندۇر.

ئايا لەيلى، ئۆزۈڭنى ئەيلەگىل ئول يار مەقتۇلى،
ساڭا بۇ سەئب ھالەتتىن ئول ئىشلار ئانچە ئاساندۇر.

بۇ ئىنشانى دەپ يىغلابان زار-زار،
باقىپ چېھرەسىگە تۇرۇپ ئىنتىزار.

ئىكى ئاشىق ئولمىش بۇ يەڭلىغ مەلۇل،
ياتىپ يىغلاشىپ گۇل تۇبىدە خۇمۇل

كى ئول چاغ ئىدى كەلدى ئىككى كەنىز،
كىرىپ گۈلشەن ئىچرە ئىكى گۈل مەڭىز.

چۈ لەيلىگە خادىم ئىدى بۇ ئىكەۋ،
كى ئاشىق ئىدى بۇ ئىكەۋدىن بىرەۋ.

كۆرۈپ لەيلىنى بۇ سۈفەت ھال ئىلە،
داغى قەيسنى تۇرفە ئەھۋال ئىلە.

بۇ قىزلاركى لەيلىگە مەھرەم ئىدى،
ھەمىشە ئاڭا يارۇ ھەمدەم ئىدى.

بۇلارغە دېدى لەيلى: ”نەتمەك كېرەك،
كى ئەمدى يانىپ ئۆيگە كەتمەك كېرەك.“

بۇ قىزلار بىلە لەيلى يەپ تىيرى ئىشق،
غەزالى شىكار ئەيلەمىش شىرى ئىشق.

قىلىپ فەھم مۇزتەر لېكىن ماھىنىڭ،
كى ئاغزى بولۇپ مەنبەئى ئاھىنىڭ.

دېدى: ”قويغىلۇ بىزگە تاپشۇر ئانى،
كىشى كۆرمەسۇن بۇ مەھەلدە سېنى.



قەبىلە سارى ئەمدى بولغىل رەۋان،
بۇ ئەسرارنى ئەسلە قىلماي ئەيان.“

يانىپ كەتتى لەيلى بولۇپ نائىلاج،
كۆزىگە بۇ رەۋشەن جەھان بولدى داج.

ئۆزى ياندى كۆڭلىنى مۇندا قويۇپ،
كى ھىجران شىكەنجىدە جاندىن تويۇپ.

ئىكەۋ قالدى مۇندا بولۇپ پاسبان،
بۇ گۈلشەن ئىچىدە بولۇپ باغبان.

چۈ بىدىل كىشىسىن تاپىپ كەلتۈرۈپ،
بۇلار ھەم يانىپدۇر ئاڭا تاپشۇرۇپ.

چۈ ساغەر ئەتا ئەيلە ساقى سەھەر،
تاپاي نۇش ئېتىپ ئۆزلۈگۈمدىن① خەبەر.

ئانىڭ يادى بىرلە نەۋا ئەيلەيىن،
كى بۇلبۇل مەسەللىك ھەۋا ئەيلەيىن.

قەلەم نۇكى بىرلە بولاي مۇشكبىز،
سۇرۇپ ئىشق ھەرفىن سالاي رۇستەخىز.

① قوليازمىدا ”ئۆزلۈمدىن“ دەپ يېزىلىپ قالغان.

**قەيس مەھزۇن بىچارەئى مەجنۇن ھەجر شەبىستانىدا شەبنەم گۈلابىدىن كۆزى ئاچىلىپ، ئىشق داستانى بىلە ئەندەلىبكە ھەمتەك بولۇپ، لەيلى ھۆسنى گۈلىنىڭ ئىشقىدا نەۋا تۈزۈپ بىخۇد بولغانىدا، ئاتاسى خەبەر تاپىپ ئۆيىگە ئېلتكەنى**

چۇ خۇرشىدنىڭ ئەۋجى قىلدى زەۋال،
كى مەغرىب سارى ئەيلەدى ئىنتىقال.

داغى مېھر ئۆزنى نۇھۇفت ئەيلەدى،
فەلەك ئىچرە ئەنجۇم شۇكۇفت ئەيلەدى.

يانىپ لەيلى كىم ئولچە بەدھال ئولۇپ،
كېلىپ ئۆيگە رەنجىدە ئەھۋال ئولۇپ.

غەمى ئىشقىدىن ئۆزگە بىر قايغۇ يوق،
تاڭ ئاتقۇنچە ئەفغان بىلە ئۇيقۇ يوق.

قالىپ ئاندا قەيس ئۆزىدىن بىخەبەر،
كى قالماي ئۆزۇ ئۆزلۈگىدىن ئەسەر.

ياتىپ تاڭغە تەگرۇ بۇ گۈلشەن ئارا،
چۇگۈل يەفراغىدىك نىشمەن ئارا.



مەشامىغە يەتتى سەھەر گۈل ئىسى،
كى ئەقلىغە كەلتۈردى سۇنبۇل ئىسى.

كۆزىن ئاچتى كۆردى بۇ گۈلشەننى داج،
سەما قەندىلىدە يانىپدۇر سىراج.

زەمىن گۈلشەنى ئېردى كۆزدىن نىھان،
فەلەك باغىدا گۈللار ئولمىش ئەيان.

چېكەر ھەر گۈلىستاندا بۇلبۇل نەۋا،
قىلۇر ئىشقىدا داستانلار ئەدا.

قوپۇپ-ئولتۇرۇپ يىغلادى زار-زار،
بۇ گۈلشەندە قالماي نەغەير، نەيار.

قالىپدۇر بۇ باغ ئىچرە يالغۇز ئۆزى،
بېتىپ ئەۋجىگە مۇندا بۇلبۇل سۆزى.

قوپۇپ ئەزم ئېتىپ گۈلشەن ئىچرە كېزىپ،
گەھى ئەقلىغە كەلدى، گاھى ئېزىپ.

چۇ بۇلبۇلغە دەپ: ”ئەي نەۋا ساز قۇش،
مېنىڭ نالە ئەفغانىمە بولما تۇش.

چىقارسام مۇھەببەت ئوتىدىن شەرار،
كۆيۈپ چۇن ۋۇجۇدۇم بولۇپ خاكسار.

ئەيا غۇنچە كۈلمەكنى قىلما ھەۋەس،
چەمەنزار ئارا مەن كەبى بولما خەس.

سىنى دەپ چېكەر بۇلبۇل ئاھۇ فىغان،
ئانى يىغلاتىپ كۆپ بولۇرسەن خەزان.“

ئەجەب نۇكتەلەر بىرلە ئەفغان چېكىپ،
ئۇرۇپ باشىغە دەردى ھىجران چېكىپ.

تولا نالە ئەيلەپ ئۇرۇپ پېچۇ تاب،
تۆكۈپ ئاندا شەبنەم كەبى ئەشكى ئاب.

فىغان بىرلە قاتتىغ چېكىپ ئاھى سەرد،
يىقىلدى داغى ھۇشىدىن بولدى فەرد.

كېتىپ ئېردى قىزلار نىگەھبان قويۇپ،
كى ساقلاپ ئانى قالىپ ئېردى تۇرۇپ.

بىلىپ قەيسىنىڭ تۇرفە ئەتۋارىنى،
كېلىپ دەرمەھەل كۆردى رۇخسارىنى.



ساماندەك بولۇپدۇر گۇل ئەھمەر يۈزى،
ياتىپدۇر زەمىندە ئۆلۈكدەك ئۆزى.

قوپۇپ ئول قەبىلە سارى قىلدى ئەزم،
ئۆيىگە خەبەر ئەيلەمەك قىلدى جەزم.

بۇ رەھ كۆپ ئولۇپ، تېز باستى قەدەم،
يېتىپ ئول زەمان بولدى ۋەسلى ھەرەم.

بۇ مەجمەئ ئارا كۆپ ئەلالا ئىدى،
چاپىپ ھەر تەرەف ئىچرە غەۋغا ئىدى.

بۇ قاسىد كېلىپ قىلدى ئاندىن خەبەر،
نە ۋاقىئ ئىكەننى بىلىپ سەر-بەسەر.

چۇ نالە قىلىبان ئاتاسى ئانىڭ،
بولۇپ لالۇ ھەيران ئاناسى ئانىڭ.

ھەمە ئەقرەبا بىرلە بولدى رەۋان،
چۇ ئول قەريە ئەشجارى بولدى ئەيان.

كېلىپ كۆردى فەرزەندىنى باغ ئارا،
ئۆلۈكتەك يىقىلمىشكى تۇپراغ ئارا.

يىقىتمىش ئانى ئىشق غارەت قىلىپ،
ياتىپ خاك ئالۇدە راھەت قىلىپ.

ئەمارىغە سالدى ئانى ئەقرەبا،
كۆتەردى باشىغە ئاتا ۋە ئانا.

ئانى كەلتۈرۈپ ئۈشبۇ مەھمىل ئارا،
تۈشۈردىكى مەجنۇننى مەنزىل ئارا.

قىلىپ نەۋھەلەر كۆپ ئاتا ۋە ئانا،
نەزەردە ئۆلۈكدەك ياتىپدۇر بالا.

بالا دەردىگە مۇبتەلا بولدىلار،
كى ئاخىر بالا دەپ فەنا بولدىلار.

ئۆپۈپ ماڭلايىغە قىلىپ نەۋھەلەر
قىلىپ رەنجىدىن ۋەھم ئەندۇھلەر.

تاپىپ ئەقلىدىن قەيس ئەندەك خەبەر،
خىجالەت ئارا جىسمىدىن ئاقتى تەر.

نە كۆردى، تۇرۇپدۇر ئاتا ۋە ئانا،
ئانى مەھۋ قىلدى ئۇشۇلدەم ھەيا.



ئەدەبىدىن يوقارى باقائالمايىن،
ئۇيات بىرلە يەردىن قوپائالمايىن.

باشىدا تۇرۇپ زارئىلە ۋالىدەيىن،
بالا دەردىدىن ئەيلە بان شورشەيىن.

ئاچىپ كۆزنى كۆردى ئۆيىدە ئۆزىن،
خىجالەت بىلە يۇمدى ئىككى كۆزىن.

ئاناسى مۇۋاسا قىلىپ باشىدا،
ئاناسى تۇرۇپ يىغلابان قاشىدا.

نەسايىھ سۇفەت سۆز قىلىپ زارغە،
چۇ مەجنۇن تۇرۇپ ئەشكى خۇنبارغە.

قولاغىغە كىرمەي نەسىھەت سۆزى،
كى مەجنۇن مەسەللىك مۇشەۋۋەش كۆزى.

خەلايىقغە ئول ھىچ قىلماي كەلام،
داغى كۆن غۇرۇب ئەيلەدى بولدى شام.

سەما سەتھىدە چەرخ ئەختەر فىشان،
نۇجۇم بىرلە كۆكنى قىلىپ گۇلىستان.

چېكەر گۈل ئۈچۈن تۈندە بۇلبۇل نەۋا،
يەنە قەيسنىڭ كۆڭلى قىلدى ھەۋا.

ئانى قوزغادى ئىشــق تۇغيان قىلىپ،
قوپۇپ ئورنىدىن نالە ئەفغان قىلىپ.

تىنىپ چوڭ ـ كىچىك، تولغىنىپ دەمبەدەم،
بولۇپ لەيلى يادى بىلە كەلئەدەم.

خەلايىق بارى ئۇيقۇغە قىلدى مەيل،
ئاتا ۋە ئانادىن خەلا بولدى لەيل.

دىدى. ”ئاھكىم ئەمدى كەتكۈمدۇرۇر،
كى يارىم ۋىساقىغە يەتكۈمدۇرۇر.“

چىقىپ يۈردى ۋادىغە بىئىختىيار،
چۇ لەيلى مەكانىدا كۆردى شەرار.

بۇ ئوتنى كۆرۈپ (شاد) ئولۇپ ئانچۇنان،
كى ئول شۇئلە سارىغە بولدى رەۋان.

ئەيا ساقىيا تۇت ماڭا جامى ۋەسل،
مۇيەسسەر قىلىپ بىزگە ئەييامى ۋەسل.



تاپاي يار ۋەسلىنى ئول مەي بىلە،
چېكەي جامنى دىلبەرى ھەي بىلە.

**قەيسنى ئاتاسى لەيلى باغىدىن بىخۇد تاپىپ ئۆيىگە كەلتۈر-گەنىدە، قەيس خىجالەتىدىن باشىنى كۆتەرمەي ياتىپ، كېچە بولغاندا ئىشق تۇغيان قىلىپ لەيلى ۋادىسىغە يۈز كەلتۈرۈپ نالە ۋە ئەفغان قىلغانىدا، لەيلى ئىشتىپ، بىئىختىيار چىقىپ، بىر بىرىنى كۆرۈپ بىھۇش بولۇپ يىقىلغانى**

سەھايىف يۈزىنى قىلىپ تازەئى،
كى مەششاتە ئەيلەپ سۈرۈپ غازەئى.

ئاچىپ ئاغزىنى سۈرمەدانۇ دۇۋات،
قەلەم نوكىگە بەردى كوھلۇننەجات.

ساچىپ سەفھەگە شامى دەيجۇرنى،
ئەيان قىلدى ئەختەر كەبى نۇرنى.

بەلاكەش چىقىپ خانەدىن ناگەھان،
بەيابان ئارا بولدى بىخۇد رەۋان.

گەھى ھۇشىدا، گاھى بىھۇش ئىدى،
گەھى يىغلابان گاھى مەدھۇش ئىدى.

مۇھەببەت مەيدىن گەھى مەست ئولۇپ،
يىقىلماق ئىدى يەرگە ھەمدەست ئولۇپ.

قايان بارغانىدىن خەبەر يوق ئاڭا،
ئۆزى ئۆزلۈگىدىن ئەسەر يوق ئاڭا.

ئانىڭ ئاغزىدا زىكرى لەيلى ئىدى①،
ئاڭا تەگرۇ كىم باردى خەيلى ئىدى.

كۆرۈندى ئالاۋدىن ئاڭا بىر نىشان،
ئانى كۆردى مەجنۇن تاپىپ تازە جان.

خىتاب ئەيلەدى ئوتغە ئاندىن تۇرۇپ،
كى دەردىنى دەپ بىر زەمان ئولتۇرۇپ:

بولۇپ تۈندە نۇرۇڭ ماڭا راھبەر،
ئانىڭ ئوتى تۇتغان كەبى جاندا يەر.

قىلىپسەن ماڭا تىرە تۈننى فۇرۇغ،
ئانىڭ ئوتىدەك دىلنى ئەتتىڭ يارۇغ.

① بۇ مىسرا قولىيازمىدا "ئانىڭ زىكرى ئاغزىدا لەيلى ئىدى" دەپ يېزىلىپ قالغان.



كى سەنمۇ ۋەيا گەۋھەرى شەبچىراغ،
ئانىڭ ئوتى بىرلە تاپىپسەن فىراغ.

كى ئۇششاق راھىغە ھادىمۇسەن،
ئانىڭ ئىشق تابى زىيادىمۇسەن.

كۆرۈندۈڭ ماڭا مېھرىبانلىق قىلىپ،
مېنى باشقارىپ نۇر فىشانلىق قىلىپ.

بۇ قىلغانلارىڭ شۈكرىغە مىڭ تىلىم،
ئەگەر شۈكرى قىلماس بولۇر مىڭ تىلىم.

كى مەدھىڭنى قىلماقغە يوق مەندە ھال،
ئانىڭ ئىشقىدىن تەندە قالماي مەجال.

بۇ ھەنگامەدە كەلدى ئىتنىڭ ئۈنى،
بۇ ھال ئىچرە شورىدە ئاڭلاپ مۇنى.

تۈشۈپ جىسمىغە ئانچىنان ئىزتىراب،
كۆڭۈل ئول نەۋا سارى ئەيلەپ شىتاب.

ئول ئىتدەك بەياباندا چەكمىش فىغان،
ئۇرۇپ پويە ئول سارى بولمىش ئەيان.

کېچە قالسە کىم کارۋاندىن ئەگەر،
کۆزىدىن يوق ئولسە قارادىن ئەسەر.

فىغان بىرلە نالە چېکەر ھەمدەمی،
مۇنىڭ ھەم چىقار چۇن سەدايۇ دەمی.

ئازىغان تاپار بۇ سەدادىن نىشان،
بولۇپ ئاڭا مەقسەد مەھەللى ئەيان.

ئەجەب بىخۇدانە ئۇرار ئېردى گام،
يىقىلىپ-قوپۇپ ئەيلەر ئېردى خىرام.

ئانىڭ ئاغزىدا بۇ تەرانە ئېدى،
کی ئىت جانىبىغە رەۋانە ئېدى.

قەبىلە قىراغىغە يەتتى يەقىن،
مەھەللە نەۋاھىدا تۇتتى کەمىن.

زەھی نالە ئەفغان قىلا باشلادی،
چۇ غەم خەيلىغە ماجەرا باشلادی.

نەۋا سازلىق ئەيلەدی ئول زەمان،
قەسايىد بىلە نەقشى قىلدی ئەيان.



## غەزەلی مەجنۇن

ئىزدەدىم كۆڭلۈمنی جانان گۇلشەنىدە جان بىلە،
نەچچە ئاختارسام كېتىپدۇر بۇ كۆڭۈل جانان بىلە.

ئاھ نەيلەي، جان بىلە قالدی بەدەن، كەتتی كۆڭۈل،
كىم قالىپدۇر بۇ جەھاندا مەن كەبی ئەرمان بىلە.

خەنجەری ھىجران ۋۇجۇدۇمنی قىلىپدۇر زەخمناك،
كۆز يولىدىن جاری ئەيلەپ قاننی يۇپمەن قان بىلە.

ئىشق ۋادىسىدا پويە ئەيلەدىم چۇن گەرد باد،
رەشكىدىن ھەر دەم ئۇچاشتىم چەرخی سەرگەردان بىلە.

تېيری بارانی مەلامەتكە ھەدەف بولدی باشىم،
باشنی باشقارماق بەسی مۇشكۇلكی بۇ باران بىلە.

غەرق ئېتىپدۇر پەيكەرىمنی، ئاھكىم، گىردابی غەم،
كىم سەلامەت قالغۇسی ئالەمدە بۇ توفان بىلە.

زۇلف قەللابىغە بۇ جانۇ كۆڭۈل بولدی ئەسىر،
تەلبە قۇشتەك تەلپىنۇر ھەر دەم نەۋا ئەفغان بىلە.

زار مەجنۇنغە ۋىسالى بولسە مۇمكىن نە ئەجەب،
مەرھەبا قىلسە نىگارى لۇتف ئىلە، ئېھسان بىلە.

چېكىپ ئېردى ئول دەم بۇ ئوتلۇغ نەۋا،
ئانى يارغە يەتكۈرۈپدۇر سەبا.

بۇ ھىجران تۈنى لەيلى بىدار ئىدى،
كى مەجنۇن فىراقىدا ھۇشيار ئىدى.

بەناگاھ قۇلاقىغە يەتتى فىغان،
نىھان ئول تەرەفكە بولۇپدۇر رەۋان.

چىقىپ تۈندە لەيلى چېكىپ ئىشتىياق،
سەدا جانىبىغە كى قويدى ئاياق.

ئازىپ ھۇشىدىن، ئاھ مەجنۇن دېبان،
كى جارى قىلىپ ئەشك ئورنىدا قان.

نەۋا نەقشى بىرلە تەكەللۇم قىلىپ،
كېلۇر ئېردى يىغلاپ تەرەننۇم قىلىپ.



## غەزەلى لەيلى

قالدى جان، كەتتى① كۆڭۈل، ئارامى جانىم قايداسەن،
ئىشق ئارا بولدۇم ئەدەم، جانۇ جەھانىم قايداسەن.

ئايرىلىپ گۈلدەك يۈزۈڭدىن بولدى ئەھۋالىم خەراب،
گۈل ئارا بۇلبۇل مەسەللىك ھەمزەبانىم قايداسەن.

چەرخىدىن تۈرلۈك بەلا جانىمغە يەتتى سەن ئۈچۈن،
ئەيلەگىل دەرمان كېلىپ ئەي مېھرىبانىم قايداسەن.

ئىشق ئەۋجىدە تولۇئ ئەيلەپ سۇھەيلدەك② سالدى نۇر،
جۇملەئى ئۇششاق ئارا ساھىبقىرانىم قايداسەن.

بىر كۆرۈپ بىچارەلىك بىرلە بولۇپ مەجنۇن سۈفەت،
يۈرگەن ئەۋارە بولۇپ بىخانىمانىم قايداسەن.

بىر نەزەردە ئەيلەدىڭ بىتابلىق رەسمىنى فاش،
دەپ نىگارىم ئىستەگىز، ئەي ناتەۋانىم قايداسەن.

---

① قولىيازمىدا "ايتتى" دەپ يېزىلىپ قالغان.
② قولىيازمىدا "سهليك" دەپ يېزىلىپ قالغان.

ئەمدى يۈزلەندى بەلىيەت تاغغه جانۇ كۆڭۈل،
كم شكار ئەتمەككە كەلگل ئارسلانم قايداسەن.

لەيلى باشغه بەلا ياغدۇردى بۇ لەيلۇ نەهار،
چۈن پەناھ بولماقغه ئەي دارۇلئەمانم قايداسەن.

نەۋا سەۋتنى ئاڭلادى قەيس زار،
يۈگۈردى قوپۇپ زار بىئختيار.

ئكى يار بر يەردە بولدى قران،
چۇ بر مەنزلدە تاپشتى نهان.

كۆرۈپ بر برنى چىنان يغلاشپ،
فەلەكدن نە ئۆتكەننى مۇڭداشپ.

ئانڭ هالغه بۇ تەرەهھۇم قلپ،
فەلەك كارغه ئول تەبەسسۇم قلپ،

چېكپ ئولزەمان هەر برى ئوتلۇغ ئاھ،
كى بخۇد يقلدى بولۇپ خاكى راھ.

كى لەيلى بله دايه كەلگەن ئدى،
سوڭچه چۇ كم سايه كەلگەن ئدى.



كۆرۈپ دايه ئول دەم بۇرەك ۋاقئه،
بولۇپ ئول زەمان لەيلگه شافئه.

ئكى زار هالغه گريان بولۇپ،
كى پەرۋانەدەك باغرى بەريان بولۇپ.

چۇ پەرۋانەدەك ئۆيرۈلۈپ باشغه،
كېلپ ئولتۇرۇپ بر زەمان قاشغه.

كۆتەردكى لەيلنى ئول پرەزەن،
چقپ باشغه گۈل كەبى سيمتەن.

ئانى دەرمەهەل كەلتۈرۈپ خانەگه،
بلندۇرمەيىن ئەسله بگانەگه.

چۇ بالن ئۈزە ياتقۇزۇپ ماهنى،
قلپ پەردە باشغه خەرگاهنى.

چۇ ئول دايه ئول دەم يۈگۈردى قوپۇپ،
يېتپ قەيس باشغه ئول ئاشۇقۇپ.

كۆتەردى ئانى دۇشغه ئول زەئف،
ئانڭ ۋەزنى يوق ئېردى جسمى نەھف.

ئانى جانىدا يىراغراق قويۇپ،
كى ۋەھمۇ گۇماندىن قىراغراق قويۇپ.

چىراكىم كىشى كۆرسە قىلغاي ئەدەم،
پەرىزادغە يۈزلەنۇر كۆپ نەدەم.

زەھى پاكدۇر ئەيىبدىن ئىككى تەن،
گىرىفتار ئولۇپ ئىشق ئارا زۇلمىنەن.

مۇئەررا ئېرۇر شايىبە لەھۆدىن،
مۇبەررا ئېرۇر غەررەئى سەھۆدىن.

كىشى كۆرسە چۇن قىلماسۇن دەپ گۇمان،
كى بىر جايى خالىدا قىلدى نىھان.

يانىپ دايە ئول دەم كېلىپ خانەگە،
مۇۋاسا قىلىپ ھۆر جانانەگە.

چۇ سۇبھ ئولدى شەبنىڭ قاراسى كېتىپ،
كى دۇجاجلارنىڭ فىغانى يېتىپ.

زەمانى ئۆتۈپ بولدى ئەنۋار فاش،
ئانىڭ كەينىدىن زاھىر ئولدى قۇياش.



داغى ئول كېچە قەيس غايىب ئىدى،
بىلىپ خەيلى ئانچە مەسايىب ئىدى.

ئاتاسى بولۇپ ئەينى پەژمۇردە ھال،
ئاناسى داغى يىغلابان بولدى لال.

ھەمە قەۋمى چىقتى يۈرۈپ ھەر قايان،
باقار ئېردى ھەر يان يۈرۈپ ئىستەبان.

يېتىپ ھەي نەۋاھىغە ئول قەۋم خەيل،
قىلىپ زار بىدىلنى تاپماققە مەيل.

ئىزىنى تاپىپ بىر نىشىمەن ئارا،
قاراسىن ئالىپ ئەسكى مەئمەن ئارا.

كېلىپ كۆردىلەر ياتقۇسى مۇردەدەك،
گورىستان ئارا بولغان ئەفسۇردەدەك.

ئاتايۇ ئانايۇ قەبىلە بارى،
تاپىپ ئانى ئېلتىپ قەبايىل سارى.

بىرى دەپ: پەرىدىن يېتىپدۇر ئەسەر،
بىرى دەپكى: سەۋدا بولۇپدۇر پىسەر.

بىرى دەپ: بولۇپدۇركى ماخۇليا،
بىرى دەپ: جۇنۇندىن تېگىپدۇر ھەۋا.

ئانى ياتقۇزۇپ ئۆيدە بالىن ئۆزە،
نە بالىن ئۆزە، فەرشى قالىن ئۆزە.

ئەتىببانى كەلتۈردى كۆرمەك① ئۈچۈن،
دۇئاخانىنى كەلتۈردى ھۆرمەك ئۈچۈن.

دېبان ھەققىدە ھەر كىشى ھەرنىمە،
ئاتايۇ ئانانى باسىپ ۋاھىمە.

بەناگاھ ئانىڭ مەغزىغە يەتتى ھوش،
كېلىپ ھوشىغە ئاغزى بولدى خەمۇش.

كەلام ئەيلەمەكدىن قالىپ قەيس زار،
قىلىپ ئول زەمان تەلبەلىك ئاشكار.

قىلىپ ئەل مەلامەتنى ھەر ساردىن،
نەسىھەت قىلىپ يار ئەغيارىدىن.

قۇلاغىغە كىرمەس ئىدى پەندلەر،
گەھى يىغلابان گەھ قىلىپ خەندلەر.

① قولىيازمىدا "قالىن" دەپ يېزىلىپ قالغان.



نەسايىھ سۆزى بولدى ئوتىغە ياغ،
كى تەكلىف ئىنكار ئېتىپ قويدى داغ.

بۇ بىھۇدەگۇ سۆزلەرى سۇد ئەمەس،
بۇ ئەفغانە ئاشىقغە بېھبۇد ئەمەس.

چېكىپ چۇست بەلنى چۇ مەجنۇن زار،
كى لەيلى دېبان يىغلادى بىشۇمار.

ئانى ئەرگەشىپ تىفلىلار كەيىندىن،
ئۇرۇپ ئىشق ئوتى شوئلەلەر ئەيىندىن.

كى مەجنۇن دېبان تۇتتى شۆھرەت ئانى،
بۇ كوي ئىچرە سالدى مۇھەببەت ئانى.

ھەمە تىفل مەجنۇن دېبان قويدى ئات،
جۇنۇن كويىدا بولدى ئالى سىفات.

ئاڭا فىكر لەيلى خىيالى ئىدى،
تەمەننانىسى لەيلى جەمالى ئىدى.

چېكەر ئېردى ھەر كويلاردا فىغان،
كى لەيلى ۋەلەيلى دېبان.

بۇ ئەفغان ئىلە ئاھ ئۇرۇپ سۇبھ-شام،
كۆزگە ئانىڭ ئۇيقۇ ئېردى ھەرام.

كى ھەي سارىغە پويە ئۇرماق ئىدى،
يىقىلىپ قوپۇبان يۈگۈرماق ئىدى.

جۇنۇن ئىلكىدىن ئالدى بارىن ئانىڭ،
ھەۋا قويمادى ئىختىيارىن ئانىڭ.

جۇنۇن كويىدا بولدى ھەيران بەسى،
قىلىپ ئىشق ئەقلىن پەرىشان بەسى.

بولۇپ ئىنتىشار خاس ئىلە ئامغە،
مەلامەت ئېلى تۇردى بەدنامغە.

چۇ لەيلى ئاتاسىغە يەتتى بۇ سۆز،
ئىشتكەن زەمان فىكرىدە يۇمدى كۆز.

ئەيا ساقى بىر دەم جەفا تەركى تۇت،
سۇنۇپ مەي كەرەمدىن كۆڭۈلنى ئاۋۇت.

بۇ مەي مەئنىدىن ناسىھا قىلما پەند،
كۆڭۈلنى ئانىڭ كەيفىدە ئەيلە بەند.



**لەيلى ئاتاسى مەجنۇن ئەفسانەسىنى ئىشتىپ، لىسان سىنانىنى زەبان زەھرى بىرلە تىترەتىپ، مەجنۇن ئاتاسىغە كىشى ئىبەرگەنى، مەجنۇن ئاتاسى ئەينى مەلالەتدىن ناچار، مەجنۇن بەندىگە قايىل بولۇپ، سەلاسىل ئەغلال بىرلە بەند ئەتكەنى**

توشۇپ سەفھەئى كىلك رەفتارغە،
مۇمەييىز بولۇپ تۇرفە ئەسرارغە.

كىچىك-چوڭ كەلامىدا مەجنۇن ئىدى،
مەلامەت نىشانىغە مەقرۇن ئىدى.

چىكىپ ئاغزىدا لەيلى ئەۋرادىنى،
كۆڭۈلدە قىلىپ① ھەر زەمان يادىنى.

ئاتايۇ ئاناغە ئىشى قالمايىن،
ئانى بىلمەگەن ھىچ كىشى قالمايىن.

چۇ لەيلى ئاتاسى بىلىپ بۇ ئۇمۇر،
بەدەندە غەزەبىنىڭ ئوتى قىلدى زور.

بىرۆگە دىدى: "ئاندا بارماق كەرەك،
ئاتاسىغە بۇ سۆزنى قىلماق كەرەك.

① قولىيازمىدا "قالب" دەپ يېزىلىپ قالغان.

بۇ ئىشلاردا ئوغلىغە پەند ئەيلەسۇن،
قەبۇل ئەتمەسە سوكرە بەند ئەيلەسۇن.

ئۆزى چاغلاسۇن ئاقىبەت كارىنى،
يىغىشتۇرسە خوبدۇر بۇ گۇفتارنى.

يوق ئەرسە نە قىلسام قىلۇرمەن ئانى،
قولۇمدا گۇمانسىز تۆكۈلگەي قانى."

سەياسەت سۆزىنى ئالىپ باردى ئول،
مەھابەت كەلامىنى قىلدى رەسۇل.

ھەمانا ئىشىتتى غەزەب نامەنى،
باشىغە ئۇرۇپ، چاك ئېتىپ جامەنى.

دېدىكىم: "يانىڭ بۇ خۇدانىڭ ئىشى،
ئۆزىچە ئەمەستۇر قەزانىڭ ئىشى.

ئانى بىز تاپىپ پەند قىلساق كېرەك،
قەبۇل ئەتمەسە بەند قىلساق كېرەك."

قوپۇپ ئول زەمان قەيسنى ئىستەدى،
تاپىپ ئول زەمان پەند ئىلە قىستادى.



قۇلاقىغە كىرمەي نەسىھەت ئۈنى،
كى لەيلى دېبان تۆكتى كۆزدىن سۇنى.

نەسىھەت ئوتىغە بولۇپ ياغ كەبى،
بۇ سۆزدىن بولۇبان غەمى تاغ كەبى.

كىشى سۆزىگە سالماس ئېردى قۇلاق،
كى تارتار ئىدى لەيلى دەپ ئىشتىياق.

ئاتاسى ئاناسى بولۇپ لائىلاج،
كۆزىگە ئانىڭ قىلدى ئالەمنى داج.

سالىپ ئاندا مەجنۇنغە بەند گەران،
قىلىپ خەلقدىن ئۆيي ئىچىدە نىھان.

ئاتايۇ ئانا زار مەھزۇن ئىدى،
بالا مېھنەت ئۆيىدە تۇتغۇن ئىدى.

بولۇپ بەندگە زار مەجنۇن ئەسىر،
چېكەر ئېردى ھەر دەم فىغانۇ نەفىر.

نەچە تاڭغە تەگرۇ ئاڭا ئۇيقۇ يوق،
چۇ كۈن پاتغۇچە كۈندۈزى قايغۇ يوق.

قالىپ مېھنەت ئىچرە چېكىپ رەنجىنى،
تەنھە سالىپ ئىشى ئىشكەنجىنى.

ئۇرۇپ باشىنى تامغە ئەفگار ئېتىپ،
زەبان بىرلە لەيلىنى تەكرار ئېتىپ.

قىلىپ تەلبەلىك خورد-ئاشام يوق،
بۇ بىچارەدە لەھزە ئارام يوق.

ئۇلاپ كۈننى كۈنگە ئۇرۇپ پىچۇتاب،
قىلۇر ئېردى چۈن ياۋە قۇشدەك شىتاب.

بۇ يەڭلىغ تۇرۇپ نەچچە كۈن بەند ئارا،
كۆرۈنمەي كۆزىگە چۇ ئاقۇ قارا.

بولۇپ جىسمى مېھنەتتە ئانچە زەئىف،
بولۇپ ئىشق كۈلفەتلەرىگە ھەرىف.

فەلەككە شىكايەت قىلىپ ئىشقىدىن،
مەلەككە ھىكايەت قىلىپ ئىشقىدىن.

جۇنۇنكى تۇغيان قىلىپ بىر كېچە،
دىبان ھالىنى تەڭرىگە بىر نەچچە.



مۇناجات ئەيلەپ ئىدى بىر سەھەر،
نەجاتىغە بەردى شورۇشى خەبەر.

تۆكۈلدى بەدەندىن ھەمە بەندلەر،
گەران ئۇيقۇدا ساھىبى پەندلەر.

قوپۇپ ئورنىدىن ئول ئىشكنى ئاچىپ،
چىقىپ تاشقارى ۋادىسىغە قاچىپ.

بەيابان تەرەفكە بەدەر كەتتى ئول،
يۈگۈرماق بىلە باقمايىن ئوڭۇ سول.

قەرار ئالدى ھەيگە ياقىن دەشت ئارا،
كىرىپ گويىيا رەۋزەئى ھەشت ئارا.

گەھى پويە ئەيلەر ئىدى ھەر تەرەف،
بولۇپ گاھ ھىجران ئوقىغە ھەدەف.

ئەجەب تەلبەلىك ئاندا قىلمىش ئىدى،
بەش-ئونچە قەدەمدە يىقىلمىش ئىدى.

بۇ سۆز «خەمسە»دە ئانچە تەتۋىل ئېرۇر،
مەراتىب بىلە ئانچە تەفسىل ئېرۇر.

دىيىلدى بۇ سۆزنى خىجالەت بىلە،
ئەمىر خەمسەسىگە رىئايەت بىلە.

كىفايەت قىلىپ مۇندا تەقسىرغە،
ھەۋالە قىلىپ مىر ئەلى شىرغە.

ئايا تالىبى دەردمەندى فىراق،
نەۋايى كەلامىغە سالغىل قۇلاق.

تۇت ئەي مۇغبەچە، راھ، ساقى بولۇپ،
كى جان بەخش مەينىڭ ئاياقى بولۇپ.

ئانىڭ نەشئەسىدىن قىلاي بىر ھۇزۇر،
كى ئول راھەت ئولسۇنكى مانەند پۇر.

## لەيلى ئول ۋەقتىكىم باغ سەير قىلىپ يانغاندا، ئىبنى سەلام كۆرۈپ ئاشىق بولۇپ، ئەقد تەمەئىدە ئۇلۇغ پىشكەش ۋە تۆھفەلەر بىلە لەيلى ئاتاسىغە كىشى ئىبەرىپ، بۇ ئەسرارنى ئىزھار قىلغاندا، لەيلى ئاتاسى گۆل-گۆل ئاچىلىپ قەبۇل تۇتقانى ۋە بۇ ئەسرارنى لەيلى ئاڭلاپ، بۇ خەبەرى جان فىگاردىن بىتاب بولغانى

قەلەم ئەندەلىبى فىغان ئەيلەدى،
نەچە داستاننى ئەيان ئەيلەدى.



زەمانىكى لەيلى بولۇپ ئېردى لال،
كى مەجنۇن ئۇچۇن ئانچە ئېردى مەلال.

چىقىپ ئېردى گۈلشەنگە قىزلار بىلە،
مەلاھەت سىرشىت گۈل مەڭىزلەر بىلە.

كۆرۈپ گۈلنى ئول رەنجى ئارتار ئىدى،
سۇئۇبەتنى مەجنۇنغە تارتار ئىدى.

چۇ بۇلبۇل فىغانىغە ئېردى شىرىك،
قىلۇر ئېردى بۇلبۇل كەبى تەلبەلىك.

تەماشا قىلىپ كەچغەچە باغ ئارا،
كى ئىشق ئوتىدا لالەدەك داغ ئارا.

ئىرادە قىلىپ يانغالى ماھۋەش،
قەبىلە سارى يۈردى ئول ماھۋەش.

چۇ بىر-بىر باسىبان خىرامان كېلۇر،
نۇجۇم بىرلە چۇن ماھى تابان كېلۇر.

بەناگاھ يولۇقتى ئاڭا بىر جەۋان،
ئەرەب ئىچرە ئول باي ئىدى كامران.

خەلايىق ئىچىدە ئاڭا ئېردى نام،
ھەمە ئەل ئاتاپ ئانى ئىبنى سەلام.

غەنىلىق بىلە ئانچە مەشھۇر ئىدى،
دەرەملەر بىلە بەيتى مەئمۇر ئىدى.

غەنەم بىرلە ئەسبۇ شۇتۇر بىئەدەد،
ئەرەب خەيلىدە ئېردى ئەھلى سەنەد.

كۆرۈپ لەيلىنى بولدى ئۇل بىقەرار،
كېتىپ ئىلكىدىن ئەقل ئىلە ئىختىيار.

كېلىپ ئۆيىگە ئەيلەدى مەسلەھەت،
ئاڭا ئەلچى بارسە بولۇر خەيرىيەت.

كى تەئيىن قىلىپ تۆھفەئى پۇر بەھا،
قىلىپ ئۇل زەمان ياخشى قىتئە ئەدا.

ئىبەردى كىشىسىن تەۋەللا قىلىپ،
كى لەيلى ۋىسالىن تەمەننا قىلىپ.

مىيانچى كېلىپ تۈشتى مەۋئۇدغە،
كى سەئيى ئەيلەدى ئاندا مەقسۇدغە.



چۇ لەيلى ئاتاسى قىلىپ بۇ خىيال،
كى مەئقۇل كۆرۈپ بولدى مەسرۇر ھال.

زىيافەت تەرىقىن قىلىپ مىزبان،
قىلىپ ئەلچىنى ئۇل كۆڭلى مېھمان.

قىلىپ ئۇل زەمان ئەلچىغە قىلۇ قال:
”پەرىۋەش داغى ئانچە نازۇك نىھال،

كەمالىغە يەتمەككە بولدى يەقىن،
كى سەبر ئەيلەسۇن ئاندا ساھىب نىگىن.

يەقىندۇر قەرارىدا بەرگۈمدۇرۇر،
ئانى ئۆزگە داماد قىلغۇمدۇرۇر.“

نەچە ياخشى سۆزدە ئانى قاندۇرۇپ،
كى سوغات ئىلە جايىغە ياندۇرۇپ.

تۇتار ئېردى سىرنى پەرىدىن نىھان،
بۇ ئەسرارنى قىلماس ئېردى ئەيان.

ئالىپ كەلدى سۆز ئەلچى بولغان غۇلام،
سۆيۈندى بۇ سۆزدىن كى ئىبنى سەلام.

بەناگاھ ئۆتۈپ نەچچە كۈن، نەچچە ئاي،
جەھان ئېردى لەيلىگە مېھنەت سەراي.

قەزارا ئېشىتتى بىرەۋدىن سۇخەن،
كى ئەقد ئەمرىنى لەيلىگە پىرزەن①:

"خەرىدار ئۇلۇپ سىزگە ئىبنى سەلام،
سېنى دەپ ئىبەردى ئاتاڭغە كەلام.

بولۇپ تالىبىڭ يار، ئەي گۈلئۇزار،
ئەرەب ئىچرە ئانداغ كىشى قايدا بار."

بۇ سۆزنى ئېشىتكەن زەمان چەكتى ئاھ،
بولۇپ چېھرەسى ئول زەمان مىسلى كاھ.

كېتىپ ھۇشىدىن يەرگە ھەمۋار ئۇلۇپ،
بۇ سۆزلەر كۆڭۈل ئىچرە ئازار ئۇلۇپ.

يېتىپ جىسمىغە ئانچە بىتابلىق،
يېتىپ جانۇ كۆڭلىگە نايابلىق.

كېتىپ ئەقلىدىن گاھى ئۆزگە كېلىپ،
گەھى گۈڭ بولۇپ، گاھى سۆزگە كېلىپ،

① قولىيازمىدا "پىرھەن" دەپ يېزىلىپ قالغان.



بولۇپ زەئىفى ھەر كۈن زىيادە ئاڭا،
بۇ رەنج ئىچرە تۈشمەك ئىرادە ئاڭا.

ئاناسى بىلىپ ئانچە گىريان بولۇپ،
تۇرۇپ ئالدىدا باغرى بەريان بولۇپ.

ئاتاسى ئېشىتتى بۇ ئەسرارنى،
كېلىپ كۆز بىلە كۆردى بىمارنى.

ئۇرۇپ كۆكسىگە قىلدى ئول نالەلەر،
قىلىپ يۈزنى پەرگالە-پەرگالەلەر.

غەمىگە قالىپ لەيلىنىڭ ۋالدەيىن،
نە ئىنكى ئۇلارغە ئىدى نۇرى ئەين.

ئىكەۋگە بولۇپ بۇ جەھان قاپ-قارا،
ئۆيى بولدى گوياكى ماتەم سەرا.

ئەتىببا كۆردى مىزاجىنى ھەم،
دەۋا بىرلە قىلدى ئىلاجىنى ھەم.

ئەمەسدۇر ئاڭا ھېچ ئىش سۇدمەند،
ئاڭا يەتكۈرۈپ چەرخ تۈرلۈك گەزەند.

بۇ مەھزۇنغە مەجنۇن غەمى بىر سارى،
كى مەجنۇنغە مەھزۇن غەمى بىر سارى.

بىرى بىرسىگە دەرد ئىلە مۇبتەلا،
سالىپ جانلارىغە بۇ دەۋران جەفا.

فەلەك سالدى لەيلىگە بىچارەلىك،
قەزا سالدى مەجنۇنغە ئەۋۋارەلىك.

چۇ لەيلى ۋىساقىدا بىمار ئىدى،
بەياباندا مەجنۇن نىگۇنسار ئىدى.

چىكىپ لەيلى مەجنۇن فىراقىدا ئۆن،
ئانىڭ ۋەسلىنىڭ ئىشتىياقىدا ئۆن.

ياتار ئېردى جايىدا ھەسرەت چىكىپ،
قىلىپ خەستەلىك داغى فۇرقەت چىكىپ.

چۇ مەجنۇن ئاتاسىدا بار ئېردى غەم،
ئوغۇل دەردىدە يەتكەن ئېردى ئەلەم.

ھەماناكى مەجنۇن قاچىپ خانەدىن،
ئۈمىد ئەيلەبان ۋەسلى جانانەدىن.



يۈرۈبان چىكىپ ئاغزىدا ئەلفىراق،
نىگارى ئۈچۈن تارتىبان ئىشتىياق.

يىراق كەتكەن ئېردى قەبايىلدىن ئول،
بەيابان ئارا بولغان ئېردى خۇمۇل.

ئاتا ئېردى ھەمرەھ دەۋۇ داملار،
رەفاقەت بولۇپ كۈندۈزۈ شاملار.

قىلىپ تەلبەلىك بۇ بەيابان ئارا،
كىرىپ سەكرەبان ۋەھشى ھەيۋان ئارا.

يۈرۈر ئېردى ھەر يان قىلىپ تەلبەلىك،
گەھى فەۋت ئۇرۇپ، گاھى قاقىپ ئىلىك.

بولۇپ مۇزتەرىب ھال شامۇ سەباھ،
چىكەر ئېردى دايىم فىغان بىرلە ئاھ.

ئاتاسى خەبەر تاپتى قاچقانىدىن،
ئاناسى بىلىپ ئىشىك ئاچقانىدىن.

كېلىپ كۆردىلەر بەندگەرانلار تۇرۇر،
باشىن تامغە ئۇرغان نىشانلار تۇرۇر.

تۆكۈلمشكى بەندى چۇ بەرگى شەجەر،
ئىشكنى ئاچىپدۇر كېتىپدۇر بەدەر.

ئاتاسى ـ ئاناسى ئۇرۇپ باشغە،
بوياپ هەر بىرى يۈزنى قان ياشغە.

قەبىلە بارى بىلدى ئۇل هالنى،
سوراپ كەلدى پەژمۇردە ئەهۋالنى.

ئىچىن كۆيدۈرۈپ بارچە قەۋمۇ قەياش،
بۇلار هالىغە ئاغرىنىپ تۆكتى ياش.

بۇ تەقدىرغە ئەمدى نەتمەك كېرەك،
بۇ ئىش زەمنى تەۋرىغە يەتمەك كېرەك.

كېچەش ئەيلەدى ئولتۇرۇپ ئۆز ۋە يات،
هەرەم تەۋفىغە بارسە تاپغاي نەجات.

ئەيا مۇغبەچە، راه قىلغىل كەرەم،
تاپاي يار ۋەسلىنى بەيتۇلهەرەم.

مۇهەببەت هەۋاسىدا پەرۋاز ئېتەي،
هەرەمگە بارىپ بىرنەچە راز ئېتەي.



## مەجنۇن ئاتاسى ئىشق بادىيەسىدىن كەلتۈرۈپ، كەئبە تەۋافىغە ئالىپ بارغانى ۋە ئۇل مۇناجات بەهانەسى بىرلە خاتىرىدەكى مەخفى مەقاسىدىن تىلىدىن چىقارىپ، ئەرەفاتتىن ئەرەسات قوپارغانى

سۇهۇف قىبلەسىغە قەلەم قويدى باش،
قارا قايغۇنى ئەيتىبان تۆكتى ياش.

چىنانچە كىرىپ خامە رەفتارغە،
كى بۇلبۇل كەبى تۇردى گۇفتارغە.

زەمانىكى مەجنۇن چىقىپ خانەدىن،
تەمەئ ئەيلەبان ۋەسلى جانانەدىن.

بەيابان ئارا چەكمەك ئەفغان ئىشى،
كى قىلماق ئۇرۇپ باغرىنى قان ئىشى.

ئاتاسىغە يەتمىش غەمى بىگەران،
يىغىپ قەۋمنى سۆزنى قىلدى ئەيان.

”ئەيا دوستداران ساهىب خىرەد،
مەنۇ زارغە ئەيلەگىزلەر مەدەد.

جىگەر پارەمىزگە بۇ تەقدىردۇر،
ساقايماغلىقىغە نە تەدبىردۇر؟

قاتىپ باشىم ئەمدى بالا دەردىگە،
ئاقىپ ياش رەنجۇ ئەنا دەردىگە.

چۇ تەدبىرىگە ئەيلەڭىز مەسلەھەت،
مىزاجىغە قىلغاي نە ئىش مەنفەئەت.“

بەسارەت ئېلى ئەيلەدى ئىتتىفاق،
ھەرەم جانىبىغە چۇ قويغىل ئاياق.

يېتىپ مەۋسىمى ھەج بۇ ھەنگام ئارا،
تۇشۇپ قوزغالان خاس ئىلەئام ئارا.

ئانى كەئبەگە يەتكۇرۇڭ بۇ زەمان،
كى مەقسەدنى تەڭرىگە ئەيلەڭ ئەيان.

تاڭ ئېرمەس خۇداۋەند بەرسە مۇراد،
تەرەھھۇم قىلىپ مۇشكۇل ئىشىغە كۇشاد.“

بۇ سۆز بىرلە خۇش بولدى ئەھبابلار،
ئاتايۇ ئانا، يار، ئەسھابلار.



باقىپ چىقتى ۋادى ئارا زارنى،
ستەمكەش گىرىفتار خۇنبارنى.

باقار ئېردى تەفتىش ئىلە ھەر قايان،
يۇرۇپ قۇللە چەنبەرلەرىن ئىستەبان.

بەناگاھ كېلىپ بىر تەرەفدىن سەدا،
كى بۇلبۇل كەبى چەكمىش ئاندا نەۋا.

سەدا جانىبىغە بۇلار قويدى يۇز،
كى ئول تەلبەنى ئول زەمان كۆردى كۆز.

دەۋۇ داملارغە بولۇپ ئۇلفەتى،
بۇلاردىن ئاڭا يەتمەيىن كۇلفەتى.

خەلايىقنى كۆرگەن زەمان چىقتى ئول،
چىنان ئاھىغە ئاغزىنى ئاچتى ئول.

بۇلار ئەرگەشىپ ئارقادىن ئالدابان،
بۇلار ئالدىدا تەلبە بولدى رەۋان.

يېتىپ ئارقەسىدىن تۇتۇپ زارنى،
ئاڭا ئەيلەبان بەزمى گۇفتارنى.

قەبايىلغە كەلتۈردى شەفقەت بىلە،
كىلىپ زار مەجنۇن مۇشەققەت بىلە.

سۆيۈپ يىغلادى كۆپ ئاناسى قۇچۇپ،
ئاناسى قىلىپ زار ئەقلى ئۇچۇپ.

دىدى: ”ئەي بالام، بىزگە قىلدىڭ ستەم،
قارىغاندا مۇنداغ قىلىپسەن ئەلەم.

ھەرەم تەۋفىنى ئەيلەدۈك ئىختىيار،
ئەجەب يوق كەرەم قىلسە پەرۋەردىگار.

ئاناڭغە بۇ يول ئىچرە ھەمراھ بول،
ھەرەمگە بارىپ ۋەسلى دەرگاھ بول.“

چۇ مەجنۇن دىلىدا بۇ ئىردى مۇراد،
كى سۆزنى ئىشىتكەن زەمان بولدى شاد.

ئاتاسى سۆزىنى قەبۇل ئەيلەدى،
دەلالەتكە ئۆزنى دۇخۇل ئەيلەدى.

قىلىبان ھەمە يول سەرەنجامىنى،
تاپىپ چەرخىنىڭ نىك ئەييامىنى.



مۇسائىد زەماندا خۇرۇج ئەيلەدى،
ئەمارى ئارا قەيسنى پەيلەدى.

مەنازىل كىزىپ دەشت ئارا دەمبە دەم،
كى ئاز ۋەقتىدە يەتتى بەيتۇلھەرەم.

چۇ مەجنۇن كۆرۈپ كەئبەنى ئول زەمان،
قىلىپ ئاشكارا چۇ دەردى نىھان.

مۇھەببەت دىماغىن مۇشەۋۋەش قىلىپ،
مۇۋەددەت ئىيسى كۆڭلىنى غەش قىلىپ.

كۆزى چەشمەسى قىلدى ئانداغ ياغىن،
ئۇرۇپ ئاھ، سەكرەپكى مىسلى چاقىن.

ھەرەم دەۋرىدە چەرخ ئۇرۇپ دايىر ئول،
كى مەدھۇش سەرگەشتەئى سايىر ئول.

يۈزى ئالتۇنى قىلدى زەركارلىق،
كۆزى سۈيىدۇر ئىچرە پۇركارلىق.

ئىشىكنى سۈپۈردىكى رۇخسار ئىلە،
باشىن ئۇردى ئول نالەئى زار ئىلە.

زەھى تولدۇرۇپ دىدەنى ئابغە،
كى سەكرەپ ئىلىك ئۇردى قەللابغە.

ئاسلدى ئىشىككە تەزەللۇم بىلە،
تەزەررۇئ قىلىبان تەكەللۇم بىلە.

ئاڭا تەگرۇ تۇردىكى كەچ بولدى كۆن،
يېتىپ شامى دەيجۇر ئارا كىردى تۆن.

مۇناجات ئەيلەپ قىلىپ زارلىغ،
قىلىپ دامەنىن ئەشك خۇنبارلىغ.

كۆڭۈل ئىچرەكى ئەرزۇ ھالىنى دەپ،
كى ئول يار مەھۋەش خىيالىنى دەپ.

## مەجنۇن خانەئى كەئبەنىڭ قۇللابغە ئاسىلىپ، مۇناجاتى بەدەرگاھ قازىيۇلھاجات ئەيلەپ، ئىشق ئىزتىرابىدىن ئاھ ئۇرۇپ بىھۇش بولغانى

ئىلاھا، ئىشق قۇللابغە كۆڭلۈمنى گىرىفتار ئەت،
ئانىڭ يولىداكى مېھنەتلەرىن كەم قىلما، بىسيار ئەت.

نەسىھەت ئەھلى ھەر دەم مەنئ ئېتەر ھىجران جەفاسىنى،
خەلاس ئەيلەپ ئۇلاردىن ئىشق ئەھلىغە خەرىدار ئەت.



قىلىبان ئىشق "ئەين"ىن ھەلقەئى بويىنۇمغە مۇستەھكەم،
كى "ش"ىن"نى شۆئلەسى بىرلە كۆڭۈلنىڭ كۈرەسىن نار ئەت.

زىبىھۇللا كەبى "قاف"ىدا ئول دەم ئەيلەگىل قۇربان،
ئانىڭ بەش نوقتەسى بىرلە ئۆلۈك جىسمىمنى سەڭسار ئەت.

زىيادە ئەيلەگىل ئىشقىمنى يارەب، قىلمە ھەرگىز ئاز،
مۇھەببەت ئەھلى ئىچرە شۆئلەئى ھىجراندا زەردار ئەت.

ھەۋايى ئىشقدىن ھەر تۆن باشىمغە تاشلار ياغدۇر،
فەنا ۋادىسىدا ئول تاشدىن قەبرىم نەمۇدار ئەت.

ئانىڭ يادى بىلە ھەر دەم كۆڭۈلنى ئەيلەگىل زەندە،
خىيالى بىرلە خۇرسەند ئەيلەگىل تا جاۋىدان بار ئەت.

بۇ جىسمى ناتەۋانىمدىنكى جان چىقماق ھەۋا قىلسە،
كى لەيلى فىكرىنى ئاخىر نەفەسدە جانىمە يار ئەت.

ئاچىپ دۇنياغە كۆز، ئىشق ئافەتىغە ئۇچرادى كۆڭلۈم،
ھەمە دەرد ئەھلىنىڭ خەيلىگە بۇ مەھزۇننى سەردار ئەت.

جەھاندا ناتەۋان مەجنۇن مۇھەببەتنىڭ ئەسىرىدۇر،
نىگۈن قەددىمنى ئىشق ئەھلى جۇنۇن بويىنىغە تۇمار ئەت.

بەسى نەۋھەلەر تۈزدى دىۋانەۋار،
ئۇلۇغ ئاستاننى قىلىپ ئاشكار.

خەلايىق تۇرۇپ بولدى ھەيرەتدە لال،
ئاتاسى داغى بولدى ئانچە مەلال.

ئانىڭدىن ئىلىكنى يۇدى بارچە ئەل،
دىدىكىم مۇڭا ئىشق روزى ئەزەل.

ساقايماق مۇڭا ئەسلە ئىمكان ئەمەس،
ئوڭالماقمۇ ھەم داغى ئاسان ئەمەس.

يەنە ھۇشىدىن كەتتى ئول سارغارىپ،
خۇدادىن تىلەپ ئىشقنى يالبارىپ.

ھەمانا يىقىلدى بولۇپ مۇردەۋار،
زەمىندە ياتىپ جىسمى ئەفسۇردەۋار.

كۆتەردىكى ئانى دىل ئەفكارلار،
تىلەپ مەنزىلىنى تەلەبكارلار.

چۇ ئەركان ھەجدىن فەراغەت تاپىپ،
كى بۇ تەلبە كارى كىفايەت تاپىپ.



ئاتاغە يىتىپ ئانچە نەۋمىدلىغ،
تۇشۇپ تەلبە باشىغە تەجرىدلىغ.

ئانى زەبت قىلماغىغە يوقتۇر ئىلاج،
قويۇپ بەردى ئول ئەيلەدى ئىنزىئاج①.

خەلايىق ۋىساقىغە بولدى رەۋان،
كى مەجنۇن بەياباندا بولدى نىھان.

قۇيۇندەك كىرىپ كەتتى ۋادى ئارا،
ياشۇردى كۆڭۈل لەيلى يادى ئارا.

ئاتاسى چۇ ئۆيگە نۇزۇل ئەيلەدى،
قەبايىلگە ئۆزنى دۇخۇل ئەيلەدى.

ئانا ئاڭلادى، يىغلادى زار-زار،
كى قەۋمۇ قاياشى بولۇپ سۇگۋار.

بەياباندا بىچارە مەجنۇن يۇرۇپ،
چىكىپ نالەلەر تاشنى باشقە ئۇرۇپ.

يۇرۇپدۇركى ئەترافىدا ئاھۇلار،
كى يىغلاپ، قالىپ ئوت، سۇدىن بۇلار.

---

① قولىيازمىدا "ئنز جاج" دەپ يېزىلىپ قالغان.

كېيىكلەر ئاراسىدا بولمىش شۇبان،
شۇبانغە بۇ ۋەھشى بولۇپ پاسىبان.

قايان بارسە ھەمراھ ئىدى ۋەھشىلەر،
بۇ بىدىلدىن ئاگاھ ئىدى ۋەھشىلەر.

قەزارا يىراقدىن كۆرۈندى غۇبار،
كى پەيدا بولۇپ نەچچە ئەھلى شىكار.

ھەمە ئات سالىپ كەلدى مەجنۇن سارى،
كى ئول زار ئەفتادە مەھزۇن سارى.

ھەمە ۋەھشىلەر قاچتى ئانى كۆرۈپ،
يىراقدىن تۇرۇپ تەلبەگە تەلمۈرۈپ.

شىكار ئەھلى سەردارى نەۋفەل ئىدى،
ئەرەب خەيلى سىلكىدە ئەفزەل ئىدى.

تەۋانا زەبەردەست مەشھۇردۇر،
كى بۇ شىردۇر، ئۆزگەلەر مۇردۇر.

ئىشىتكەن ئىدى زار مەجنۇن ئىشىن،
فەلەكدىن جەفالار ئاڭا يەتمىشىن.



كېلىپ كۆردى مەجنۇننى بولدى مەلال،
ئانىڭ ھالىغە رەھم ئېتىپ بولدى لال.

ئۇشۇل دەمكى مەجنۇنغە قىلدى سەلام،
بۇ بىچارە ھەم ئەيلەدى ئېھتىرام.

چۇ مەجنۇن دىدى: "ئەي ئەرەب سەرۋەرى،
بۇ مۇنىسلارىم كەتتى مەندىن نارى.

گۇناھىنى ئەفۋ ئەيلەگىز ئاتماغىز،
كى تۇپراق ئارا قانىنى قاتماغىز."

چۇ نەۋفەل ئىشىتتى بۇ شىرىن كەلام،
چۇ مەجنۇنغە ئەيلەپ بەسى ئېھتىرام.

ھەمە جانىۋەر قانىدىن كەچتى ئول،
بۇ بىچارەلەر قەتلىدىن يىغدى قول.

دىدى ئول: "مۇرادىڭغە ئەيلەي سەبەب،
ئەگەر بەرمەسە ئاڭا ئەيلەي غەزەب."

مۇلايىملىق ئەيلەپ ئالىپ ياندى ئول،
كى مەجنۇننى جايىغە قىلدى دۇخۇل.

چۇ لەيلى ئاتاسىغە قىلدى خەبەر،
كى ئول نامە سۆزىگە سالدى نەزەر.

قەبۇل ئەتمەدى چۈنكى نەۋفەل سۆزىن،
غەزەب بىرلە تەغيىر بەردى ئۆزىن.

چۇ نەۋمىد ئولۇپ ياندى بارغان رەسۇل،
دىدى سۆزنى: "قىلماس بۇ ھالنى قەبۇل."

كى نەۋفەلدىن ئۆرلەپ غەزەبنىڭ ئوتى،
تۇتاشتى كېلىپ بىئەدەبنىڭ ئوتى.

دىدىكىم: "چېرىك ئەزم قىلماق كېرەك،
ئۇلار بىرلە چۈن رەزم قىلماق كېرەك."

ھەمە خەيل قوزغالدى فەرمان تۇتۇپ،
كى بىچارە مەجنۇن داغى قان يۇتۇپ.

چۇ ھەي ئەھلىنى قوزغادى كۆپ سىپاھ،
قەبىلە چېرىكنى كۆرۈپ چەكتى ئاھ.

چۇ لەيلى ئاتاسى قىلىپ مەسلەھەت،
يوق ئەتمەككە لەيلىنى قىلدى نىيەت.



بولۇپ تەلبەگە بۇ نىيەتلەر ئەيان،
كى ئاگاھ ئەيلەپ شۇرۇشى نىھان.

قوپۇپ ئورنىدىن يىغلادى رەنج ئىلە،
دىدىكىم: "بۇلار بىرلە قىلماڭ گىلە.

تىلەيمەن گۇناھىنى ئۆتمەك كېرەك،
كى مۇندىن كۆچۈپ ئاندا يەتمەك كېرەك.

سەۋاب ئىستەبان بىزنى قىلساڭ رىزا،
بۇ بىچارە لەيلىگە قىلماڭ ئىزا."

كى نەۋفەل كۆچۈپ ياندى مەئۋايىغە،
سىپەھلەر كېلىپ تۈشتى ئۆز جايىغە.

بۇلار ۋاقىئاتى تەۋىلۇ تولا،
قىلىپ مۇختەسەر ئەيلەدۈك ئىكتىفا.

قىلىپ ئەقد مەجنۇنغە نەۋفەل[1] قىزىن،
ھەمول ئېردى گۈلچېھرەئى نازەنىن.

---

[1] ئەسلى تېكىستتە "... نەۋفەلغە مەجنۇن قىزىن" دەپ يېزىلىپ قالغان.

چۇ بىر خانەدە ئىككىسىن قىلدى جۇفت،
كى خىلۋەتكە كىردى ئىككى نەۋ شىكۇفت.

بۇ قىزنىڭ داغى بار ئىدى ئاشىقى،
ئەمەس ئېردى مەجنۇن ئانىڭ لايىقى.

ئىكەۋ ئولتۇرۇپ ئانچىنان يىغلاشىپ،
بىرى بىرسىنىڭ ھالىغە مۇڭداشىپ.

كى مەجنۇن خىيالىدا لەيلا ئىدى،
بۇ قىز زىكرى ھەم ئاھ-ۋەيلا ئىدى.

خىرام ئەيلەدى ئول مۇرادى سارى،
كى بىدىل قاچىپ دەشت ۋادى سارى.

چۇ ھەي سارىغە ئەيلەدى ئىتتىفاق،
كى لەيلى سارى تارتتى ئول ئىشتىياق.

قەزا كەلتۈرۈپ لەيلىنىڭ جايىغە،
نەزەر ئەيلەدى قەيس مەئۋايىغە.

يوق ئاندا داغى ئادەمىدىن نىشان،
بارىسى كېتىپدۇر. كۆچۈپدۇر رەۋان.



ياتىپدۇر بىر ئىت كۆپ زەئىفۇ نەھىف،
بولا ئالماغان ئول چىبىنغە ھەرىف.

ئانىڭ بىرلە مەجنۇن قىلىپ گۇفتىگۇ،
ياراسىن تاڭىپ ھەلقىغە بەردى سۇ.

ئول ئىتغە چىنان ئاشنالىق قىلىپ،
بەيابانغە كەتتى جۇدالىق قىلىپ.

يەنە ئاڭلاڭىز سۆز بۇدۇر دوستان،
كى ئىبنى سەلامغە سۇرۇپ داستان.

زەمانىكى لەيلىگە سۆز سالدى ئول،
ئاتاسى ئانىڭ ئەيلەپ ئېردى قەبۇل.

مۇسائىد زەماندا ئاڭا جۇفت ئېتىپ،
قويۇپ ئېردى بىر ئۆيدە ھەم گۇفت ئېتىپ.

بويۇن سۇنمايىن قاچتى ئول، ئول كېچە،
كى ياد ئەيلەبان تەلبەنى ئۆزگەچە.

بەيابان سارى ئول تۈنى قويدى يۈز،
چېكىپ ئاھلار ئۆزگەچە قىلدى سۆز.

ئايا ساقى، تۇت بىزگە جامى ۋىسال،
فىراقىدا ئانىڭ بولۇپمەن مەلال.

تاپىپ يارنى باش قوياي پايىغە،
باقىپ كۆزنى رەۋشەن قىلاي ئايىغە.

**نەۋفەل گەۋھەرى ئەقد سىلكىدىن مەجنۇن ئول كىپچە خەلاس بولۇپ دەشت سارى يۈز قويغانىدا، ئول كىپچە ئىبنى سەلام سىلكىدىن لەيلى جۇدا بولۇپ، بەيابان جانىبىغە يۈزلەنگەندە، ئىككى ناتەۋاننى فەلەك بىر يەردە قاۋۇشتۇرۇپ، ۋىسال دەۋلەتىدە بىخۇد بولۇپ يىقىلغانى**

چۇ سۆز ناقىلىغە قەلەم بولدى قول،
ۋەرەق گۈلشەنىدە ئاچىلدۇردى گۈل.

كۆيەۋ سانىغە كىردى ئىبنى سەلام،
كى لەيلى مەكانىغە قىلدى خىرام.

مۇھەييا قىلىپ سۆزنىڭ ئەسبابىنى،
كى هازىر قىلىبان مەيى نابىنى.

قۇرۇپ بەزم شاهانە مەسرۇر هال،
كى مەيخارەلىككە قىلىپ ئىشتىغال.



ئانىڭ تەبئىدە سەردۇ مەئلۇل ئىدى،
تەبىئەت فەرەھلىككە مەشغۇل ئىدى.

فەرەھلىك ئاڭا بولسە ئېردى زىياد،
كى زايىل بولۇر ئېردى ئەقلۇ نىهاد.

ئاڭا شادلىق غالىب ئېردى بۇ كۈن،
پەرى چېهرەگە تالىب ئېردى بۇ كۈن.

كېسەل قوزغالىپ تەبئى تاپتى خەلەل،
يىقىلدى يانىغە تۇرۇپ دەرمەهەل.

خەلايىق بارى بولدى پەرۋانەدەك،
كى مەي زورىدىن مەست دىۋانەدەك.

يىغىلدى قاشىغە كىچىك بىرلە چوڭ،
كى لەيلى ئىشى بۇ كېچە كەلدى ئوڭ.

ۋەگەرنە ئۆزىن نابۇد ئەيلەر ئىدى،
نىهان ئىچىدە دەشنە دەربەر ئىدى.

ئاڭا قويمادى رەهم قىلدى فەلەك،
بۇ كېچە ئانى قىلدى ئاندىن بۆلەك.

ھەمە خەلق ئىبنى سەلام باشدا،
مۇۋاسا قىلىپ ئولتۇرۇپ قاشدا.

ئانىڭ زەئىفى ھەددىن زىيادە بولۇپ،
كېتىپ ھۇشىدىن ياتتى خارە بولۇپ.

كېلىپ دايەلەر ئۆيرۈلۈپ باشىغە،
ئانى كۆرگەن ئەل تۆردى كۆز ياشىغە.

ئۆلۈكدەك ياتىپ ھۇشىدىن يوق ئەسەر،
كى قالماي ئۆزۈ ئۆزلۈكىدىن خەبەر.

مۇنى كۆردى بارى بولۇپ ئەقلى لال،
مۇشەۋۋەش بولۇپ بولدى پەژمۇردە ھال.

چۇ لەيلى زەمانى تۇرۇپ قىلدى سۆز،
كى بىر دايەنى ھەممەدىن قىلدى ئۆز.

دىدىكى: "كىشى كەلمەسۇن قاشىمە،
ئاتايۇ ئانايۇ قەرىنداشىمە.

زەمانى ئۆزۈمنى ئۆزۈمگە بىرىڭ،
ئەدەم كويىدا تەلبەنى ئاختارىڭ."



ھەمە خەلق قاچتى پەرى ئالىدىن،
كىشى بىخەبەر ماھۋەش ھالىدىن.

يىغلىدى بارى ئول كۆيەۋ قاشىغە،
كى پەرۋانەدەك ئۆيرۈلۈپ باشىغە.

قىلىپ ھوجرەنى خالى بۇ ماھۋەش،
دېبان يىغلادى: "ئەلئەتەش ـ ئەلئەتەش!"

ئۆتۈپ ئېردى شەبدىن بىر ئىككى زەمان،
قوپۇپ ھوجرەدىن چىقتى بولدى رەۋان.

چۇ ئول ھوجرە كەيىنى رىگىستان ئىدى،
رىگىستان ئۇ يانى بەيابان ئىدى.

چىقىپ ئول پەرى قوم ئۆزە قويدى[1] گام،
كى بىر ـ بىر باسىبان چۇ قىلدى خىرام.

كىشى بىلمەدى ماھۋەش ھالىنى،
داغى كۆرمەدى ھوجرەئى خالىنى.

كى ھەيىنىڭ قاراسى بولۇپ ناپەدىد،
ئۇرۇپ باشىغە ئاھى چېكىبان شەدىد.

---

[1] قولىيازمىدا "بولدى" دەپ يېزىلىپ قالغان.

چۇ يىغلاپ يۈرۈپ ئېردى ۋادى ئارا،
كېلۇر ھەر تەرەفدىن فىغانۇ نەۋا.

نەۋا سەۋتىدىن جانغە تۈشتى ئوت،
كى رەختى ھەياتىغە ياپۇشتى ئوت.

ئۆرۈپ ئاھ لەيلى چېكىبان فىراق،
مۇھەببەت نەۋاسىغە سالدى قۇلاق.

شەممى مۇھەببەت كېلۇر نەقشىدىن،
تاپىپ تازە جان سەۋتى جانبەخشىدىن.

كى مەجنۇن داغى لەيلىدىن ئالدى بۇي،
سەراسىمە يىغلاپ قىلىپ گۇفتىگۇي.

بولۇپ چۈنكى لەيلى ئانىڭدىن① جۇدا،
كېلىپ ئېردى ۋادى ئارا بىنەۋا.

تىلىغە بۇ ئەبيات جارى ئىدى،
كى مەزمۇنى يارى نىگارى ئىدى.

① قولىيازمىدا "اتيدىن"دەپ يېزىلىپ قالغان.



## غەزەلى مەجنۇن

مۇھەببەت نارىدىن ئوت ياقتى ئول ئاي خەستە جانىمغە،
كى ھىجران شۆئلەسى نەيلەي تۇتاشتى خانىمانىمغە.

ئانىڭ كوييداكى ئىتلارغە قىلسام ئاشنالىق بەس،
بېرىپ كۆڭلۈمنى قىلسام مىزبانلىق مېھمانىمغە.

كۆڭۈلنىڭ تەختگاھىدا خيالى پادشا ئولمىش،
نەۋا يەتكۇردى ئول شەھ تەن ئارا روھى رەۋانىمغە.

جەفا تەركىن تۇتۇپ ئەي چەرخى زالىم بىر تەرەھھۇم قىل،
جەھان كۆل بولغۇدەك بولدى مېنىڭ ئاھۇ فىغانىمغە.

قۇرۇتتى سەر سەرى ھىجران ۋۇجۇدۇم ئەيلەدى خاشاك،
تۈشۈپ ئوت ئاھدىن ھەر دەم خەزانلىق بوستانىمغە.

مۇيەسسەر بولسە ئول ئاي، بۇ جانىمنى ئەيلەسەم قۇربان،
كى داغ ئولسە ئەجەب يوقكىم بويالسە لالە قانىمغە.

فەلەك ئەشكىن تۆكۈپ ھەر سۇبھ ھالىمغە تۇتار ماتەم،
كۆلەر خۇرشىد تەئن ئەيلەپ بۇ چېھرە زەئفەرانىمغە.

بەيابانى مەلالەتدە ئانىڭ دەردى بىلە قالدىم،
پەيامىنى سەبا يەتكۈر مېنىڭ شىرىن زەبانىمغە.

بولۇپ مەجنۇن جەھاندا يارنىڭ يادى بىلە ھەيران،
نېتاڭ رەھىم ئەيلەبان ئول يار ھەمدەم كەلسە يانىمغە.

ئۇقۇپ يار ۋەسفىنى ئىنشا قىلىپ،
فەلەك خەيلىگە زار ئىفشا قىلىپ.

يۈرۈر ئېردى ھەيران بەيابان ئارا،
قىلىپ زارلىق نالە ئەفغان ئارا.

بىلىپ لەيلى بۇ سەۋت مەزمۇنىنى،
كى ياد ئەيلەبان ئاندا مەجنۇنىنى.

ئۆزى ھالىغە ئەيلەدى سەرزەنىش،
قاداپ جانىغە دەردى ھىجراندا نىش.

ئۇقۇپ باشدىن ئۆتكەن فەلەكنىڭ ئىشىن،
كى يىغلاپ دىبان چەرخنىڭ قىلمىشىن.

نەۋاچەكتى ئول تۈندە بۇلبۇل كەبى،
بولۇپ ئارەزى ئەرغۇۋان گۈل كەبى.



يۈگۈردى سەراسىمە ھەيران باقىپ،
ئۇرۇپ پۇتنى يەرگە، ئۇچىنى قاقىپ.

زەبانىغە جارى بولۇپ بۇ غەزەل،
قىلىپ غەم تۈنىن شادلىقغە بەدەل.

## غەزەلى لەيلى

ئوتلۇغ ئاھىمدىن بولۇپ شەمئى شەبستان بۇ كېچە،
ئىشق ئۇچقۇنى قىلىپ كۆكنى گۈلستان بۇ كېچە.

رەھىم ئېتىپ مەن ناتەۋان ھالىغە، كىردى كۈنج ئارا،
پەردەسىن ياپىپ جەھانغە ماھى تابان بۇ كېچە.

ياردىن تاپماق نىشان بىزگە مۇيەسسەرمۇ ئىكىن،
ئاھكىم، بولغايمۇ يارەب ۋەسلى جانان بۇ كېچە.

كەتتى كۆڭلۈم يار ئۈچۈن ئەرزىنى ئەئيان ئەتكەلى،
ئەرگەشىپ كۆڭلۈمنى چىقتى تەندەكى جان بۇ كېچە.

ئىشق تۇغيان ئەيلەبان بىچارەنى زار ئەيلەدى،
دەشتى ھىجران ئىچرە قىلدى بىزنى ھەر يان بۇ كېچە.

يارنى تاپماق تەمەنناسىدا بولدۇم ئەسرۇ لال
ئەندەلىب يەڭلىغ چېكىپ يۈز نالە-ئەفغان بۇ كېچە.

ئەي فەلەك، كەجرەۋلۇغۇڭ قوي، بىر زەمان هالىمغە باق،
غۇنچەدەك كۆڭلۈم بولۇپدۇر تەھ-بەتەھ قان بۇ كېچە.

ياردىن كەلدى شەمىمى، تازە جان تاپتىم داغى،
ئۆلكى بولغايمۇ ئىكىن جان ئىچرە مېهمان بۇ كېچە.

لەيلىنىڭ هالى زەبۇندۇر يار ئۆچۈن لەيلۇ نەهار،
ئەيلەگىل يارەب ماڭا مۇشكۈلنى ئاسان بۇ كېچە.

ئوقۇپ لەيلى ئۆز هالىغە ھەسبى هال،
ئۆزى بىرلە ئەيلەپ ئۆزى قىلۇ قال.

كېلۇر ئېردى مەجنۇن نىگارى سارى،
كى لەيلى باسىپ ئاندا يارى سارى.

قەمەر قەندىلىن يايغان ئېردى فەلەك،
كۆرۈپ ھىجر ئەنۋارىدا يەك بىيەك.

بەناگاھ كۆرۈندى بىرى بىرگە يار،
كى خۇرشىد ئىلە ماھ تاپتى قەرار.



نەزەر قىلدى مەجنۇن نىگارى كېلۇر،
داغى لەيلى كۆردىكى يارى كېلۇر.

ئىكەۋ بولدى ھەيرەتدە ئانداغكى لال،
دىدىلەر ئىكەۋ: تۇشمۇ ياخۇد خىيال؟

تانۇپ بىر-بىرىن يىغلابان زار-زار،
تاپىشتى بۇ قۇملۇق ئۈزە ئىككى يار.

كى مەجنۇن تەنىگە كىرىپ تازە روھ،
ۋىسالى ھەرىمغە تاپتى فۇتۇھ.

بەدەن قەسرىغە روھ قىلدى نۇزۇل،
كى ئەۋارە جىسمغە قىلدى ھۇلۇل.

چۇ ئىككى گۆھەر تۇشتى بىر دۇرجغە،
قۇياش بىرلە ئاي كەلدى بىر بۇرجغە.

چۇ بىر ساغەر ئىچرە كىرىپ ئىككى مۇل،
كى بىر غۇنچە ئىچرە تۇتۇپ ئىككى گۇل.

ئىكى روھ بىر جىسم ئارا بولدى يوق،
كېتىپ غەم بۇ كېچە كۆڭۈل بولدى توق.

کی لەیلىگە هەم يەتتی مەسرۇرلۇق،
كۆرۈپ يارنی، كەتتی رەنجۇرلۇق.

قويۇپ تەلبە لەيلی ئاياغىغە باش،
پەری چېهرە هەم تەلمۈرۈپ تۆكتی ياش.

ئىكەۋ ئۈچراشىپ تانۇشۇپ يىغلاشىپ،
بۇلار نالە زاری فەلەكدىن ئاشىپ.

قىلىپ تەلبە مەجنۇن فەلەككە خىتاب:
"ئەيا چەرخ پۇركار، ئالىجەناب.

تەرەھھۇم قىلىپ بىزگە قىلدىڭ كەرەم،
داغی بىۋەفالىقدا قىلما سىتەم.

قىلىڭ تۈننی بىزگە قىيامەت مىسال،
کی بىر لەمهەنی ئەيلەگىز نەچچە سال.

جەفا تەركىنی بىر زەمان ئانۇتۇڭ،
كۆڭۈلنی تەۋەققۇف بىلە ئاۋۇتۇڭ.

کی هەر بىر نەفەس بىزگە بەيرامدۇر،
قاچانكىم بىرەۋگە بۇ رەڭ شامدۇر.



تۈمەن تىل بىلە شۈكرىڭىز ئەيلەيىن،
كۆڭۈل جان بىلە زىكرىڭىز ئەيلەيىن."

ئىكەۋ چىرماشىپ ئىشقىپىچان كەبی،
بىری بىرسىگە تەن ئارا جان كەبی.

بۇ دەپ هالىنی، ئول ئۇرۇپ ئاهلار،
داغی بۇ چېكىپ ئاھ-جانگاهلار.

تۇتۇپ لەيلىنىڭ زۇلفی قۇللابىنی،
شوراپ لەئلىدىن شىرەئی ئابىنی.

بۇ هەم قەيسكە ئۆزنی مايىل قىلىپ،
بويۇنغە قولىنی هەمايىل قىلىپ.

ئۆپۈپ بىر-بىرىنی بۇ بىچارەلەر،
غەمىنی دىبان ئانچە غەمخارەلەر.

گەهی لەيلی مەجنۇن ئاياغىن ئۆپۈپ،
گەهی تەلبە بۇگۇل سەقاغىن ئۆپۈپ.

ئىككی پاك ئاشىقغە بولمىش سۇرۇر،
بۇ شەبدە تاپىپ ۋەسل بىرلە هۇزۇر.

قىلىپ ئەۋۋەلى شەب ۋەفادارلىق،
قىلىپ ئاخىرىدا جەفاكارلىق.

يەنە رەشك رەسمىنى تۇتتى فەلەك،
ۋەفادارلىقنى ئۇنۇتتى فەلەك.

داغى ئادەتىگە خۇرۇج ئەيلەدى،
يەنە سۇبھى كازىب ئۇرۇج ئەيلەدى.

بۇلار ئەيلەدى كېچەگە سەرزەنىش،
قۇياش تىغىدىن يەتتى جانىغە نىش.

ئىكىسى فەلەككە باقىپ چەكتى ئاھ،
كى ئاھ ئوتىدىن بولدى ئەنجۇم تەباھ.

بۇلار ھالىغە سۇبھى سادىق كۇلۇپ،
جەفا چەرخى چۇن باشىغە ئۈيرۈلۈپ.

قاراڭغۇ بىلە نۇر قىلدى تالاش،
كى زۇلمەت ئارا غالىب ئولدى قۇياش.

ھەمانا بۇلارغە يېتىپ ئانچە غەم،
ستەمدۇر ـ ستەمدۇر، ئەلەمدۇر ـ ئەلەم.



داغى تاڭ قۇشى ماجەرا باشلادى،
گۇلىستاندا بۇلبۇل نەۋا باشلادى.

بۇلار يىغلادى ئاھ ـ ۋەيلا چېكىپ،
فىغان قىلدى مەجنۇن كى لەيلا چېكىپ.

پەرىۋەش داغى ئانچە مەھزۇن بولۇپ،
ئانىڭ فىكرى يادىدا مەجنۇن بولۇپ.

قىلىپ سۇبھ ئول دەم ياقاسىنى چاك،
كى ئەنۋارىدىن قىلدى زۇلمەتنى پاك.

بۇلارغە بولۇپ زور يەۋمۇتتەناد،
قىلىپ ئاندا بىر ـ بىر بىلە خەيرباد.

كېتىپ جان بەدەندىن، قالىپ مۇردا تەن،
ئىكى جان مەكانى ئىدى بىر بەدەن.

كۆڭۈل كەتتى جان كەينىدىن ئەرگەشىپ،
قالىپ مۇندا تەن گەجگەسىنى قاشىپ.

چۇ لەيلى ئۆيىگە خىرام ئەيلەدى،
بارىپ ھوجرەسىدە مەقام ئەيلەدى.

بەياباندا قالدى كى مەجنۇن تېنەب،
ئاراغە سالىپ چەرخ شورۇ شەغەب.

جۇنۇن ئۆرلەدى قەيس بىچارەگە،
باشىن ئۇردى ھەسرەت بىلە خارەگە.

قۇيۇندەك بەياباندا سەرگەشتە دۇر،
كى دەم-دەم ئاڭا ھال بەرگەشتە دۇر.

بارىپ نەجد تاغىن مەكان ئەيلەدى،
سىرىشكى بىلە تاغنى كان ئەيلەدى.

سۇرەي نۇكتە ئىزھارىغە بىر كەلام،
چۇ بىمار ئۇلۇپ ئېردى ئىبنى سەلام.

تاڭ ئاتغاندا ياندى ۋىساقىغە ئول،
كى لەيلى سارى سۇنمادى ئەسلە قول.

قاچان زەئف ئاندىن كى زايىل بولۇر،
پەرىۋەش ۋىسالىغە مايىل بولۇر.

چۇ لەيلى داغى بۆيدە تەسكىن تۇتۇپ،
ئانىڭ يادىدا ئۆزنى غەمكىن تۇتۇپ.



چىراكىم تاپىپ بۇي ئاندىن دىماغ،
كى ئانسىز زەمانى ئەمەستۇر فەراغ.

كى دەردىدە بار ئانچە قاتتىغلىقى،
داغى ئەيشدە ئانچە ئاچچىغلىقى.

كى ئول ۋەسل ئىلە ئول كېچە جان تاپىپ،
كى زۇلمەت ئارا ئابى ھەيۋان تاپىپ.

چىقىپ تاغ ئەۋجىگە مەجنۇن زار،
كى بىر قۇللەدە تاپغان ئېردى قەرار.

تۇرۇپ ئاندا ھەر سارى مەنزۇر ئىدى،
كى ھەي سارىدىن كۆزىگە نۇر ئىدى.

تۇرۇپ ئاندا ھەينىڭ قاراسىن كۆرۈپ،
كۆزىدىن يۇتۇرمەي تۇرۇپ تەلمۈرۈپ.

سەدا ئۆرلەتىپ تاغدىن نالەسى،
كى سىيلاب ئۇلۇپ ئەشكىنىڭ ژالەسى.

ھەمە ۋەھشىلەر ئاندا ئېردى ئىنىس،
كى ئەتراپىدىن ئەيلەپ ئېردى جەلىس.

تۇرۇپ ئاندا ئانچە پەرىشان ئولۇپ،
قويۇپ ئادەمىلىكنى ھەيۋان ئولۇپ.

ئۆزى زاتىدىن مۇتلەقەن يوق خەبەر،
ئۆزىدىن يەنە ئۆزلۈكىدىن ئەسەر.

بۇ يەڭلىغ يۈرۈر ئىردى ھەيران ئولۇپ،
ئىچى غۇنچەدەك تەھ-بەتەھ قان ئولۇپ.

سۇرۇشى خەبەر بەردى بىر ھالدىن،
كى دىۋانەگە ماتەمى زالدىن.

ئاتايۇ ئانا بولغان ئىرمىش فەنا،
فەنا بولغان ئىرمىش ئاتايۇ ئانا.

بۇ غەم بەزمىدە تۇت ماڭا ساقى مەي،
ھەياتى ئەبەدكە بولاي نىك پەي.

ئەجەل خەنجەرىغە قىلاي ئۆزنى سەست،
ياتاي سۇبھى مەھشەرغەچە يەئنى مەست.



**مەجنۇننىڭ ئاتا ۋە ئاناسى بالاسى فىراقىدا ھەلاك بولۇپ، بۇ ۋاقىئەلەرنى مەجنۇن ۋاقىئەدە كۆرۈپ، قەبر باشىغە يەلدەك يېتىپ، ئاتا ۋە ئاناسىغە يېتىملىك دەردىنى ئەيتىپ، تۇپراغىنى كۆزىگە سۈرتۈپ يانغانى**

قەلەم سەرنىگۇنلۇق بىلە تۆكتى ياش،
كى ئول ياش ئىلە قىلدى ئەسرار فاش.

زەمانىكى مەجنۇن ئاتادىن قاچىپ،
ئاتايۇ بارى ئەقرەبادىن قاچىپ.

بولۇپ ئىردى ۋادى ئارا ناپەدىد،
ئاتايۇ ئانادىن ئۈزۈلدى ئۇمىد.

بالا دەردىدە يەتتى رەنجۇرلۇق،
ھەلەكىنىڭ جەفاسىدە① مەھجۇرلۇق.

ئىستىما بولۇپ ياتتى بىچارە پىر،
ئاڭا بولمادى ھىچكىم دەستىگىر.

ئانىڭ تابىئى قىلدى ئانچە ئىلاج،
سىھھەتكە يۈز ئۇرماي بۇزۇلغان مىزاج.

---

① قولىيازمىدا "جفاسىغە" دەپ يېزىلىپ قالغان.

چۇ ھىكمەت ئېلى كۆپ مەھارەت قىلىپ،
كەم ئۇلماي مەرىزى ھەرارەت قىلىپ.

كى نەخلى ھەياتىغە يەتتى خەزان،
ئەجەل قىلغۇدەكدۇر① ئانى بىنشان.

چېكىپ ئاھ پەرزەند ئۇچۇن دەرد ئىلە،
كىچىك-چوڭ تىنىپ چېھرەئى زەرد ئىلە.

ۋەدىئەتنى تاپشۇردى ھەسرەت بىلە،
بالا دەردىدە داغى كۇلفەت بىلە.

كى روھى قۇشى چىقماق ئاغاز ئېتىپ،
بەقا مۇلكى سارىغە پەرۋاز ئېتىپ.

قەبىلە ئىچى بولدى ماتەم سەرا،
ھەمە خەلقغە يەتتى سوگۇ ئەزا.

بۇ ۋاقىئە ئارا لال ئولۇپ پىر زال،
ئۇقۇبەت بىلە تولغانىپ بولدى لال.

يېتىپ بىر تەرەفدىن بالانىڭ غەمى،
يەنە بىر بۇ كىم جۇفتىنىڭ ماتەمى.

① قولىيازمىدا "قىلغۇرۇكدۇر" دەپ يېزىلىپ قالغان.



ئۆزىن پارە-پارە قىلىپ پىرە زەن،
يايىپ ئاق ساچىنى، ئۇزۇبان بەدەن.

فەلەكدىن يېتىپ ئانچە بىتابلىق،
ئەبۇشغە بىلە قىلدى ھەمخابلىق.

قەزا نانەۋانغە جەفا كۇشلۇق،
ئېتىپ ھەم ئېرىگە ھەم ئاغۇشلۇق.

چۇ ئوغلى فىراقىدا مۇندىن كېتىپ،
كى ئول رۇزگار ئارقەسىدىن يېتىپ.

مۇنىڭ ھەم تۇتۇبان ئەزاسىن داغى،
كىيىبان ئۇچاغە قاراسىن داغى.

تۇتۇپ تەئزىيەت بارچە خوردۇ كەلان،
مۇسىبەت تۇتۇپ قىلدى زارۇ فىغان.

گورىستانى ئاندا مۇئەييەن ئىدى،
كى ھەي ئەھلىغە جايى مەدفەن ئىدى.

چۇ تەكفىن تەجھىز ئەيلەپ ئەيان،
گورىستاندا قىلدى ئىكەۋنى نىھان.

بۇلار كارىدىن ئەل فەراغەت تاپىپ،
ئۇلارنىڭ گورىنى خاك بىرلە ياپىپ.

خەبەرسىز ئىدى زار مەجنۇن داغى،
كى ئېردى ئاڭا ئاندا ئۇيقۇ چاغى.

كى رۇئيا كۆرۈپ ئۇيقۇدا باتىنى،
قوپۇپ سەكرەبان ئول فەسۇردە تەنى.

مۇنى كۆردى تۈشدە، ئەيان ئەيلەيىن،
ئانىڭ تەئبىرىنى بەيان ئەيلەيىن:

چۇ ئىككى كەبۇتەر ھەۋادىن كېلىپ،
كى يوقدۇر ھەۋاكىم، سەمادىن كېلىپ.

بىر ئۆيىنى ئىكەۋ ئەيلەدى ئاشيان،
كى ئول ئاشيانىدا تۇتتى مەكان.

باسىپ تۇخمىنى چۈن چىقاردى بالا،
پەرۇ بال ئىلە ئول بولۇپ خۇشنەما.

بۇ چۈجە ھەۋا قىلماق ئاغاز ئېتىپ،
ئىكەۋدىن داغى قاچتى پەرۋاز ئېتىپ.



مۇئەللەق ئۇرۇپ بۇ ئىكەۋ ئىستەبان،
ھەۋا سارى پەرۋاز قىلدى ئەيان.

تاپالماي، ئانى يەتتى نەۋمىدلىق،
كى ئول چۈجەگە يەتتى تەجرىدلىق.

بۇ ئىككى كەبۇتەر قىلىپ ئاشيان،
قىلىپ ئاندا دەمدارلىقنى ئەيان.

يۇقاردىن تۈشۈپ يەئنى ئىككى ئۇقاب،
بۇلار پەيكەرىن ئەيلەدىلەر خەراب.

ئاچىپ ئۇيقۇدىن كۆز خىيال ئەيلەدى،
قىلىپ تەئبىر ئۆزنى مەلال ئەيلەدى.

باشىنى سالىبان تەفەككۇر قىلىپ،
ئاتايۇ ئانا ئۆلگەنىنى بىلىپ.

قوپۇپ تاغدىن، ئەيلەپ قويسغە مەيل،
تۆكۈپ ئەشكىنى تۈشتى ئانداغكى سەيل.

ئۇرۇپ گام ئاندا گورىستانغەچە،
چېكىپ ئاھ، يەتكۈنچە ۋەيرانغەچە.

يىتىپ ئول زەمان ئول مەزاراتغە،
نەزەر ئەيلەدى بىر سۇرۆك ماتغە.

قۇبۇر ئەهلى ياتمىش بولۇپ خاكسار،
نىهان يەر ئىچىدە بولۇبان غۇبار.

ياڭى ئىككى قەبرى بولۇپدۇر پەدىد،
بۆلەك قەبرلەردىن تۇرۇپدۇر جەدىد.

گۇمان ئەيلەدى: "بۇ ئاتام، بۇ ئانام،
بارىپ قەبر يانىغە قىلدى سەلام.

ئۆپۈپ تۇپراغىنى فىغان باشلادى،
كى ما بەينىگە ئۆزىنى تاشلادى.

ئاتا قەبرىسىگە ئۇرۇپ باشىنى،
ئانا مەد فەنىگە تۆكۈپ ياشىنى.

هەزىن ئۈن بىلە ئەيلەدى ئەرزى هال،
كى ئۆز هالىنى ئەيلەدى قىلۇ قال:

ئەي ئەجەل، ئاهىستە رەۋ، زۇلم نەمايان ئەيلەدىڭ،
قىبلەگاھىمنى قارا يەر بىرلە يەكسان ئەيلەدىڭ.



جانۇ كۆڭلۈمگە قويۇپ ئەمدى يىتىملىك داغىنى،
بۇ تىرىكلىكدىن داغى كۆڭلۈم پەرىشان ئەيلەدىڭ.

ئۇچرادى بادى خەزانغە ئابرويۇم گۇللارى،
ئەي قەزايى بىمۇرۇۋۋەت بەرگى رىزان ئەيلەدىڭ.

نە ئىدى جۇرمۇم، ئايىردىڭ مىهرىبانلاردىن مىنى،
قالىبى تەن ئىچرە قاتتىغ دەردنى جان ئەيلەدىڭ.

ئەي ئاتا بىرلە ئانا، ئالدىڭدا بولدۇم شەرمسار،
بۇ يىتىملىك ئالەمگە تاشلاپ، هەيران ئەيلەدىڭ.

خىزمەتىڭدە بولمادىم بىر دەم كى ئىشق ئاشۇبىدىن،
ئاغرىنىپ مەندىن، كىتىپ ئۆزۈڭنى پىنهان ئەيلەدىڭ.

تاڭلا نەتكۇمدۇر سىنىڭ ئالدىڭدا، قۇللۇق قىلمادىم،
مىڭ خىجالەتكە سالىپ مەندىن گۇرىزان ئەيلەدىڭ.

داغى فەرزەند بولدۇڭىزلار مەن غىرىبىنىڭ دەردىدە،
ماسەۋانى تەرك ئىتىپ هەم خانە ۋەيران ئەيلەدىڭ.

بۇ يىتىم مەجنۇنغە ئەمدى بولغۇسى كىم چارە ساز؟!
لالەدەك فەرسۇدە جىسمىنى قىزىل قان ئەيلەدىڭ.

"جەھاندىن فىراقىمدا كەتكەن ئاتام،
كى ئۇقبا سەرايىغە يەتكەن ئانام.

مېنىڭدەك يېتىم تاپماساڭ كاشكى،
تۇمەن دەردكە قالماساڭ كاشكى.

مېنىڭ شۇملۇغۇمدىن يېتىپ سىزگە رەنج،
ماڭا ئىشقدىن يەتتى يۈز مىڭ شىكەنج.

مۇھەببەت ئوتى قىلدى شەيدا مېنى،
ئىكىڭ ئالدىدا قىلدى رەسۋا مېنى.

قىلا ئالمادىم خىزمەتىڭ ناتەۋان،
كى بەرسەم كېرەك ئېردى ئالدىڭدا جان.

خەتا كار شەرمەندە كەلدىم ساڭا،
ئۆلۈكلەر كەبى زىندە كەلدىم ساڭا.

نە يۈز بىرلە مۇندا كىلا ئالغا مەن،
نە تىللار بىلە سۆز قىلا ئالغا مەن.

قىيامەتدە قايداغ باراي قاشىڭا.
كى غەرق ئۇلغامەن ئاندا كۆز ياشىڭا.



ئېرۇرمەن گۇنەھكار باشدىن ئاياغ،
قىلىپ جۇرم ئالدىڭدا مەن تاغ-تاغ.

كى ئەمرىڭنى تۇتماي قىلىپمەن خىلاف،
رىزالىق بىلە ئەيلەگەيسەن مەئاف."

ئاچىپ قولنى قىلدى قىرائەتلەر،
ساچىپ ياشىن، ئەيلەپ مۇناجاتلەر:

"ئىلاھا! يېتىم زار بىچارە مەن،
كى ھىجران بەلاسىدا ئەۋۋارە مەن.

ئىلاھا! كەرەم بىرلە قىل مەغفىرەت،
ئاتايۇ ئانامغە بېرىپ ئەمنىيەت.

ئىلاھا! نەسىب ئەيلە جەننەتدە جا،
كى رىزۋان ئارا ئەيلەگىل جا-بەجا.

ئىلاھا! سەرايىنى مەئمۇر قىل،
قۇبۇرىنى رەھمەت بىلە نۇر قىل.

ئىلاھا! مەلەكنى ئاڭا قىل رەفىق،
كى تا ۋەقتى مەھشەرگە بولسۇن شەفىق.

ئىلاھا! ماڭا قىل جۇنۇننى فۇزۇن،
مۇھەببەت ئوتى جاندا تاپسۇن ئورۇن.

ئىلاھا! فەنا قىل مۇھەببەت بىلە،
ۋۇجۇدۇمنى تىرگۈز مۇشەققەت بىلە.

بۇ جاندا نىھان ئەيلەگىل ئىشقنى،
كى جىسم ئىچرە جان ئەيلەگىل ئىشقنى.

چىقار جاننى لەيلى خىيالى بىلە،
يارۇت كۆزنى ئانىڭ جەمالى بىلە.“

ئۇرۇپ باشنى يەرگە، فىغان باشلادى،
ئىگىزدىن تۆبەنگە ئۆزىن تاشلادى.

ھەرارەت زىيادە بولۇپ جىسمىغە،
كى يىغلاپ تۇرۇپ قولنى ھەر قىسمىغە.

چىراكىم ئاڭا دەرد ئولۇپ دەرد ئۆزە،
تۆكۈپ قان ياشىن چېھرەئى زەرد ئۆزە.

قوپالماي تىزىدىن كېتىپ قۇۋۋەتى،
تەھەررۇك قىلىشدىن داغى قۇدرەتى.



بولۇپ ئاندا بىچارە ئانداغ زەئىف،
داغى ئىشقنىڭ داغى قىلدى نەھىف.

ۋە ھەم لەيلى تارتار ئىدى ئىشتىياق،
ئانى زەئىف ئېتىپ ئېردى دەردى فىراق.

چۇ مەجنۇن غەمدە بەسى لال ئىدى،
كى ھىجراندا سەرۋى قەدى نال ئىدى.

ئاڭا ئاڭلانىپ يارنىڭ ماتەمى،
ياۋۇق بولدى دەپ ئۆمرنىڭ خاتەمى.

ئۆزۆپ كۆڭلىنى دەھر ئەشغالىدىن،
چېكىپ ئاھلارنى، كېتىپ ھالىدىن.

يېتىپ لەيلى باشىغە غەم ئۆزرە غەم،
فەنا مەنزىلىگە قويۇپدۇر قەدەم.

تەنىگە يېتىپ ئانچە رەنجۇرلۇق،
زەبۇن قىلدى ئەقلىنى مەھجۇرلۇق

ئۇزارى ئىدى بىر گۇلى ئارغۇۋان،
خەزانىڭ يەلى ئەيلەدى زەئىفران.

مۇبارەك تەنگە ھەرارەت ئاشىپ،
كۆڭۈلنىڭ ئوتى چىقتى ئىچىدىن تاشىپ.

ساۋۇغ ئاھلار چەكتى دەم-دەم ياتىپ،
كى ھىجران بەلاسىدا مىڭ غەم يېتىپ.

ئاناسى بىلىپ قىزدەكى ھالنى،
تەغەييۇر كۆرۈپ بارچە ئەشكالنى.

يۇلۇپ ساچىنى يىغلادى زار-زار،
خەراش ئەتتى تىرناقى بىرلە ئۇزار.

خەبەردار ئەيلەپ ئاتاسىن داغى،
يىغىپ ئاندا بار ئەقرە باسىن داغى.

ئاتا باشلىغىن كۆپ مەلالەت يېتىپ،
بارى قەۋمغە سەئىب ھالەت يېتىپ.

يەنە كۆرگەلى كۆپ ئەھىببا كېلىپ،
بۇلار بىرلە ھەم بىر ئەتىببا كېلىپ.

كى سەئىي ئەتتى ئول ئەيلەبان ھىكمەتى،
ئىلاج ئەيلەدى، تاپمادى سىھھەتى،



كى شەربەت ئاڭا بولمادى چارەساز،
ھەرارەتدە بولدى ۋۇجۇدى گۇداز.

كى ئارتار ئىدى زەئفىنىڭ شىددەتى،
شىكەستى قىلىپ ئىشقىنىڭ ھىددەتى.

فۇزۇنراق بولۇپ چۇن سەدائى ئانىڭ،
يېقىنراق بولۇپدۇر ۋىدائى ئانىڭ.

گورىستاندا مەجنۇن بىچارەئى،
ئۆلۈكدەك ياتىپ زار ئەۋۋارەئى.

گەھى ئۆزىدە گاھى ئۆزدىن كېتىپ،
كى ماتەم ئۆزە ئانچە ماتەم يېتىپ.

چۇ ئۆز ماتەمى بىرلە رەنجان ئىدى،
يېقىندۇركى ئول تارىكى جان ئىدى.

چۇ مەھۋەش ئىشىتتى بۇ مۆھلىك كەلام،
غەمى خاس بىر ئېردى، چۇن بولدى ئام.

ئەجەل لايىغە ئۆمر كىشتى پاتىپ،
كۆڭۈلنى ئۆلۈم سارى قويدى تاتىپ.

ئاياقچى، ماڭا جام قىل مەرھەبا،
ئانى نوش ئېتىپ، ئۆزنى ئەيلەي فەنا.

ئەدەم مەنزىلىدە مەقام ئەيلەيىن،
تىرىكلىكنى ئۆزگە ھەرام ئەيلەيىن.

**لەيلى ھەيات گۈلشەنىنىڭ گۈلىنى ئەجەل تۇند بادى ئېلىپ ساۋۇرغاندا مەجنۇن بىچارە، بىخانىمان ئەۋۋارەغە سۇرۇشى خەبەر بېرىپ، بىئىختىيار لەيلى جانىبىغە پويە تۇرۇپ، ئول يار ۋەفادارىغە جان نىسار قىلغانى**

قەلەم كەيدى ماتەم لىباسىن داغى،
ۋەرەق خەيلى تۇتتى ئەزاسىن داغى.

بولۇپ سەرنىگۈن كىلك چۈن تۆكتى ياش
ئەجەلنىڭ ھىكاياتىنى قىلدى پاش.

چۇ لەيلى بولۇپ ئېردى بىھەد زەئىف،
ئەجەل زورىدىن ئانچە ئېردى نەھىف.

كى تىترەتمەگە تۇردى نازۇك تەنى
كى سەرسەرگە ئۇچراپ ئانىڭ گۈلشەنى.



قىزىلگۈل يۈزى بولدى سەد بەرگدەك،
ئۇزالىپ ياتىپ گويىيا مەرگدەك.

باشىدا تۇرۇپدۇر ئاتايۇ ئانا
تەخى گىردىدە ئولتۇرۇپ ئەقرەبا.

ئاناغە قىلىبان ۋەسىيەت سۆزىن،
سپارىش قىلىشغە ۋەدىئەت سۆزىن.

ھەمە يىغلاشىپ باشىدا زار-زار،
فىغانلار قىلىپ مىسلى ئەبرى بەھار.

نەسىمى ئەجەل تېز بولدى يەنە،
ياتىپ ئورنى ئەنسىز بولدى يەنە.

چۇ لەيلى بىلىپ كەتمەكىنى يەقىن،
جەھاندا ئېلىكنى يۇدى بارچەدىن.

نىھان دەردىنى ئەيلەدى ئاشكار،
ئاناسىغە دەپ نەچچە سۆز ئول نىگار،

دىدى: ”ئەي ئانا، سۆزگە سامىئ بولۇڭ،
قەبۇل ئەيلەبان بەلكى قانىئ بولۇڭ.

فەلەكدىن ماڭا يەتتى رەنجۇرلۇق
بالادىن ساڭا يەتتى مەئزۇرلۇق.

ئەگەر مىڭ يىل ئۇلسام جەھاندا تىرىك،
كى ئۆزرەم دىسەم كىمنى قىلماي شىرىك.

بۇ دەم يەتتى نەيلەي ماڭا خەيرباد،
قالىپ ئەمدى دىدارى يەۋمۇتتەناد.

چوقالماي ياشۇرماقغە ئەمدى مەھەل
ھەياتىم بولۇپدۇر ئۆلۈمگە بەدەل.

چۇ كەتسەم ماڭا كۆپ فىغان قىلماغىل،
فىگار ئەيلەبان يۈزنى قان قىلماغىل.

بىلۇرمەن بۇ سۆز باۋەر ئولماس ساڭا،
مۇسىبەتكە كىم ياۋەر ئولماس ساڭا.

يەنە بىر ۋەسىيەت بۇدۇر، ئاڭلاغىل،
كى جانۇ دىلىڭ بىرلە سۆز تىڭلاغىل.

بۇ ماتەمدە سەبرۇ شىكىبا قىلىڭ،
دۇئا بىرلە روھۇمنى ئەھيا قىلىڭ.



بۇ ماتەمنى بىلگەي ھەمە خاسۇ ئام،
خەلايىق ئاراسىدا بولغاي كەلام.

چۇ سەھرانىشىنلەرغە يەتكەي بۇ سۆز
فىغان ئەيلەگەي جەمئ ئولۇپ ياتۇ ئۆز.

كى شەك يوق، غەرىبىم ئىشتكەن زەمان،
فىدا قىلغوسىدۇر كۆڭۈل بىرلە جان.

ھەياتىم ئانىڭ جىسمىدە جان ئىدى،
خىيالىم دىلى ئىچرە پىنھان ئىدى.

كېلۇر ئول ماڭا جان فىدا قىلغالى،
ۋەفادارلىقنى چۇ كۆرسەتكەلى.

مەبادا كېلىپ جاننى قىلسە نىسار
كى ياتسا ئۆلۈك جىسمى زارۇ نىزار.

كى زىنھار قىل ئىھتىرامىن ئانىڭ،
يانىمدا ياساغىل مەقامىن ئانىڭ.

ئانىڭ جىسمىدۇر ئىشق ئوتى بىرلە پاك،
ياشىڭ بىرلە يۇساڭ ئەمەس ھىچ باك.

ئەداۋەتنى قوي، قىل ئاڭا مېھر فەن،
كى جان پەردەسىدە ئاڭا قىل كەفەن.

كى چىرماپ كەفەنگە ئانى ھەم مېنى
بىر ئۇلغاي داغى ئىككىمىز مەئمەنى.

چۇ فەرزەنددەك ئاڭا ئەسباب قىل،
كى فەرزەندىگە ئانى ھەمخاب قىل.

چۇ روھۇمغە روھى ئۇلانسا ئەگەر،
كى بىر نەئشىدە ياتقۇز، ئاندىن كۆتەر.“

تۇگەتتى سۆزىن، يۇمدى ئول كۆزىنى،
كى جان تاپشۇرۇپ پەست قىلىپ سۆزىنى.

ئەزىز جانىنى مەجنۇن دەپ ئەتتى نىسار
لەبىن تەبرەتىپ پۇشقارىپ بار-بار.

ئاتايۇ ئاناغە قارا كۇن تۇشۇپ،
كى يوق-يوق قارا كۇن، بەلا كۇن تۇشۇپ،

چۇ پەرۋانەدەك ئۆيرۈلۈپ باشىدا
بارى ئەقرەبا ئېردى كۆز ياشىدا.



ئاناسى داغى لەيلىسىن ياد ئېتىپ،
يايىپ ساچىنى نەۋھە بۇنياد ئېتىپ.

تاپانغە كۆزىن قويۇپ يىغلادى،
چۇ مىژگانىدا گەردىن ئارىغلادى.

ساقالىن يولۇبان ئاتاسى داغى،
يۇزىنى ئۇزۇپ ئەقرەباسى داغى.

قوشۇقغە① قوشۇب يىغلادى ۋالىدەين،
سالىپ خەلقى ئالەم ئارا شور شەين:

”ئاچىلماي جەھاندا تازۇغان گۇلۇم،
كى شەھبازغە ئۇچراغان بۇلبۇلۇم.

دەرىغا، جەھاندىن كېتىپ ناتەمام
تىرىكلىكنى بىزلەرگە قىلدى ھەرام.

ئاغىر ئۇيقۇغە سالدىڭ ئۆزنى نېتەي،
بۇ ھەسرەت بىلە مەن جەھاندىن كېتەي،

جەھاندا مېنى ئەيلەدىڭ شەرمىسار
نەدەرمەن ئەگەر كەلسە مەجنۇن يار.

① قولىيازمىدا ”قوشۇق“ دەپ يېزىلىپ قالغان.

مېنى ئەيلەدىڭ ئانچە ئاشفتە هال
داغى قەۋم خەيلىگنى قىلدىڭ مەلال.

چۇ سەندىن ماڭا قىلسە مەجنۇن خىتاب،
سېنى سورسە مەندىن، نەبەرگۇم جەۋاب؟

مېنى هەم ئانى قىلدىڭ هەيران بەسى،
كى ئول ناتەۋاننى پەرىشان بەسى.“

زەمانىكى مەجنۇن ياتىپ ئېردى لال،
گورىستان ئارا ئانچە پەژمۇردە هال.

زەمرى ئانىڭ پاك ئىدى شىشەدىن،
ۋۇجۇدى بولۇپ غەم بىلە رىشەدىن.

تاپىپ مۇژدە ئىلهام هاتىف بولۇپ،
كى دىلدارىدىن ئاندا ۋاقىف بولۇپ،

دىل ئايىنەسىدە پەرىۋەش ئىدى
ئەجەل ئىلكىدىن ئول قەدەهكەش ئىدى.

كۆڭۈلگە تۈشۈپ ئول زەمان پىچۇتاب،
كى رەئشە بولۇپ جىسمى گويا سىماب.



قولاغىغە ئول ۋەقت يەتتى خۇرۇش،
نىدا ئەيلەدى بۇ خەبەرنى سۇرۇش.

دىدىكىم: ”ئايا دەرد ئەهلىگە شاه،
كى ئىشق ئەهلى قاشىڭدا بىر پەركاه.

ۋۇجۇدۇڭ بەلا خەيلىغە قەهرىبان
كى ئۇششاقلارغە بولۇپ هۆكمران.

كى ئىشق ئەهلىغە بولسە قۇللۇق هەۋەس،
تەهەررۇك قىل ئەمدى ياتار ۋەقت ئەمەس.

خەزان بولدى چۈن تازە باغىڭ داغى،
كى سەرسەرگە ئۇچراپ چىراغىڭ داغى.

ئەگەر بۇلبۇل ئولساڭ كى پەرۋاز قىل،
كى پەرۋانەلىك ئاندا ئاغاز قىل.

نىگارىڭ سەفەر ئىچرە مەشئۇفدۇر،
كى هەمرەهلىغىڭ ئاڭا مەۋقۇفدۇر.

ۋەفادارلىغ ئاڭا زاهىر قىلىڭ،
يوق ئېرسە ئول ئايىنى مۇسافىر قىلىڭ.“

چۇ دىۋانە بىلدى بۇ ئەسرارنى
قويۇپ سەكرەدى ياد ئېتىپ يارنى.

چاقىندەك يۈز ئۇردى قەبلە سارى
ۋىسال ئولغاي ئول [هەم]، ۋەسلە سارى.

ئالىپ جاننى قولغە نىسار ئەتكەلى،
كى سەكرەپ يۈگۈردى سىپار ئەتكەلى.

ئاقىزىپ سەرەشكىنى ئانداغ ياغىن
ئۇرۇپ پويەنى تېز گويا چاقىن.

تەمامى ئۇزۇلدى كۆڭۈلدىن هەراس،
داغى دوستۇ دۇشمەننى قىلماي قىياس.

مەهابەت بولۇپدۇر سەلابەت ئاڭا
سەلابەت بولۇپدۇر مەهابەت ئاڭا.

قىلىپ ۋەهمە ئاندىن هەمە مەر دەمان
قاچىبان دەۋۇدام، شىرى ژىيان.

چۇ لەيلى ئىشىكىغەچە گام ئۇرۇپ،
زەمان تىنمايىن يەرگە ئەقدام ئۇرۇپ.



چۇ ئول ئاستانغە يېتىپ ئېردى باش،
كىرىپ ئۆي ئىچىگە كى ئول بىتەهاش.

قويۇپ بەردى مەجنۇننى قىلماي جەدەل،
چۇ لەيلى سۆزىگە قىلىبان ئەمەل.

ئانىڭ فەئلىگە خەلق هەيران بولۇپ،
هەمە يىغلابان دىدە گىريان بولۇپ.

چۇ مەجنۇن كىرىپ يارنىڭ قاشىغە،
كى پەرۋانەدەك ئۆيرۇلۇپ باشىغە.

چۇ لەيلى جەمالىغە سالدى نەزەر،
كى تەكلىف ئېتىپ يانىغە سىيمبەر.

چېكىپ بىر ساۋۇغ ئاھ، تاپشۇردى جان،
كى مەئشۇق هەمانۇ بۇ ئاشىق هەمان.

ئۆي ئىچرە كىرىپ ئەل نەزارە قىلىپ،
ئۆزىنى ئۇرۇپ پارە-پارە قىلىپ.

بولۇپ ئىككىسى ئىشقىپىچان كەبى،
بەدەن ئىچرە كىرگەن ئەزىز جان كەبى.

ئىكى پاك ئاشىق جەھاندىن كېچىپ،
كى روھى قۇشى خاكدانىدىن كېچىپ.

قەبرىلە بولۇپ داغى ھەسرەتتە لال،
بارى خەلق ئۇلۇب بۇ مۇسىبەتتە لال.

بۇ ماتەمدە كۆپ ئەيلەدى غۇلغۇلە،
كى ئالەم ئېلىگە تۈشۈپ ۋەلۋەلە،

چۇ دەفن ئەيلەمەكنى قىلىپ مەسلەھەت،
ھەمە ئۇلتۇرۇپ بولدىلار يەكجەھەت.

جەھان مۈلكىدە ئىككى غەمناك ئىدى،
ھەمە ئەيبلەردىن بۇلار پاك ئىدى.

كىم ئۆمرىدە بۇ ئىشقىنىڭ قاتىلى،
ئانى قىلمايىن بىر نەفەس خۇش دىلى.

تويۇپ ئېردى ھىجران ئارا جانىدىن،
كى ئەرمان بىلە چىقتى دەۋرانىدىن.

ئۇلار روھى پاكىغە بولمىش نىھان،
ۋىسالى بىھىشت مۈلكىدە جاۋىدان.



چۇ لەيلى ۋەسىيەتلەرىن ياد ئېتىپ،
بۇ ئەفسانەدىن بارچەنى شاد ئېتىپ.

ئىكى جىسمىغە ئەيلەدى بىر كەفەن،
كىرىپ بىر كەفەنغە بۇ ئىككى بەدەن.

چۇ بىر نەئش ئەمارىغە كىردى ئىكەۋ
كى ئۆلگەن كېلىن بىرلە جانسىز كۈيەۋ.

ياپىپ نەئش ئۈزە چۇ زىبا مەتائ
بەسى رەڭگى خۇش ئېردى دىبامەتائ.

باش ئۈزرە كۆتەرمەك ئىشىن فەن قىلىپ،
كى ماتەم ئېلى ئەزمى مەدفەن قىلىپ،

گورىستان ئارا يەتكۈرۈپ نەئشنى،
قويۇپ يەر ئۈزە ئول ياغاچ رەخشنى.

ئىكى دىلرەبانى نىھان ئەيلەدى،
كى ئاي بىرلە كۈننى قىران ئەيلەدى.

لەھەد بىر ئىدى، قەبر ھەم بىر بولۇپ،
خەلايىق يانىشتى بۇلارنى قويۇپ.

ئۆچۈپ شەمئى ئۈممىد ھەۋا ئەھلىغە،
قارا كۈن تۈشۈپ بىنەۋا ئەھلىغە.

چۇ ئىشق ئىچرە قالغاي نە شاھۇ گەدا،
قىلۇر ئىشق ئاخىر ۋۇجۇدىن فەنا.

قىلۇر ئەقلۇ ئىماننى تاراج ئىشق،
كى ئەژدەر كەبى دەم چېكەر ئاچ ئىشق.

قىلىپ ئىشق ئەھلىگە بىدادلىق
زەمانى ئاڭا بەرمەيىن شادلىق.

جەھاندا ۋىسال ئىلە بەرمەي مۇراد،
دەۋامى قىلىپ غەملەرىنى زىياد.

نەچە سەرۋقەدنى خەزان ئەيلەدى،
رىيازەتتە ئازۇردە جان ئەيلەدى.

فەنا ئالەمىدە چۇ ئىشقى مەجاز
بىرەۋ ھۆسنى بىرلە قىلىپدۇر گۇداز.

ئەگەر ئەيلەسە ئول ۋەفادارلىق
كى پاداشى بولمىش جەفاكارلىق.



قويۇپ ئاندا توپراققە، ياندى ھەمە،
مۇسىبەت ئوتى ئىچرە ياندى ھەمە.

چۇ لەيلى ئاتاسى، ئاناسى بىلە،
ھەمە خەيلى قەۋم ئەقرە باسى بىلە،

گورىستانغە بارماق ئىدى ئىككى ۋەقت،
فىغان ـ نەۋھە ئەيلەپ ئۇرۇپ ئاھى سەخت.

ئاتايۇ ئانا نالە ئەيلەر ئىدى،
سۆكۈپ يۈزنى پەرگالە ئەيلەر ئىدى.

ندامەت دىلى بولمايىن سۇدمەند.
پۇشەيمان بىلە يەتتى جانغە گىزەند.

ئىلاجىن تاپالماي قەزا كارىغە،
كۆڭۈلنى قويۇپدۇر رىزا كارىغە.

## جەھانىڭ بىۋەفالىغىدىن مەۋئىزە
## تەرىقىدە نۇكتە سۇرمەك

بۇ دۇن دەھرىنىڭ كارىدۇر بىسەبات،
ئەگەر نۇھدەك مىڭ يىل ئەتسە ھەيات.

رەفىقا، بىلىڭ، ئۇشبۇ دۇنياىي-دۇن،
ھەمە سەرۋ قەدنى قىلۇر سەرنگۇن.

نە شاھۇ گەدايۇ نە ئاشىق قالۇر،
نەسادىق، نە ئابىد نە فاسىق قالۇر.

فەنا مەنزىلىگە چېكەر رەختىنى،
كى تابۇد ئېتەر شاھلىق تەختىنى.

كېتىپدۇر كى يۇسۇپ-زۇلەيخا قانى،
كى ۋامىق بىلە داغى ئۇزرا قانى.

چۇ فەرھادۇ مەجنۇن بولۇپدۇر ئەدەم
كى ئۇقبا سەرايىغە قويىدى قەدەم.

جەھان باغىدا سەرۋ قالماس نە گۇل،
خەزان ئەيلەگەي خالىق جۇزۇ كۇل

كى ئەفغان چېكىپ ئىشق ئارا ئەندەلىب،
فەنا شۆئلەسىگە بولۇپدۇر قەرىب.

چۇ پەرۋانە ئەيلەپ ۋۇجۇدىن فەنا،
بولۇر ئاقىبەت شەمئ ھەم بى زىيا.



ۋەفادارلىق رەسمى يوق دەھرىدە،
قىلۇر ئاقىبەت خاكنىڭ قەئرىدە.

كىشىكىم مۇھەببەتكە ۋابەستەدۇر،
ئانىڭ خاتىرى ئىشق ئارا خەستەدۇر.

مەجازىدا ئىستەر ھەقىقى ھەۋا،
كى ھىممەت بىلە تەرك ئېتەر ماسىۋا.

بىرەۋكىم ئىرور دەھر ئارا دۇن پەرەست؛
تەئەللۇق مەيىگە قىلىپ ئۆزنى مەست.

مۇھەببەت ئېلىدىن ئىرۇر ئول يىراق،
بەشەر سانىدىن قىلغاي ئۆزنى قىراق.

مۇھەببەتسىز ئادەمنى ھەيۋان دىگىل،
ئانىڭ جانىنى بەلكى بىجان دىگىل.

ھەقىقى مۇھەببەتكە بەرگىل كۆڭۈل،
ئەگەر مەردسەن، ئۇشبۇ ئوت بىرلە ئۆل.

كى ئۇششاق سەرمايەسى ئىشقدۇر،
كى مەھبۇب پىرايەسى ئىشقدۇر.

كۆڭۈلنى قىلىڭ ئىشق ئارا پايمال،
ئەجەب يوق نەسىب ئۇلسە فەررۇخ جەمال.

ئاياقچى، ماڭا بەر مەيى ئاشىقان،
كى مەي زورى بىرلە يۇزۇم ئەيلە قان.

نىزارى بولۇپ ئانچە زارۇ نىزار
قىلىپ كۆڭلىنى ئىشق ئوتى خار-خار.

كى ئول جامنى ئىچمەك ئاغاز ئېتەي،
مۇھەببەت ھەۋاسىدا پەرۋاز ئېتەي.

ھەقىقەت ئارا بولسۇن ئول راھبەر،
ئانىڭ غەيرىدىن ئەيلەگىل بىخەبەر.

قىلىڭ دەير ئېلىگە ئانى ئاشنا،
ئۇلارنىڭ ئاياغىدا بولسۇن فەنا.

بولۇپدۇر فەنا ئەھلىنىڭ بەندەسى،
كى ئۇششاقلارنىڭ سەرەفكەندەسى.

ئىلاھا، كەرەم ئەيلە بىچارەگە،
تەرەھھۇم ئەتا قىل بۇ ئەۋۋارەگە.



ھەمە جۇرمىنى ئەيلەگىل مەغفىرەت
كى ئاخىر نەفەس ئەيلەگىل خەيرىيەت.

ھەمە ئىشق ئېلى ئاھىنىڭ ھۆرمەتى،
ئۇلار قۇرب دەرگاھىنىڭ ھۆرمەتى.

مېنى پەيرەۋىدە قىلىپ مۇستەقىم،
جەنابىڭدا بۇ قۇلنى قىلغىل مۇقىم.

كۆڭۈلدىن چىقار بەئزى ئۇجب رىيا،
داغى قىلماغىل زۇمرەئى ئەشقىيا.

سىفاتىڭ كېلىپدۇر غەفۇرۇر رەھىم،
كى سەتتارۇ ۋەھھاب شاھى كەرىم.

كەرەم بەھرىدىن قەترە بەسدۇر ماڭا،
كى قۇللۇغدا ئۆلمەك ھەۋەسدۇر ماڭا.

كۆڭۈلدىن خىيالىڭنى قىلما يىراق،
يەنە قىلماغىل ئاندا ئەھلى فىراق.

چۇ ئىشق ئوتىدا ئۆرتەگىل جىسمىنى،
فەنا ئەيلەگىل ھەستىلىك ئىسمىنى.

## هەزرەتى ئەمىر نەۋايى خەمسەلەرىدە مەجنۇن ھىكايەتىدىن ئۆز كەلاملارى بىرلە ساچقان جەۋاھىردىن تەبەررەكا بۇ نۇسخەغە تەھرىر قىلىندى

ئىشتىتىمكى، مەجنۇن سەھرا نەۋەرد،
كى باشدىن ئاياغى ئىدى سۇزى دەرد.

نەچە ۋەقت لەيلىدىن ئېردى يىراق،
تەنىن سىزغۇرۇپ ئېردى داغى فىراق.

ھەمول شۆئلەئى شەۋق تۇغيانىدىن،
كېچىپ ئېردى ئەندۇھلۇق جانىدىن.

چۇ ھىجران ئارا قالمادى تاقەتى،
كى مۆھلىك ئىدى يارنىڭ فۇرقەتى.

چىقىپ تاغ ئۇزە بولدى نەززارەگەر،
بۇ نەۋئ ئولدى ئۆز ھالىغە چارەگەر.

كى مەجنۇنلۇغ ئاشۇبىنى باشلاغاي،
ئۆزىن ئول كەمەردىن قويى تاشلاغاي.



كى بۇ نەۋئ ئولارنى ئەسرى فىراق
كۆرەر ھەجر بىدادىدىن ياخشىراق.

كەمەر ئۇستىگە كەلدى زارۇ زەبۇن[1]،
كى ئۆزنى قويى تاشلاغاي سەرنىگۇن.

بۇ ھالەتدە بولدى ئەيان قاسىدى،
كى لەيلى ئاڭا نامە يازمىش ئىدى.

كېلىپ بەردى دىلدارنىڭ نامەسىن،
ساۋۇق قىلدى ئول گەرم ھەڭگامەسىن.

كۆڭۈل نامە مە ھۆى قىلىپ كۆزنى نەم
قايانى ئۇنۇتتى دىمەي ئۆزنى ھەم.

بولۇپ ئول يىتۆك ھەزر جانى ئاڭا،
ئۆلۈمدىن قۇتۇلماق نىشانى ئاڭا.

نەچە يىل ئانىڭ بىرلە خۇرسەند ئىدى،
كىم ئول رۇقئە جانىغە پەيۋەند ئىدى.

قاچان نامە بولسا تىرىكلىككە دال،
ھەياتى ئەبەد بەرسە تاڭ يوق ۋىسال.

---

① قوليازمىدا "زارجۇنۇن" دەپ يېزىلىپ قالغان.





**بۇ ۋاقىئە دۇر كىم، ئىشق تۇغيانى ئاشۇبىدىن فىراق بادى-يەسىدە ھىجران شىددەتىدىن پەشت پا ئۇرۇپ فەنا بولماغ-لىق شاھ-گەداغە مانىئ ئەمەستۇر. ئانداغكى، ئەقل-خىرەد مىئمارىنى مۇھەببەت نارى ئۆرتەگەي، ھىس قۇۋۋا تەمكىنىنى ئىشتىياق بادى ھەركەتكە كەلتۈرگەي. ئانداغكى، بەغداد شەھرىدە تۇججارى بار ئېردى كىم خاجە سەئىد ئاتلىغ ۋە ئانىڭ بىر كەنىزەكى مىھرى تابان يەڭلىغ گۈلنىسا ئاتلىغ؛ مەكتەپخانە يولىدا خاجە مەسئۇدنىڭ ئوغلى بار ئېردى مەھزۇن نام؛ جەمال شىفتەسىدىن جانىغە ئىشقنىڭ شەرارەسى تۇشۇپ ئاڭا ئاشىق بولغانى**

بۇ ئانداغ ھىكاياتى شىرىن سۇخەن،
ئەيان ئەيلەدى رۇزگارى كۇھەن.

رىۋايەت قىلۇر راۋىئى نۇكتەدان،
كى ئۆتكەن زەمانىدىن نەچە داستان.

بار ئېردىكى تۇججارى بەغداد ئارا،
كى خاجە سەئىد نام ئىسناد ئارا.

ئاڭا دۇنيەۋى ھەدسىزۇ بىھساپ،
تەنەئئۇم بىلە دەھرىدە كامياب.

كىچىكلىكدە تۇشتى ئاڭا بىر كەنىز،
كەنىز ئېرمەس ئول، بەلكى گوياكى قىز.

ھەمول سەرۋقەد، ئاتىدۇر گۈلنىسا،
ئەجەب شوخ، شىرىن زەبان دىلرەبا.

بېرىپ بىر مۇئەللىمگە ئاداب ئۆچۈن،
بار ئېردىكى① تەلقىنى ئەلقاب ئۆچۈن.

يەنە بار ئىدى شەھر ئارا بىر كىشى،
ئۆتۈپ ئېردى تۇججارلىقدا ئىشى.

كى مەسئۇد دەپ ئىسمى مەشھۇر ئىدى،
غەنىيلىق ئارا ئانچە مەئمۇر ئىدى.

ئاڭا بىر ئوغۇل بار ئىدى خۇشنەما،
كى ئەقل ـ ۋەراسەتدە ئېردى رەسا.

ھەمول بەچچەنىڭ ئىسمى مەھزۇن ئىدى،
مۇھەببەت ئوتى بىرلە مەجنۇن ئىدى.

مەدارىس ئارا ئىلم تەكرار ئېتىپ،
سەبەق ئالغالى تىلنى ئىقرار ئېتىپ.

① قولىيازمىدا "ئېردى" دەپ يېزىلىپ قالغان.



چىقىپ بىر كۈنى مەدرەسە ئالىغە،
كى مەشغۇل ئىدى دەرس تەكرارىغە.

بەناگاھ كۆزى تۇشتى بىر ماھغە،
تىلى كەتتى كۆرگەن زەمان ئاھغە.

قولىدا كىتابى، خىرامان كېلۇر،
جەھان يارۇتۇپ ماھى تابان كېلۇر.

تېگىپ تىيرى ئىشقى ئەزىز جانىغە،
ھەدەف بولدى جان تىيرى پەيكانىغە.

زەمانى تۇرۇپ ئانچە بەدھال ئولۇپ،
ئاڭا سۆز قىلىشغە تىلى لال ئولۇپ،

يەقىن كەلدى مەھزۇنغە ئول گۈلنىسا،
توسۇپ ئالدىنى ئەيلەدى مەرھەبا:

"ئەيا، دىلرەبا، قايسى كان جەۋھەرى،
ۋۇجۇدۇڭ كى قايسى سەدەف گەۋھەرى.

ئەرەم باغىنىڭ سەرۋى رەئناسىمۇ،
ۋە يا خود پەرىزاد ئەجناسىمۇ.

كۆكۆل شاھىنى قاشلىڭ ئەتتى ئەسىر،
خەدەڭگىلىڭ كۆزۈمدە بولۇپ جىلۋەگىر.»

دىدى ئۇل سەنەم ئاڭا ھەرفى كەلام:
«سوراپسىز فەقىردىن نەسەب بىرلە نام.

ئاتامدۇركى تۈججار خاجە سەئىد،
مىنى ئۇل ئانام بىرلە ئەيلەپ خەرىد،

كى فەرزەندىدىن كۆردى بىھتەر مىنى،
ھەمە ئەھلىگە قىلدى مۆھتەر مىنى.

كى مەكتەب ئارا ئوقۇماقدۇر ئىشىم،
ئۆتۈپدۇر فەراغەتدە يازۇ قىشىم.

ماڭا ھەم تۈشۈپ ئىشقدىن بىر شەرەر.
كەلامىڭ بۇ جان ئىچرە قىلدى ئەسەر.

ساڭا سۆز بۇدۇر ئاڭلاغىل ئەي ئاداش،
كىشىگە بۇ ئەسرارنى قىلمە فاش.

كى مەكتەپ ئارا قىلماغىل ئىختىيار،
مىنى ھەم ئۆزۈڭنى كى قىلمە فىگار.



گۈزەردە كۆرۈشكەن ساڭا سۇد ئەمەس،
ئۆتەر يول ئارا ۋەسل مەۋجۇد ئەمەس.»

دىدى، كەتتى مەكتەبغە ئۇل گۈلنىسا،
كى مەھزۇن چىكىپ گۈل ئۇچۇن ئاھ-ۋا.

ھەمول شام يۈزلەندى مەھزۇنغە غەم،
ئاڭا تىگرۇ يىغلاپ بولۇپ سۇبھدەم.

ئۆتۈپ سۇبھ ھەم بولدى خۇرشىد فاش،
فەلەك سەھندە جىلۋە قىلدى قۇياش.

يۈگۈردى مۇئەللىم جەنابىغە تىز،
سالىپ گۈلنىسا شەۋقدە رۇستەخىز.

چۇ مەكتەب ئارا ئەيلەدى ئىختىيار،
كىلىپ ئۇلكى مەكتەبدە تاپتى قەرار.

مۇئەللىمگە سۆزنى سىپارىش قىلىپ،
كى مەقسەد گۈلىغە نىگارىش قىلىپ.

كى موللادىن ئالدى ئەلفدىن سەبەق،
كىتابىن ئوقۇر ئىردى ئاچىپ ۋەرەق[1]

[1] قولىيازمىدا «سبق» دەپ يىزىلىپ قالغان.

چۇ مەھزۇنغە خەلفەت بولۇپ گۇلنىسا،
ئاڭا ئۆرگەتىپ ئىشق ھەرفىن راسا.

مۇھەببەت ئوتى دەم-بەدەم ئۇردى تاب،
شەراردا مەھزۇن بولۇپ① پىچۇتاب.

كى ئىشق ئوتىغە ئىككىسى ئۆرتەنىپ،
كى قاقشال كەبى لەھزە-لەھزە يانىپ.

نەچە كۈن ئۆتۈپ ئىككىسى شادمان،
بۇ مەكتەب ئارا ۋەسل ئىلە كامران.

چۇ مەھزۇنغە شەرت ئەتتى جانانەسى،
كى قەۋل ئەيلەبان ئۆزر پەيمانەسى.

"چۇ كىم، تاڭلا بالدىر كېلۇرسەن قوپۇپ،
لەبىم شەككەرىنى تاتۇرسەن ئۆپۈپ.

كى مەن ئىلگەرى ئەيلەسەم ئىنتىقال،
تاتۇرمەن لەبىڭنى ئۆپۈپ شەھدۇ بال."

بۇ رەڭ قەۋل ئېتىپ بولدى ئازاد ئۇلار،
كېچە تاڭغە تېگرۇ بولۇپ شاد ئۇلار.

① قولىيازمىدا "ئۇرۇپ" دەپ ئېلىنغان.



كېلىپ ئىلگەرى ئول كۈنى گۇلنىسا،
كى مەھزۇننى سۆيمەككە تۇردى بەسا.

ئۆتۈپ لەھزەئى كەلدى مەھزۇن يېتىپ،
كۆرۈپ گۇلنىسانى ھۇشىدىن كېتىپ.

كى مەھزۇننى بۇسە قىلىپ دىلبەرى،
كى لەئل لەبىدىن تاتىپ شەككەرى.

بولۇپ ئول كۈنى شادمان يار ئىلە،
سەبەق فۇشقارىپ ئۆتتى تەكرار ئىلە.

كېلىپ گۇلنىسا نەچچە كۈن ئىلگەرى،
سۆيۈپ يارنى، كەتتى دەردى سەرى.

قەزارا ئۆتۈپ نەچچە كۈن، نەچە ئاي،
مۇئەللىم ۋىساقى ئاڭا ئېردى جاي.

ئۆتۈپ بىر كۈنى ئول پەرى كەلمەدى،
چۇ مەھزۇن كېلىپ، دىلبەرى كەلمەدى.

چۇ مەكتەبدە مەھزۇن تۇرۇپ ئىنتىزار،
باقىپ يولغە يىغلار ئىدى زار-زار.

بىلۇر ئېردى موللا بۇلار ھالىنى،
كۆرۈپ ئېردى مەكتەبدە ئەفئالىنى.

ئىبەردى بالالارنى مەكتەب ئۈچۈن،
كى مەھزۇن قوپۇپ باردى خەلفەت ئۈچۈن.

چۇ ئۇستاد ئىبەردىكى: "تەكلىف ئېتىڭ،
كېلىپمىزكى سىز ئاندا تەشرىف ئېتىڭ."

چۇ ئول گۇلنىسانىڭ ئاتاسى چىقىپ،
ئاتاسى بىلە ھەم ئاناسى چىقىپ،

دىدىكى: "كېنىڭلار، قىزىم بولدى چوڭ،
تالاغە چىقارماق ئەمەس بىزگە ئوڭ.

ئەگەر ئوقۇسە، ئۆيدە تەكرار ئېتەر،
كى ئىسلام شەرتىگە ئىقرار ئېتەر."

كېلىپ بەچچەلەر ئەيدى ئۇستادغە،
مەقام ئولدى ئۆي سەرۋى ئازادغە.

كى ئول كەلمەگەي ئەمدى مۇندىن كېيىن،
كى بىچارە مەھزۇنغە بولدى قىيىن.



كى ئۇستاد مەھزۇنغە رەھم ئەيلەدى،
مۇنىڭ ئىشقىنى دىلدا فەھم ئەيلەدى.

ئىبەردىكى مەھزۇننى خەلفەت قىلىپ،
سەبەق بەرگەلى گۇلغە ئۇلفەت قىلىپ.

ياساپ ھوجرەنى ئاندا خاجە سەئىد،
مۇزەييەن بىساتىنى ئەيلەپ پەدىد.

سەبەق بەرگەلى كىردى مەھزۇن ئاڭا.
كىرىپ گويىيا لەيلى-مەجنۇن ئاڭا.

سەبەق ئۆرگەتىپ گۇلغە مەھزۇن مۇدام،
ئاڭا تېگرۇ بولغاي ئىدى ۋەقتى شام.

ئۆتۈپ ئېردى ئۈچ كۈن بۇ يەڭلىغ ئۇمۇر،
جۇدالىقدىن ئولدى ھەۋادىس زۇھۇر.

تۇت، ئەي ساقىيا، جامى مەي دەم-بەدەم،
ئانىڭ زەۋقىدە ئەزم ئەيلەي ھەرەم.

كى مەقسەد ھەرىمغە ۋاسىل ئولاي،
كى ئۇششاق سىلكىگە شامىل بولاي.

مەھزۇننىڭ ئاتاسى خاجە مەسئۇد سەفەر جابدۇغىنى راست قىلىپ، ھەرەمەين شەرىفەينغە ھەج قىلماق ئۈچۈن ئىرادە قىلىپ، مەھزۇننى ھەمراھ ئەيلەپ يولغە ئەزم قىلغانى

چۇ مەسئۇد ئەيلەپ سەفەر ئىختىيار،
مۇھەييا قىلىبان سەرەنجامى كار.

كى ھەج قىلماق ئولدى ئانىڭ نىيەتى،
كۆپ ئېردى جەھان ئىچرە خەيرىيەتى.

كى مەھزۇننى ھەمراھ قىلىپ ئول سەفەر،
بالا شۇندادۇر قايدا بولسا پەدەر.

ئاتا ئوغلىغە بەرمەدى ئىختىيار،
كى بىر ياخشى ئەسبغە ئەيلەپ سەۋار.

ۋىداﺋ ئەيلەدى ئەقرەبالار بىلە،
رىزالىق ئالىپ ئاشنالار بىلە،

كىرىپ يولغە ئول دەم ئاتاۋۇ ئوغۇل،
يۈرۈپ بىر مەسافەت كېلىپ ئىككى يول.

كېلىپ توختادى راھنىڭ باشغە:
"بارىپ خوبلاشاي گۈلنىسا قاشغە،



قالىپ ھەمسەبەق دوستلار، ئەي ئاتا،
كۆرۈشمەي ئۇلار بىرلە①، كەتكەن خەتا".

دىدى: "تېز كەل، ئەيلەبان خەير باد!"
كى مەھزۇن چاپىپ يار ئۈچۈن بولدى شاد.

كېلىپ يارنىڭ قەسرىغە ئول زەمان،
چۆرىدىن قىلىپ ئەرزى ھالىن بەيان.

چۆرى كىردى، مەھزۇننى قىلدى خەبەر:
"ئاتا بىرلە ھەجگە قىلىپدۇر سەفەر."

بۇ سۆزنى ئىشىتكەن زەمان گۈلنىسا،
يۈگۈردى ئىشىككە چىقىپ ئاھ-ۋا.

پەرى چېھرە مەھزۇننى كۆردى سەۋار،
پەرىنى كۆرۈپ ئەسبىدىن تۈشتى يار.

كى مېھمانسەراغە كىرىپ يىغلاشىپ،
چۇ مەجنۇن لەيلى بىلەن خوبلاشىپ.

دىدى گۈلنىسا: "قىلمادىڭ كامى دىل،
گۆھەر بەخش ئېتىپ ئەيلە ئارامى دىل.

① قوليازمىدا "بىلە" دەپ يېزىلىپ قالغان.

ھەمانا ۋىسالىم غەنىمەت دۈرۈر،
بۇ ئەيیامى ۋەسل ياخشى فۇرسەت دۈرۈر."

چۇ مەھزۇن دېدى: "بۇ ئىش ئېرمەس سەلاھ،
رەۋادۇر مۇسۇلمانغە ئەقدى نىكاھ.

تەلەپ بىرلە بولماق كېرەك، ئەي نىگار،
نېتاك ۋەسل بولساق يەنە ئىككى يار.

ئوشۇقماق بۇ كار ئىچرە شەيتان ئىشى،
كى سەبر ئەيلەمەك ئولكى رەھمان ئىشى."

دېدى گۈلنىسا: "باشىمە تۈشتى ئىش،
فىراقىڭ يۈرەك-باغرىمە ئۆردى نىش.

سېنىڭسىز تىرىكلىك ماڭا بەس ھەرام،
قويۇپ دەردى فۇرقەتدە قىلغۇڭ خىرام.

بىرىپ خەنجەرىڭنى ماڭا يادكار،
كۆڭۈلنى سەرەنجام ئېتىپ، بول سەۋار.

كى ۋەسل ئولغۇچە ئانى ساقلاپ تۇراي،
بىرەۋ سۇنسە قول سىنەسىگە ئۇراي."



بۇ شەرت ئىلە خەنجەرنى ئالدى پەرى،
قىلىپ ئەھد پەيمان ئاڭا دىلبەرى.

كى پەدرۇد ئېتىپ چىقتى، بولدى سەۋار،
ئىكەۋ خوبلاشىپ، يىغلاشىپ زار-زار.

كى مەھزۇن فىراق ئىچرە بولدى رەۋان،
قارا بولدى كۆزگە زېمىن-ئاسمان.

ئاتاسىغە يەتتى كى سۈرئەت بىلە،
ئۆزىن بىلمەيىن دەردى فۇرقەت بىلە.

كى مەنزىل-بەمەنزىل يۈرۈپ تەي قىلىپ،
كى بەغداد شەھرىگە تۈشتى كېلىپ.

يېتىشتى قەزا خاجە مەسئۇدغە،
بويۇن سۇندى ئول ھۆكمى مەئبۇدغە.

ئاتاسىغە مەھزۇن بولۇپ سوگۋار،
يېتىملىك بىلە يىغلادى زار-زار.

كى تەكفىن تەجھىز ئېتىپ ئول زەمان،
ئىمامنىڭ ئاياغىدا قىلدى نىھان.

كى فارىغ بولۇپ سۇگدىن ئول دەمى،
چۇ دەفنى ئولدى باشدىن ئاتا ماتەمى.

كىرىپ مەككە يولىغە ئاندىن كۆچۈپ،
كى ئىشق ئوتىدا رەڭگى رويى ئۆچۈپ.

بارىپ مەككەتۇللاھغە شىددەت بىلە،
قىلىپ زارلار داغى ھەسرەت بىلە.

چۇ فارىغ بولۇپ ھەجلەر ئەركانىدىن،
كى ھاسىل قىلىپ مال ئەئيانىدىن.

شەھەردىن شەھەرگە قىلىپ ئىنتىقال،
كى ھاسىل قىلىپ ئانچە مالۇ مەنال.

ئەيا ساقىيا! تۇت ماڭا جامى مەي،
كى مەھبۇب يادى بىلە نۇش ئېتەي.

بۇلاي كەيفىدىن ئانچە دىدار مەست،
كى دۇنيا سەرەنجامىنى ئىست ھەست.



## خاجە سەئىد سەۋداگەر ئەمۋالىنى قاراقچىغە ئالدۇرۇپ ۋە دۇنياسى نابۇد بولۇپ، دەستمايە قىلغالى گۇلىنسانى ساتماقىغە ئىرادە قىلىپ دەللالغە خەبەر قىلغاندا، ۋەزىر جۇملەتۇلمۇلك ئاڭلاپ، گۇلىنسانى ئۆزى بىرلە ئالتە بەرابەر كۈمۈشكە ساتىپ ئالغانى

ئىشتمەك كېرەك، ۋاقىئەدۇر ئەجەب،
فەلەكدىن يېتەر ئىشق ئېلىگە تەئەب.

قاراقچىغە ئالدۇردى خاجە سەئىد،
ھەمە نەقدلەردىن بولۇپ نائۇمىد.

كېتىپ ئىلكىدىن ئول زەمان سىيم-زەر،
كى دۇنياسىغە يولدا بولدى خەتەر.

كېلىپ شەھرىگە بولدى ئاشفتە ھال،
تۈشۈپ باشىغە چۈنكى يۈز مىڭ خىيال.

قىلىپ خاتۇنى بىرلە ئول مەشۋەرەت:
”كى تۇججارلىقىغە ئىدۇر مەسلەھەت:

ساتاي گۇلىنسانى كى مەن نائىلاج،
تاپايمەن تىجارەت ئىشىدا رىۋاج“

بى بى سى دىدى: "بۇ نه فاسىد خىيال،
ئانى ساتسه، بىزگه ئەمەسمۇ ۋە بال؟

ئۆزىنىڭ قىزىنى ساتارمۇ كىشى؟
ئەمەستۇر بۇ ئىش ئادەمىيەت ئىشى!"

دىدى: "ئول ماڭا قىز ئەمەستۇر، دىدەك،
كى هاجەت مەهەللىدە ساتماق كېرەك.

ئاناسى بىلە ئول ماڭا زەر خەرىد"
دىبان، كۆپ جەدەل قىلدى خاجە سەئىد.

ئىلاجىنى تاپماي ئاناسى قەرى،
كى بولدى ياماﻧﻼپ كۆيۈدىن نەرى.

چۇ دەللالغه خاجە بەردى خەبەر،
چۆرۆم باردۇر لايىقى تاجۋەر.

كى بەيئ ئەتكەمەن ئانى، بولدى زۆرۆر.
كى نەقدىنەلەرگە يېتىپدۇر فۇتۇر.

چۇ دەللال بىلدى بۇ هەنگامەنى،
بىلىندۈردى ئەلگە بۇ ئەئلامەنى.



كى لازىم ئىدى شاهغه بىر كەنىز،
ئەگەر بولسه ئول سەرۋى قەد، گۆل مەگىز.

ۋەزىر ئىستەر ئېردى تەجەسسۇس قىلىپ،
كى فەرمانى شەهدىن تەهەررۇس قىلىپ.

بۇ دەللالدىن ئاڭلادى ئول خەبەر،
كەنىزى خاجە گۈلنىسا سىيمبەر.

ۋەزىر ئول زەمان كەلدىلەر ئاتلانىپ،
تۈشۈپ خاجەنىڭ ئۆيىگە ئايلانىپ.

خەبەر تاپتى خاجە، كېلىپدۇر ۋەزىر،
چۇ مېهمان سەراينى ياساپ بىنەزىر.

ۋەزىرغه بولۇپ ئول كۆنى مىزبان،
قىلىپ شاهلاردەك ئانى مېهمان.

زىيافەت ئىشىدىن① فەراغەت تاپىپ،
ۋەزىر مەقدەمىدىن شەرافەت تاپىپ،

بى بى گە دىدى ئول هەرەمگە كىرىپ:
"هېلى گۈلنىسانى ياساڭ قىچقىرىپ.

① قولىيازمىدا "ئىشىدۇر" دەپ يېزىلىپ قالغان.

كېلىپدۇر ۋەزىر كىم خەرىدار ئولۇپ،
كى ئول شاھغە ئەمر بەردار ئولۇپ.

كېلىپدۇر غەرەز مۇندا بۇ مەھ ئۇچۇن،
كى سەۋدا قىلۇر بۇ ۋەزىر شەھ ئۇچۇن."

بى بى لائىلاج يىغلادى ئاھ ئۇرۇپ،
كى ھەسرەت چېكىپ بەزمى ماتەم قۇرۇپ.

كېلىپ گۇلنىسا ئالدىغە ئول قەرى،
كى يىغلاپ دېدى: "ئەي كۆزۈم گەۋھەرى،

سېنى بەيئ قىلماقغە كەلدى ۋەزىر،
بولالماي بۇ ئاجىز ئاناڭ دەستىگىر.

كى ئىنسافسىز باغرى قاتتىغ ئاتاڭ،
سېنى بەيئ قىلماقغە سالدى پاراڭ.

چىنان مەنئ قىلدىم، قەبۇل ئەتمەدى،
قىلىپ رەھىم فەريادىمە يەتمەدى."

ئوشۇل ۋەقتىكىم يىغلادى گۇلنىسا،
دېدى: "چارە يوق، بولسە ھۆكمى قەزا.



كى بېچارە دۇرمەن ماڭا يوق ئىلاج،
چۇ لازىم بولۇپدۇر ئاتامغە خىراج."

ياساپ ئول مەھەلدە پەرىزاددەك،
قەدى نەخلىنى سەرۋى شەمشاددەك.

ئاڭا كەيدۇرۇپ ئانچە فاخىر لىباس،
مەلاھەتدە ئانچە بولۇپ بىقىياس.

ئالىپ چىقتى مېھمان سەراغە ئانى،
چىقارغە ياۋۇشتى ۋەزىرنىڭ جانى.

چۇ كۆردى ۋەزىر، يەتتى تەئسىرى ئىشق،
تېگىپ كۆڭلىگە كۆزىدىن تىيرى ئىشق.

خىيال ئەيلەدى: "بۇ مېنىڭ لايىقىم،
ئۆيۈمدە پەرىزاد بولغاي مۇقىم."

بولۇپ گۇلنىسا ئانچىنان بىنەزىر،
چۇ بىھۇش ئولۇبان يىقىلدى ۋەزىر.

ۋەزىرنى خاجە ھۇشىغە كەلتۇرۇپ،
يىقىلغان يېرىدىن قوپۇپ ئولتۇرۇپ،

دېدى ئول: "بۇ قىزنىڭ بەھاسى نىمە؟
ئاڭا تەڭ بولۇرغە ئەتاسى نىمە؟"

دېدى: "ئون بەرابەر كۆمۈشدۇر بەدەل،
بىرىڭ دەر مەھەل، ئەسلە قىلماي جەدەل."

ۋەزىر دېدى: "ئالته بەرابەر بېرەي،
ھەمول شاھنىڭ نەزدىگە يەتكۆرەي."

خاجە ھەم قەبۇل ئەيلەدى ئول زەمان،
كۆمۈشنى بېرىپ، سوڭدە بولدى رەۋان.

كى ئالتۇن مەھافە ئۈزە تۇرغۇزۇپ،
كى يۆردى ۋەزىر ئالدىدا يۆرگۆزۈپ.

قەزارا ۋەزىر ئۈيىگە باشلادى،
كۆرۈپ يارنى، شاھنى تاشلادى.

بەناگاھ كەلدى گۇزەر گاھغە،
مەھافەنى توختاتتى ئول راھغە.

ھەمول كوچەدە گۇلنىسا خەلفەتى،
بار ئېردى يەنە بىر نەچە ئۇلفەتى.



دېدى: "چىرلاغىل پىر ئۇستادنى،
ماڭا ئۆرگەتىپ ئېردى ئەۋرادنى."

يۇگۇردى كىشى، چىرلادى دەرمەھەل،
چىقىپ موللاسى ئەسلە بولماي ھەيەل،

كى تەئزىم ئېتىپ تۇردى ھۆرمەت بىلە،
سوراپ ھالىنى مېھر-شەفقەت بىلە.

دېدى گۇلنىسا: "بىزگە تۆشتى بۇ ھال،
قىلىپمەن ئاتام ئۆيىدىن ئىنتىقال."

كى ئېھسان ئىلە موللانى سەرفەراز،
قىلىپ، بەلكى مىڭ تەڭگە قىلدى نىياز.

دېدى: "ئەي ماڭا پىرى ئەربابى دىن،
ئەمانەت سۆزۈمنى تۇتۇڭ مۇتمەئىن.

چۇ مەھزۇن بىلە ئەھد پەيمان ئىدۈك،
كىچىكدىن بىرى يارۇ جانان ئىدۈك.

ئىكىمىز ئاراسىدا بىر شەرت بار،
بىلۇر سىررىمىزنى كى پەرۋەردىگار.

ئەگەر كەلسە ئول، سىزدىن ئالسۇن خەبەر،
مېنى ئىستەبان بولماسۇن دەر-بەدەر"، —

دىدى خوبلاشىپ، يۈردى گەردۇن خىرام،
ۋەزىر جايىغە تۈشتىلەر ۋەقتى شام.

ۋەزىر جايىنى قىلدى ئاراستە،
تۈشۈپ ئاندا ئول سەرۋى نەۋ خاستە.

كى تەئىين قىلىپ خىزمەتىگە كەنىز،
قوشۇپ قويدى گۈلشەن ئارا نەچچە قىز.

ئۆتۈپ نەچچە مۇددەت فەراغەت بىلە،
كى مەھزۇن ئۆچۈن كۆپ نەدامەت بىلە.

ۋەزىر ئول كۈنى قىلدى ئانداغ خىيال:
"كۆكۈل باغلادى ماڭا نازۇك نىھال.

چۇ ئالتە بەرابەر كۈمۈشنى بىرىپ،
ئالىپمەن ساتىپ ئەقلە ئۈشتۈر تىزىپ.

بۇ ئاخشام ئانىڭ بىرلە ئەمدى ياتاي،
كى بۇ نەخل ئەسمارىدىن بىر تاتاي."



كىرىپ گۈلنىسا قاشىغە ئول ۋەزىر،
يەقىن ئولتۇرۇپ ئەيلەدى ئول گۈزىر.

لەتىفە بىلە نەچچە ھەرفى كەلام،
كىنايە بىلە سۆز قىلىپ ۋەسل كام.

ئۇزاتتى قولىنى بۇ دەم ئول ۋەزىر،
قىلاي دەپ پەرىزادنى دەستىگىر.

خىيالىنى فەھىم ئەيلەدى گۈلنىسا،
بەرەھنە قىلىپ خەنجەرىنى راسا.

غەزەپ بىرلە خەنجەرنى قىلدى رەۋان،
تېگىپ دالۇسىغە، كېسىلدى چاپان.

يىقىلدى ئۇشۇلدەم بولۇپ زەخمناك
كېتىپ ھۇشىدىن بولدى ھەمۋارە خاك.

چىقاردى يۆلەپ بارچە خەددامىلار،
ۋەزىرغە ھەمە قىلدى بەدنامىلار:

"ئەجەپ ئىشدۇرۇر، بولسە بۇ زەرخەرىد،
بۇ يەڭلىغ ھەراكەتنى قىلدى پەدىد.

نه مەئنىكى مۇنداغ جەفا ئەيلەگەي،
ۋەزىرنى بۇ يەڭلىغ خەفا ئەيلەگەي.

دىدىكىم ۋەزىر: ”سەبر قىلماق كېرەك،
بۇ ئىشدا كىشى بولماغاي مۇشتەرەك“.

چېكىپ زەخمىنىڭ دەردىنى ئول ۋەزىر،
ياتىپ نەچچە كۈن بولدى سەھت پەزىر.

ۋەزىر بىر كۈنى باز تۇغيان قىلىپ،
پەرى قاشىغە كىردى ئەفغان قىلىپ.

مۇلايىم تەكەللۇف قىلىپ يالبارىپ،
كى ئولتۇردى ئانىڭ قاشىغە بارىپ.

يەنە قول ئۇزاتتى پەرىزادغە،
يەنە ئۇردى خەنجەرنى بەد زادغە.

كى پەيدا بولۇپ بىر نەچچە خادىمان،
كۆتەردى ۋەزىرنى، چىقاردى رەۋان.

يەنە شىكۋە قىلدى ھەمە تابئى:
”بولۇرمۇ بۇ يەڭلىغ كىشى بايئى؟



مۇنى يوق قىلىڭ يا ساتىڭ، ئەي ۋەزىر،
كى ئىنسان ئەمەس، سىزگە بۇ مادە شىر.“

دىدى: ”ئاخىر ئول سىزنى ئەيلەر ھەلاك،
قىلۇر خەنجەرى بىرلە باغرىڭنى چاك.“

دىدىكىم: ”مۇڭا لازىم ئولدى قىساس،
قىساس ئەيلەبان، قىلغىل ئۆزنى خەلاس.“

دىدى ئول ۋەزىر: ”تىفلدۇر، باكى يوق،
كى ناداندۇرۇر، ئەقل-ئىدراكى يوق.

ئانى ئەتكۈچە يوق، ئۆزۈم يوق بولاي،
كەمالىغە يەتكەيكى بىر كۈن ئول ئاي.“

ئايا ساقىيا! تۇت ماڭا راھى ۋەسل،
بولاي زەۋق-شەۋقىدا مۇسباھى ۋەسل.

تاپاي راھىنىڭ كەيفىدىن تازە جان،
ھەمول ياردىن بىزگە بولسۇن نىشان.

## مەھزۇن بىچارە ۋە مەجنۇن ئەۋۋارە ئەتاسى جەسەدىنى ھەزرەتى ئىمامى ئەئزەم رەھمەتۇللاھۇ ئەلەيھىنىڭ بۇقئەلەرىدە دەفنى قىلىپ، كەئبە شەرىفدىن يانىپ، شەھەر-بەشەھەر يۈرۈپ سەۋداگەرلىك قىلىپ، بىسيار مال-ئەمۋال بىرلە كېلىپ ئۆز شەھەرىگە داخىل بولۇپ، ئەقرەبالارى بىرلە كۆرۈشۈپ، موللاسىدىن گۈلسىنانىڭ خەبەرىنى ئالىپ، ۋەزىر ئەئزەمغە پىشكەش قىلغانى

سۇخەندانى شىرىن ھىكايەت گۇداز،
تىزىپ سۆزنى مۇندا رىۋايەت گۇداز.

ئاچىپ سۆز كىلىدى بىلە قۇفلى گەنج،
ساچىپ دەھرىغە جەۋھەرى نۇكتە سەنج.

چۇ مەھزۇن يۈرۈپ قەلئەدىن-قەلئەگە،
چۇ داخىل بولۇپ شەھردە جۇمئەگە،

كېلىپ ئۆيگە، كەلدى ئانا ۋە قاياش،
قەرىنداش، ئەۋلادۇ بەلكىم ئاداش.

ئاتا ماتەمنى① تۇتۇپ يىغلادى،
كى ھىجران شەرارىدا ئىسسىغلادى.

① قولىيازمىدا "ماتمى" دەپ يېزىلىپ قالغان.



تۇشۇردى ھەمە مال-ئەمۋالىنى،
ئاناسى سورايدۇر ئاتا ھالىنى.

ھەمە سەرگۇزەشتىنى قىلدى بەيان:
"ئاتام ھەقتەئالاغە تاپشۇردى جان.

ئىمامنىڭ ئاياغىدا دەفن ئەيلەدىم،
نەچە كۈن تۇرۇپ دەرد-ھەسرەت يېدىم.

ئىرادە بۇ ئېرىكەن قەزاۋۇ قەدەر،
پىسەر كەلدى مۇندا قالىپدۇر پەدەر"،

كى موللا قاشىغە يۇگۇردى ھەمان،
خەبەر تاپتى موللاسى ھەم ئول زەمان.

كۆرۈشتى كېلىپ پىر ئەرباب ئىلە،
كى مەكتەبدەكى يار ئەھباب ئىلە.

چۇ مەھزۇن سوراپ موللادىن: "گۇلىنسا
قاياندۇر، خەبەر ئەيلەڭىز دىلرەبا؟"

دىدى موللاسى: «بولدى ئولكىم ئەسىر،
ساتىپ ئالدى شاھى ئۈچۈن ئول ۋەزىر.

مۇھەببەت قىلىپ، شاھقە بەرمەدى،
قىلىپ جايىدا ھەممەنىڭ سەرمەدى.

ۋەزىر خانەسىدە يۈرۈيدۇر ئۇل ئاي،
فىراقىڭدا ھەر دەم چېكەر ئاھ-ۋاي".

كى مەھزۇن دىدى: "قانچەگە ئالدى ئۇل؟
قىلىپ خاجە قانچە ئەدەدنى قەبۇل؟"

دىدى موللا: "ئالتە بەرابەر كۈمۈش،
بېرىپ ئېردى خاجە چىنان بولدى خۇش"،

چۇ مەھزۇن دىدى: "ئاھ، بولغاي ئىدىم،
كى ئەللىك بەرابەرگە ئالغاي ئىدىم.

كۈمۈش ئورنىغە بەلكى ئالتۇن بېرىپ،
ئانىڭ بەيئىگە دۇررى مەكنۇن بېرىپ.

فەلەك ئانى بىزگە رەۋا كۆرمەدى،
بۇ يەڭلىغ بولۇشنى كىشى بىلمەدى.

ئەيا پىرى ئۇستاد نە چارەدۇر؟
كۆڭۈل يار يادىدا سەد پارەدۇر.



كى تەدبىر ئەيلەپ ئىلاجىمنى قىل،
ئانىڭ ھەجرىدە قىلما زارۇ زەلىل!"

تەۋەللا قىلىپ پىرى ئۇستادغە،
دىدى: "يەتكۈرۈڭ سەرۋى ئازادغە!"

ئەتا قىلدى موللاغە بىھەد دەرەم،
ئاڭا يالبارىپ قىلدى ئانچە كەرەم.

دىدى موللاسى: "ئەي ئوغۇل غەم يىمە،
كى يارىڭ ئۈچۈن ئەسلە ماتەم يىمە.

ۋەزىرغە سېنى تاپشۇراي سۆز بىلە،
بارىب يارنى ئاندا كۆر كۆز بىلە.

داغى مەسلەھەت بۇ دۇرۇر ئەي ئوغۇل،
ساڭا سۆز قىلۇرمەن، ئانى تۇت قەبۇل.

ۋەزىرنىڭ جەنابىغە بىرمۇنچە مال
مۇھەييا قىلىڭ، ئەيتايىن ئەرزى ھال.

بارىپ كەلتۈرۈڭ نەچچە لايىق مەتاﺋ،
نەفىس ئاقمىشە ئانچە فايىق مەتاﺋ."

چۈ مەھزۇن يائىپ ئۆيگە، مەئـمۇل تۇشۇپ،
كى ئۇستادى سۆزىنى مەقـبۇل تۇتۇپ.

كى تەييار ئىتىپ تـۆھفەلەر ئول زەمان،
كى ئۇستاد ئۆيىگە بولـدى رەۋان.

ھەمە لازىم ئامەدنى تەييار ئىتىپ،
تۇرۇپ موللاسى ئالدىدا زار ئىتىپ.

چۇ مەھزۇنغە موللا بولۇپ راھبەر،
ۋەزىرنىڭ ۋىساقىغە بولدى بەدەر.

كۆتەرىپ ھەمە پىشكەش مالنى،
تاپىپ كەلتۇرۇپ نەچچە ھەممالنى.

ۋەزىر قەسرىگە كەلدىلەر ئول ئىكەۋ،
كىرىپ بىشىبا موللاسى پىش رەۋ،

ۋەزىر جانىبىغە سەلام ئەيلەدى،
ۋەزىر ھەم قوپۇپ ئىھتىرام ئەيلەدى.

چۇ تارتىق قىلىپ پىشكەش مالنى،
ۋەزىر سوردى ھەم موللادىن ھالنى.



دىـدى: "بۇ ئوغۇل باي زادە دۇرۇر،
ئاتادىن كىچىك قالدى سادە دۇرۇر،

كى مىراس دۇنياسى بىھەد تولا،
بارى جىنس ئەشيا خەلا ۋە مەلا.

ئاتادىن يىتىم قالدى بىكەس بولۇپ،
بۇ ئاستانەدە يۈرسە،خوب كەس بولۇپ.

ئاتاسى مۇنىڭ خاجە مەسئۇد ئىدى،
ئانىڭ ۋەقتىدە بارچە مەۋجۇد ئىدى.

قوشۇلسە يامانغە زەرەر بولغۇسى،
ئاتاسىز يىتىمگە خەتەر بولغۇسى".

ۋەزىر ئەيدى: "ياخشى بولۇپدۇر بۇ ئىش،
ئوغۇل ئەيلەسۇن بىزگە بارىش-كىلىش".

كى مۇنداغ دۇرۇر پىرى دانا ئىشى،
بۇ ئىشنى قاچان قىلسۇن نادان كىشى:

"ئاتاسىغە مەن ھەم ئىدىم ئاشنا،
بۇ بىچارە گويا فەقرىغە بالا."

كى تەئىين قىلىپ ياخشى بىر جاينى،
تۈشۈردى يۈكى بىرلە ئول باينى.

هەمە ماللارنى سەرەنجام ئېتىپ،
قويۇپ سەيدگە بارچەنى دام ئېتىپ.

كى بىر ھوجرە تەئىين قىلىپ بام ئۆزە،
چېكىپ ئاھۇ ئەفغان چېقىپ تام ئۆزە.

ياتىپ نەچچە كۈن كۆرمەدى يارنى،
بىلىندۈرمەدى ئەسلە ئەسرارنى.

قەزارا ۋەزىر زەخمىسى بولدى بەھ،
بولۇپ ئىشقدىن باغرى قان تەھ-بەتەھ.

ئايا ساقىيا! جام-پەيمانە تۇت،
تۇتارسەن ئەگەر، ياندۇرۇپ يانە تۇت.

ئانى سىپقارىپ ئىشقدا جان بېرەي،
ياقامنى تۇتۇپ ئالدىدا تەلمۈرەي.



## ۋەزىر ئەئزەم جەراھەتىدىن ساقايىپ گۈلنىسا سۆھبەتىن ھەۋەس ئەيلەپ قاشىغە كىرگەندە، خەنجەرىنى ۋەزىر تەرەپىگە ھەۋالە قىلىپ، زەخم بەلىغ بەرگەنى

ۋەزىر بىر كۈن ئەيلەپ خىيالىنى خام،
قىلىپ گۈلنىسا جانىبىدىن كەلام.

ھەرەملەرنى قىچقىردى ئىقبالىغە،
چۇ خانىكەسىن كەلتۈرۈپ ئالىغە.

دېدى: "گۈلنىسا ئۆزنى زىيب ئەيلەسۇن،
قىلىپ تەۋبە ئۆزنى قەرىب ئەيلەسۇن.

ۋە گەرنە قولۇمدىن كى تاپماس ئەمان،
كى بىلسۇن، چىقار جىسمىدىن ئەمدى جان."

ھەرەملەر كىرىپ گۈلغە بەردى خەبەر،
پەرى چېھرەغە يۈزلەنىپ دەردىسەر.

دېدى: "كىرمەسۇن قاشىمە ئول ۋەزىر،
قىلالماس جەھاندا مېنى دەستىگىر."

ۋەزىر ئاڭلاپان بولدى چۈن دەرغەزەپ؛
”نەدەپدۇركى ئول بىھەيا، بىئەدەپ.

قولدىن نە كەلگەي، كىرەي قاشغە،
يامانلىقنى قىلسە ئۇراي باشغە“.

ۋەزىر ھوجرە سارى خىرام ئەيلەدى،
كىرىپ ھوجرە ئىچرە مەقام ئەيلەدى.

كى ساچراپ قوپۇپ ئورنىدىن گۇلنىسا،
پىچاقىن نىيامىدىن ئەيلەپ جۇدا.

سۆيۈندى ۋەزىر: ”ئەقلغە كەلدى“، — دەپ،
كى سەبر ئەيلەدى ”قەدردان بولدى“، — دەپ.

ئاڭا سۆز قاتىپ مېھرىبانلىق بىلە،
چۇ ئالداپ كى شىرىن زەبانلىق بىلە:

”تىلەندىم، ماڭا كەلمەدى رەھمىڭىز،
جەفا تىغى بىرلە يېتىپ زەخمىڭىز،

تەرەھھۇم قىلىپ ئەيلەڭىز ئىلتىفات،
ماڭا بەخش ئېتىڭ جاۋىدانى ھەيات.



قىلىپ بىر كۆرۈپ ۋەسلىڭىزنى ئۇمىد،
چىراكىم سېنى ئەيلەدىم زەر خەرىد“،

نەسىھەت قىلىپ سۇندى ئىلكىنى ئول،
تۇرۇپ گۇلنىسا قوينىغە سالدى قول.

دىدى: ”كەلمەگىل ئەسلە بىزنىڭ سويان،
تولا سۆزلەمەي، بەلكى ئارقاڭغە يان.“

غەزەبدىن ۋەزىر قاشغە تۇشتى چىن،
بارىپ قاشغە تۇتمايىن ئەسلەكىن،

سەياسەت بىلە تۇردى ھەيبەت قىلىپ؛
ئۇرۇپ گۇلنىسا تىغ جۇرئەت قىلىپ،

تىشىپ ئوقرەكىدىن قىلىپ سەر بەدەر،
يىقىلدى زەمىنغە چۇ كەسكەن شەجەر.

خەبەر ئالدى خەددام خۇد كارلار،
يىغىلدى ھەمە يار، ئەغيارلار.

كۆتەردى ۋەزىرنى نەچە خادىمان،
ئانى ياتقۇزۇپ فەۋتى تەختى رەۋان.

تاپىپ كەلتۈرۈپ مەردى جەرراھنى،
كېلىپ، زەخمىگە بەردى ئىسلاھنى.

ۋەزىر ھۇشىغە كەلدى سائەت ئۆتۈپ،
جەفالار چېكىپ، گۇل ئۈچۈن قان يۇتۇپ.

يىغلىدى بارى ئەقرەبا ئۇل زەمان،
ھەمە سەرزەنىش سۆزنى قىلدى ئەيان.

دىدى: ”ئەي ۋەزىر بۇ نە بەدنامدۇر؟
مۇنىڭ ئىشقىدىن زەھر ئاشامدۇر؟

بولۇرمۇ بۇ يەڭلىغ كىشى بەندەسى،
بۇرەڭ بىئەدەبمۇ سەر ئەفكەندەسى؟

كېچىك مېھرىدىن، ئاقىبەت يوق قىلۇر،
تىرىكلىك لىباسىنى يىرتۇق قىلۇر.

مۇنى بوغزىدىن يا ئاسىڭ، يا ساتىڭ،
يوق ئەيلەپ ئانى، سىز ئەماندا ياتىڭ.“

ۋەزىر ھەم بولۇپ ئانچە پەژمۇردە ھال،
غەزەبدىن قىلىپ ئۆلتۈرۈشكە خىيال.



دىدىكىم: ”ئاسىڭلار مۇنى دارغە!“
كى خەددامىلار تۇردى ئازارغە.

بېلىدىن يەشىپ پۇتەسىنى بىرى،
بىرى ساچباغىنى يېزىپ ئىلگەرى،

رەسەننى سالىپ بوينىغە، تارتىبان،
كى ئاشخانە سارىغە سۇدرەپ رەۋان.

كى ئول خانەنىڭ ئۆگزەسىگە ئاسىپ،
كۆڭۈل تىندۇرۇپ، ھەممە چىقتى يانىپ.

ئايا ساقىيا! جام تۇتغىل ئەبەد،
چۇ ئاخىر نەفەس بىزگە قىلغاي مەدەد.

بېرىپ جاننى جانان ئۈچۈن، جان تاپاي،
ئانىڭ كەيفىدە نۇرى ئىمان تاپاي.

**ۋەزىر گۇلنىسانى ئاسقان خەبەرىنى مەھزۇننىڭ بىر خىزمەتكارى ئىشتىپ خەبەر يەتكۈرگەندە، مەھزۇن مەجنۇن مۇتابىئەت كۆرگۈزۈپ ئۆز ھوجرەسىدە ئاسىلغانى**

كى سۆز ئاڭلاغىل يار مەھزۇنىدىن،
ئىشىتتى گۇلئەندام ئەفسۇنىدىن.

كى مەھزۇنغە ئاندا دىدى خادىمى،
ھەمىشە قاشىدا ئىدى نادىمى.

ئىشتتى چۇ ئول گۇلنىسا ھادىسىن،
بىلىپ ئول ھەمە ۋاقىئە بائىسىن.

كى مەھزۇنغە ئەيلەپ بەيان سەر-بەسەر،
كى ئاسقاننى مەھزۇنغە قىلدى خەبەر.

چېكىپ ئاھ-ئەفغان بۇ سۆز ئاڭلابان،
ھەمول خادىمىن بۇيرۇدى بىر سويان.

قىلىپ ھوجرەنى خالى ھەسرەت بىلە،
ئاسىلدى بۇ ھەم ئانىچە غەيرەت بىلە.

ئىشكنى چۇ مەھكەم قىلىپ ئول زەمان،
قىلىپ نالەنى كۆپ، ئاسىلدى نىھان.

* * *

ئىشىتمەك كېرەك گۇلنىسادىن سۇخەن،
بەلاغە گىرىفتار ئولۇپ گۇلبەدەن.

پەرىگە بار ئېردى ئىكى خادىمە،
تۇرۇپ ئالدىدا بىر زەمان نادىمە.



تەئەششۇق قىلىپ ئىككىسى ماھغە،
قويۇندەك كىرىپ تېز-تېز راھغە.

چۇ ئەرز ئەتتى شەھنىڭ قىزىغە بارىپ،
كى نالە-فىغان بىرلە كۆپ يالبارىپ:

"ۋەزىر ئاستى بىر سەرۋى ئازادنى،
كى ھەيف ئەيلەدى بىر پەرىزادنى.

بويۇن سۇنماغانغە قىلىپ سەرزەنىش،
كى زۇلم ئەيلە بان ئۇردى جانىغە نىش".

كىشى بۇيرۇدى دەرمەھەل خانىكە:
"يېتىڭ تېزراق، بولماسۇن ھالىكە.

ئانىڭ بوغزىدىن قىل رەسەننى كۇشاد،
مۇبادا تىرىك بولسا فەھۋىلمۇراد.

ئۆلۈك بولسا تەننى ماڭا كەلتۈرۈڭ،
ھەيال ئەتمەيىن بىئەبا يەتكۈرۈڭ!"

يۈگۈردىكى خادىملارى ئول زەمان،
ۋەزىرىنىڭ ئۆيىگە قويۇندەك رەۋان.

كىلىپ دەرمەھەل كەستى ئاغرامچىنى،
ۋەزىر خادىمغە ئۇرۇپ قامچىنى.

كېتىپ ھۇشىدىن ئۇل زەمان گۇلبەدەن،
تولۇن① ئاي مەسەللىك ياتىپ سىيمتەن.

ئانىڭ جىسمىنى سالدى مەھفەل ئارا،
ئانىڭدەككى ئازەرنى مەنقەل ئارا.

چۇ سۇرئەت بىلە ماھنى كەلتۇرۇپ،
مەلىكە قولىغە ئانى تاپشۇرۇپ.

كۆرۈپ ئۇل مەلىكە دىلئارامنى،
ئۆزى كەلتۇرۇپ شەربەتى جامنى.

مەزاقىغە قۇيدى، غىزا ئۆتمەدى،
مەلىكە ئىلاجىنى ئۆكسۇتمەدى.

نەدامەت چېكىپ قىلدى ئەفسۇسلار،
يوق ئەتتى ۋەزىر نەڭگۇ نامۇسلار.

تۇتۇپ بۇرنىغە ئايىنە ئۇل زەمان،
تىرىكمۇ ـ ئۆلۈكمۇ، قىلىپ ئىمتىھان.

① قولىيازمىدا "تالون" دەپ يېزىلىپ قالغان.



نەفەس بار ئىكەن ئايىنە تەرلەدى،
زەمانى ياتىپ ھۇشىغە كەلمەدى.

مەلىكە تۇرۇپ ئانچە قىلدى ئىلاج،
سىلاپ باشىنى ئۇل دىدى: "كۆزنى ئاچ"

كى سائەت ئۆتۈپ ئۇردى قاتتىغ نەفەس،
كېلىپ ھۇشىغە يەتتى ئەقلىغە ھەس.

كۆزىن ئاچىبان كۆردى ئىقبال تەخت،
مۇۋاسا قىلىپ باشىدا نىكبەخت.

قىلىپ ئۇل زەمان ھەقغە① ھەمدۇ سەنا:
"تۇمەن شۇكرىكىم، ساقلادىڭ رەببەنا."

كى شەھنىڭ قىزى ماھى ئالىجەناب،
قىلىپ گۇلنى باشدىن ـ ئاياغ سەرھىساب.

نە كۆردىكى ئۇل ھۇسنىدە بەر كەمال،
مۇڭا قۇل دۇرۇر بارچە نازۇك نىھال.

كى ئاشىق بولۇپدۇر مەلىكە ئاڭا،
دىدى: "گۇلنىسا يارۇ ھەمدەم ماڭا."

① قولىيازمىدا "ھەق" دەپ يېزىلىپ قالغان.

چىقاردى ئانى تەخت ئارا يانىغە،
بۇ ئۇلفەتنى مىننەت تۇتۇپ جانىغە.

تۇتۇپ گۇلنساغە نەچە جامنى،
لەزىز شەربەتى جانغە ئارامنى.

فەراغەت تاپىپ بولدى ئاسۇدە هال،
بولۇپ ئەيش ئارا بىخەلەل ـ بىمالال.

ئايا ساقىيا! جامى ئۇممىد بەر،
بولۇپمەنكى ئول ياردىن بىخەبەر.

ئانى نۇش ئېتىپ تاپقامەن تازە جان،
تاپاي خىزردەك زىندەگى جاۋىدان.

**مەھزۇننىڭ خادىمى زىرەك گۇلنسادىن خەبەر ئالىپ دەر مەھەل ھوجرەغە كەلگەندە، ئىشىكنى مەھكەم كۆرۈپ، ئول ئىشىكنى پارە قىلىپ، مەھزۇننىڭ ئاسلغاننى كۆرۈپ، خەلاس ئەيلەپ، ئانچە مۇشەققەتلەر بىلە ھۇشىغە كەلتۈرگەنى**

تاپىپ كەلدى زىرەك پەرىدىن خەبەر،
چۇ مەھزۇن تاجى سەرىدىن خەبەر.

كېلىپ كۆردى دەرنى ئىچىدىن ئېتىك،
چىنان زور قىلدى، ئاچىلماس ئىشىك.



ئىشىكنى يىقىتتى بۇ قۇل ئول مەھەل،
قىلىپ ئۆزنى مەھزۇن ئەجەلگە بەدەل.

ئاسلمىش ئىدى ئۆزنى ئول خانەگە،
فىدا ئەيلەبان جاننى جانانەگە.

ئاسلغان تەنابىنى كەستى غۇلام،
ياتىپ بىخۇد ئول زار تاۋەقتى شام.

باشىنى يۆلەپ يىغلادى خادىمى،
ئېتەككە تالۇپ ئول زەمان كۆز نەمى.

ئىچۈردى ئېزىپ شەربەتى جانفەزا،
مەزاقىدىن ئۆتمەي داغى بىر غىزا.

كېلىپ ھۇشىغە لەمھە ـ لەمھە ئۆتۈپ،
كېلىپ ئەقلىغە لەھزە ـ لەھزە ئۆتۈپ.

ئەيتتىكى مەھزۇنغە ئول خۇشخەبەر:
”كى يارىڭ تىرىكدۇر، نەدۇر دەردسەر؟

مەلىكە ئالىپ باردى ئىززەت بىلە،
كى ئولتۇردى تەخت ئۆزرە ھۆرمەت بىلە.“

بۇ سۆزدىن ياڭى جان كىرىپ زارغە،
شىرىك قىلدى خادىمنى ئەسرارغە.

دىدى: "ئەي خاجەم بۇ نە ۋاقىئەدۇرۇر؟
ئىككىمىز ئاراسىدا شايىئەدۇرۇر؟"

دىدى قۇلغە مەھزۇن: "بۇ جانانەدۇر،
بۇ رەڭ ۋاقىئە ئەھد پەيمانەدۇر.

جەھاندا تىرىك بولسە ئول، مەن تىرىك،
زەماندىن ئاڭا يەتسە غەم، مەن شىرىك.

ماڭا مۇژدە يەتكۇردۇڭ ئول ياردىن،
جۇدا ئەيلەدىڭ جىسمنى داردىن.

كى سەندىن يېتىپدۇر ماڭا شادلىق،
ساڭا مەن بېرەي خەتتى ئازادلىق".

سەرۇپا بېرىپ ئەيلەدى سەرفەراز،
كۆڭۈل سىررىدىن بىرنەچە قىلدى راز.

چۇ زىرەك دىدى: "بىلمەدىم بۇ زەرۇر،
كى پىنھان ىدى، تاپتى بۇ ئىش زۇھۇر



ئەگەر بىلسەم ئېردى بۇ ئىشنى بۇرۇن،
تاپشتۇرغاي ئېردىم سېنى كەچقۇرۇن.

ھېلى ھەم ئىلاجىنى قىلماق كېرەك،
سېنىڭ خىزمەتىڭدە يۇگۇرماق① كېرەك.

ساڭا مەسلەھەت ئولكى، سالغىل قۇلاق،
دۇكان ئولتۇرۇشقە قىلىڭ ئىتتىفاق.

ئاچىڭ ئانچە قىممەت بەھالىغ مەتائ،
كى بازار ھۆسنىغە بەرسۇن شۇئائ.

كى شەھنىڭ ئاراسىدا بار گۇفتگۇي،
قىلۇر بىر يىگىتنى قىزى بىرلە توي.

ئانىڭ لازىمىغە ئالۇر مالىنى،
كى باشلاپ كېلەي مۇندا دەللالنى.

كى ئۇشبۇ سەبەب بىرلە كۆرسە بولۇر،
مال ئالماقغە ئاندىن كىشلەر كېلۇر."

چۇ مەھزۇنغە مەئقۇل ئولۇپ ئۇشبۇ سۆز،
دوكان ئولتۇرۇپ، ئول سارى تىكتى كۆز.

① قولىيازمىدا "يۇگۇرسام" دەپ يېزىلىپ قالغان.

نەچە رەڭ زىبايى قىممەت بەھا،
مۇھەييا قىلىپ تىزدى ئۇل جا-بەجا.

تەۋەككۇل قىلىپ ئولتۇرۇپ، كۆز تۇتۇپ،
باقىپ گۇلنىسا يولغە، قان يۇتۇپ.

ئۆتۈپ بىر كۇنى چىقتى دەللاللار،
كۆتەرمەككە مال بىرلە ھەممماللار.

بۇلار ئالدىنى توستى زىرەك بارىپ،
سەلام قىلدى ئۇل ئىلگەرىرەك بارىپ.

چۇ مەھزۇن دۇكانى سارى باشلادى،
نەچە ماللارنى يايىپ تاشلادى.

قوپۇپ دايەگە قىلدى مەھزۇن سەلام،
سۇلۇكەت بىلە ئەيلەدى ئىھتىرام.

كى تەكلىف ئېتىپ خانەگە دايەنى،
تۆكۈپ ئالدىغە ئانچە سەرمايەنى.

زىيافەت قىلىپ ئۇل كۇنى شاھۋار،
قىلىپ تۆھفەلەرنى قەدەمدىن نىسار.



كى تارتىق قىلىپ ئىككى توقۇز خەرىد،
قارا ۋە قىزىلۇ ياشىلۇ سەفىد.

كى مەھزۇن مەلاھەتدە يەكتا ئىدى،
جەھان باغىدا سەرۋى رەئنا ئىدى.

يىدى دايە كۆرگەن زەمان تىيرى ئىشق،
كۆڭۈل شاھىغە يەتتى تەئسىرى ئىشق.

قوپالماي ئورۇندىن بولۇپ بىخىرەد،
ئالىپ ئەقلۇ ھۇشىنى ئۇل سەرۋ قەد.

يەنە ئەيدى مەھزۇن ھەمول دايەگە:
"مېنىڭ بىرلە يەتكەي ئىشق ۋايەگە.

مەلىكەمگە لايىق مەتائ مۇندا بار،
بۆلەككە يۇگۇرماڭ بىسەد زىنھار".

قوپۇپ دايە كەتتى ئالىپ مالنى،
زىيافەت بىلەن تويغازىپ گالنى.

مەلىكە جەنابىغە تەشرىف ئېتىپ،
كى مەھزۇننى ئالدىدا تەئرىف ئېتىپ:

”كى‌تۇجار بار بەچچە، ئاچمىش دۇكان،
بۇ تارتىقنى بىزگە بېرىپ رايىگان.

قىلىپ پىشكەشلەرنى ئىززەت قىلىپ،
زىيافەت قىلىپ سىزنى ھۆرمەت قىلىپ.“

مەلىكە بۇ ئىشغە چىنان بولدى خۇش،
كى مەھزۇن بىلە دايە بولدى تانۇش.

بەھانە قىلىپ دايە كۈندە كېلىپ،
كى مەھزۇننى كۆرمەك بىلە كام ئېلىپ.

ئۆتۈپ نەچچە مۇددەت بۇ يەڭلىغ ئۇمۇر،
كېلىپ بىر كۈنى دايە تاپمىش ھۇزۇر.

كى مەھزۇنغە ئول دايە بولدى ئاداش،
ئاڭا قىلمادى ئەسلە سىررىنى فاش.

* * *

قەزارا ئۆتۈپ نەچچە كۈن، نەچچە ئاي،
جەھان بولدى ئىشق ئىچرە مېھنەت سەراي.

خەبەر بەردى بىر كۈن، كېلۇرلەر كۈيەۋ،
مەلىكە بىلە ئىشرەت ئەيلەر ئىكەۋ.



كى مېھمان سەرانى قىلىپ خاستە،
مۇزەييەن فەراش ئىچرە پىراستە.

بېرىپ بارچە قىزلارغە رۇخسەت پەرى:
”كى مېھمان كېلۇر، كىرمەڭىز ئىچكەرى.“

ھەمە ئۆي قىزى چىقتى، بولدى رەۋان،
مەلىكە قاشىغە كىرىپ مېھمان.

ئىكەۋ مۇڭداشىپ مېھرىبانلىق بىلە،
تەكەللۇمدا شىرىن زەبانلىق بىلە.

كى بىر سائەت ئۆتتى ئىكەۋ سۆزلەشىپ،
بىرى بىرگە سالدى نەزەر كۆزلەشىپ.

مەلىكە بولۇپ ئول زەمان تەشنەلەپ،
كى چىرلاپ بىرەۋنى كى، بەرگىل سۇ دەپ.

زەمانى ئۆتۈپ ھېچكىشى كەلمەدى،
يەنە قىچقىرىپ خانىكە سۇ، دىدى.

ھەمە خادىمى ئېردى ئاندىن يىراق،
مۇنىڭ ھۆكمىنى ئاڭلاماي ھېچ قۇلاق.

کی تەخت ئاستىدا بار ئىدى گۇلنىسا،
چىقىپ دەرمەھەل ئەيلەدى مەرھەبا.

قۇيۇپ كاسەگە سۇنى ئۇل دەرمەھەل،
ئاڭا ئەيلەدى شىر شەربەتىنى ھەل.

ئەدەب بىرلە تۇتماقىغە جۇش ئەيلەدى،
مەلىكە ئالىپ ئانى نۇش ئەيلەدى.

يىگىت ئۇل زەمان گۇلنىسانى كۆرۈپ،
چېكىپ ئاھلار، ھۆسنىگە تەلمۈرۈپ.

قاچىپ كىردى تەخت ئاستىغە ئۇل زەمان،
پەرى ئۇل زەمان بولدى كۆزدىن نىھان.

مەلىكە كۈيەۋسىگە ھەيرەت يېتىپ،
كۆرۈپ گۇلنىسانى ئۆزىدىن كېتىپ:

"پەرىمۇ ئىدى، ياكى بۇ ھۆرمۇ؟
ۋە ياكىم جەھان يارۇتۇر نۇرمۇ؟

ئانى كۆرمەگەندە بۇ كىم خوپ ئىكەن،
بۇ ئەغيار ئىكەن، ئۇلكى مەھبۇب ئىكەن"



يىگىتنىڭ كى ھالى بولۇپ ئۆزگەچە،
كى سۆز قىلمادى جۇفتىغە ئۇل كېچە.

ئەلەمگە مۇبەددەل بولۇپ ئىشرەتى،
چىقىپ كەتتى ئۇل دەم چېكىپ ھەسرەتى.

مەلىكە ئۇرۇپ ئاھ، قىلدى غەزەب:
"نىدىن چىقتىڭ ئەي گۇلنىسا بىئەدەب؟

يىگىتكە ئۆزۈڭنى قىلىپ ئاشكار،
ئانىڭ كۆڭلىنى ئەيلەدىڭ تارمار.

سېنى كۆرمەسە ئۇل، كېتەرمۇ ئىدى،
مېنىڭ ئىشرەتىم تەرك ئېتەرمۇ ئىدى؟"

دىدى ئۇل: "چىقىپمەنكى فەرمان تۇتۇپ،
تولا ئەيمەنىپ ھۆكمى جانان تۇتۇپ.

قىلىپ خىزمەتى سىزنى سىيراب ئېتىپ،
قاچىپ دەر مەھەل ئۆزنى ناياب ئېتىپ.

كى خالىس ئىدىم، بىغەرەز، بىخىيال،
فەقىرنىڭ ئىشىغە① بولۇپسىز مەلال.

① قولىيازمىدا "ئىشمىغە" دەپ يېزىلىپ قالغان

مەلالەت ئىشىنى خىيال ئەتمەدىم،
يىگىت ئالدىدا قىلۇ قال ئەتمەدىم.

كى فەرمان تۇتتۇپمەن، ماڭا نە گۇناھ؟
رەۋامۇ كى خىزمەتنى قىلماق تەباھ؟

تۇرۇپمەن نە قىلساڭ، ساڭا ئىختىيار،
نە كەلسە ماڭا ھۆكمى پەرۋەردىگار"

مەلىكە دېدى: "ئۆلتۈرۈڭلەر مۇنى،
گۇناھىغە ئانىڭ ساچىلسۇن قانى!"

دېدى دايەلەر: "سەبىر قىلماق كېرەك،
تىرىك ئانى دەرياغە سالماق كېرەك.

ئانىڭ قانىنى تۆككەنىڭ خوب ئەمەس،
ئۇلۇغلارغا بۇ كار مەرغۇب ئەمەس.

كى ساندۇق بىلە تاشلاساق بەھرغە،
بۇ سۇرەت بىلە چىقماسە دەھرغە،

ئۆزى ئۆلسە دەريادا زۇلمەت بىلە،
ئاقىپ كەتسە يۈز مىڭ مەشەققەت بىلە.



كىشى تاپماسا گۇلنىسادىن نىشان،
ئالىپ كەتسە خوب ئانى ئابى رەۋان."

مەلىكە دېدى سۆزنى مەئقۇل كۆرۈپ:
"كى تەييار ئېتىڭ ساندۇقى كەلتۈرۈپ."

سەدەف قارىندا جاي تاپتى گۆھەر،
رەۋان قىلدى دەرياغە ۋەقتى سەھەر.

چۇ ساندۇقدا ئون يىل يىگۇنچە غىزا،
قىلىپ ئېردى سۇ مويىزى جا-بەجا.

ئاقىپ كەتتى دەريادا ساندۇق رەۋان،
زەمانى ئاقىپ بولدى كۆزدىن نىھان.

مەلىكە يانىپ كوڭلىنى تىندۇرۇپ،
كۆيەۋ يادىدا بىر زەمان ئاھ ئۇرۇپ.

دېدى دايەگە: "كەلتۈرۈڭ ياخشى مال،
ئانى تۆھفە ئەيلەپ دېيىن ئەرزى ھال.

يىگىت كۆڭلى مەندىن مەلال ئولدىمۇ؟
مۇھەببەتدە ئۆزگە خىيال ئولدىمۇ؟"

بولۇپ دايە مەھزۇن قاشىغە رەۋان،
كۆرۈشتى بارىپ باي ئىلە ئول زەمان.

كى مەھزۇن خۇش ئامەد قىلىپ دايەگە،
قىلىپ فەرش توققۇز مەتائ پايەگە.

نەچە كەلسە مۇندا پېش ئامەد قىلۇر،
تىلەنمەك بىلە كۆپ خۇش ئامەد قىلۇر.

تەئەججۇپ قىلىپ دايە بۇ ھالنى،
كى فەھم ئەيلەبان سوردى ئەھۋالنى.

دىدى: "ئەي يىگىت، بىر غەرەز سەندە بار،
ماڭا ئەرز ھالىڭنى قىل ئاشكار.

قولۇمدىن كېلۇر ئىشنى قىلغۇم ساڭا،
كى ئېھسان بىلە لۇتف قىلدىڭ ماڭا."

قىلىپ ئەرز ھالىنى مەھزۇن بەيان،
كۆڭۈل سىررىنى ئاڭا قىلدى ئەيان.

دىدى: "گۇلىنسا تەندەكى جان ماڭا،
ئانىڭ يادىدۇر رەگدەكى قان ماڭا.



ئانىڭ ئىشقىدا بولدۇم ئەۋۋارەئى،
كى جان ئاندادۇر، قىلساڭىز چارەئى".

ئۇرۇپ باشىغە دايە قىلدى دەرىغ:
"دىدىڭ سۆزنى ئەمدى، يوق ئېرمىش ئاسىغ.

بۇ سۆزنى دىسەڭ نەچچە كۆن ئىلگەرى،
كى باشلار ئىدىم مەن سېنى ئىچكەرى.

چۇ ساندۇق بىلە تاشلادى بەھرىغە،
فۇرۇ كەتتى ساندۇق سۇنىڭ قەئرىغە."

چۇ مەھزۇن ئىشىتتى تۇرۇپ بۇ كەلام،
جەھاندىن ئۈمىدىنى ئۈزدى تەمام.

قويۇپ، دايە بىرلە قىلىپ خەيرباد،
بولۇپ ئول كۆنى ئاڭا يەۋمۇتتەناد.

چۇ زىرەككە تاپشۇردى ئەمۋالىنى،
بىلىندۇرمەدى ئاڭا ئەھۋالىنى.

"ئۆزۈم تاشلايىن بەھرى خۇنخارغە،
يېتەي ئارقەسىدىن ئوشۇل يارغە."

ئاياقچى ماڭا جام تۇت بىگەران،
كى بەرسۇن ماڭا بەھرى غەمىدىن ئەمان.

كى مەي بەھرىدە چۇنكى غەۋۋاس ئولاي،
كى مەقسۇد لۇئلۇسىغە خاس ئولاي.

**مەھزۇن بىچارەئى ئەۋۋارە گۇلنىسا كەيفىياتىن ئاڭلاپ، تەركى خانىمان ئەيلەپ، ئۆزىنى دەرياغە تاشلاغانى ۋە ئانى نەھەڭ يۇتۇپ، ئول نەھەڭ ماھىگىرنىڭ تورىغە تۇشۇپ بەفەرمانى ئىلاھى ئانىڭ قارنىنى يارغاندا، مەھزۇن ئول بالىق قارنىدىن مەدھۇش چىققاندا، ماھىگىر بۇرنىغە ئاينە تۇتۇپ ھەياتلىقىدىن نىشان تاپىپ، سەبەب بىرلە ھۇشىغە كەلتۇرۇپ، فەرزەند قاتارىغە ئالغانى**

جەھان بىۋەفادۇر، بىرادەر، بىلىڭ،
كى دون ئەھلى بىرلە كەم ئۇلفەت قىلىڭ.

چۇ مىھنەت بىلە ئەيش بولغاي ئەدەم،
فەنا دەھرىغە ئەسلە قويماڭ قەدەم.

بولۇر چەرخىدىن يۈزتۈمەن ھادىسى،
بىر ئىشغە بولۇپ بىرنىمە بائىسى.



بىتەر مۇندا ئەھلى ۋەفاغە جەفا،
ئەلەمگە گىرىفتار ئەھلى ۋەفا.

رەفىقا، ئىشتىكىل سۇخەن ياردىن،
كى ئىشق ئەھلى ئىچرە ۋەفاداردىن.

كى مەھزۇن بىچارە جاندىن تويۇپ،
ھەمە دۇنيەۋىنى ئۆيىدە قويۇپ.

فىرىفتە قىلىپ قۇلنى بىر كارغە،
ئۆزى دەرمەھەل باردى ئەبھارغە.

تەھارەت قىلىپ، ئىككى رەكئەت نەماز
ئەدا ئەيلەدى ھەققە ئەرزۇ نىياز.

تەۋەككەل قىلىپ سەكرەدى بەھرىگە،
چۆمۈپ غەۋت ئۇرۇپ بەھرنىڭ قەئرىگە.

خۇدا قۇدرەتى بىرلە يۇتتى نەھەڭ،
كىرىپ ھەلقىدىن بەتنىگە بىدەرەڭ.

كى دەريا ئارا ئاقتى بالىق بىلە،
ياتىپ ئاندا ئول زىكرى خالىق بىلە.

بۇ دەريا قىراغىدا بىر ماھىگىر
بار ئېردى، ئوغۇل يوق ئىدى بىنەزىر.

بالىقچى كى فەرزەندگە تالىب ئىدى،
ئاڭا ئارزۇ دىلدا غالىب ئىدى.

خۇدا بەرمەپ ئېردى ئاڭا بىر ئوغۇل،
بالا دەردىدە ئېردى بىھەد مەلۇل.

تەۋەككەل قىلىپ ھەر كۈنى سالدى تور،
كى تورغە تۈشۈپ بىر نەھەڭ ئانچە زور.

ئەجەب كۈچ بىلە تارتىبان زور ئېتىپ،
چىقاردى ئانى ئۆزنى رەنجۇر ئېتىپ.

بابا شادمان بولدى ئول سەيدگە،
چۈ مەھزۇن تۈشۈپ ئاندا ھەم قەيدگە.

بابا دەر مەھەل قىلدى تەييار شاف،
نەھەڭ بەتنىنى تېز قىلدى شىكاف.

كى پارچە قىلىپ لەھمىنى تاشىغاي
تەبەر بىرلە ئۇستخانلارىن باشىغاي.



نە كۆردىكى بىر ماھى تەلئەت جەۋان،
بالىق قارنىدىن كۆزگە بولدى ئەيان.

بالىقچى كۆرۈپ بولدى ھەيرەتدە لال،
كى ھەيرەت بىلە ئەيلەدى بۇ خىيال:

”ماڭا بۇ خۇدانىڭ ئەتاسى دۇرۇر،
ئەتا ئەيلەگەن مەرھەباسى دۇرۇر.“

ئانى دەر مەھەل كەلتۈرۈپ خانەگە،
ئۆزى كۆردى، كۆرسەتمەيىن يانەگە.

تۇتۇپ بۇرنىغە ئايىنە ئول زەمان،
تىرىكلىك نىشانى چۇ بولدى ئەيان.

قىلىپ ئول بابا ھەققە ھەمدۇ سەنا،
يەنە كەلتۈرۈپ شۈكر بىمۇنتەھا.

يۇگۇردى شەھەرگە دەۋا ئىستەبان،
مەزاجىغە لايىق غىزا ئىستەبان.

تاپىپ رەۋغەنى، كۇھنە بادامنى،
كى پەيدا قىلىپ شەربەتى جامنى.

يۇگۇردى مۇھەييا قىلىپ ئۇل بابا،
ئىلاجىن قىلىپ، ئەيلەپ ئۇل دەم دەۋا.

كى مالەش بېرىپ چەربى بادامغە،
تەلا ئەيلەدى ھەفت ئەندامغە.

مەزاقىغە يەتتى سۇچۇك شەربەتى،
تۇرۇپ بىر زەمانى قىزاردى بەتى.

دىماغىغە پۈركۈپ ئەبىرۇ گۇلاب،
بابا تەلمۈرۈپ باشدا تۇردى قاراپ.

زەمانى ئۆتۈپ ھۇشى بولدى پەدىد،
كى مەھزۇن ياتىپ ئەتسە ئۇردى شەدىد.

كۆزىن ئاچتى، كۆردى بۇ ئەھۋالنى،
باشدا تۇرۇپ ئۇل قەرى زالنى.

كېلىپ ئەقلىغە ئۇل زەمان چەكتى ئاھ:
"مەكان بولغان ئېركەن ماڭا بەتتى ماھ."

قوپۇپ ئولتۇرۇپ يىغلادى دەم-بەدەم،
ياقا تا ئېتەك ئەشكىدە بولدى نەم.①

① قولىيازمىدا "يەم" دەپ يېزىلىپ قالغان.



بابا سوردى: "ئەي نۇرى دىدەم بالام،
نېدىن بۇ بەلاغە قالىپسەن بۇتام؟

چۇ ئۆزنى بەلا چاھىغە تىقتىڭىز،
سەلامەت بالىق قارنىدىن چىقتىڭىز.

سەبەب نە ئىكىن سىزگە بۇ ھادىسە،
كى غەرق ئولماقىڭىغە نە دۇر بائىسە؟

تەۋەككەل قىلىپ تورنى سالغان زەمان،
سۇنىڭ قەئرىدىن ماھ بولدى ئەيان،

كىرىپ تورغە ئۇل، بىزگە بولدى نەسىب،
چىقاردىم ئانى، پارچە قىلدىم كېسىپ.

ئانىڭ بەتنىدىن سەنكى بولدۇڭ ئەيان،
ئەتا قىلدى بىزگە خۇدايى جەھان.

تىلەر ئېردىم ھەقدىن ھەمىشە ئوغۇل،
قەرىغاندا بولدى دۇئايىم قەبۇل.

بى بى بەتنىدىن بەرمەدى بىر خەلەف،
ماڭا رۇزگار ئېردى دۇرسىز سەدەف.

بالىق قارىدىن سىزنى قىلدى ئەتا،
كى فەرزەند بولۇڭ سىز، بولاي مەن ئاتا."

چۇ مەھزۇن بىلىپ ئۇشبۇ ئەسرارنى،
تۇرۇپ ئاڭلابان قەۋل-گۇفتارنى.

دىدى: "ئەي ئاتا، ئاڭلاغىل ھەسبى ھال،
فەلەكدىن يېتىپ باشغە تۇرفە سىگال.

ئاتام بار ئىدى دەھردە نامدار،
كى دۇنياسى ئېردى ھەزاران-ھەزار.

ھەمە قافىلە باشى ئېردى ئاتام،
نە باشىكى، زەر فاشى ئېردى ئاتام.

ھەلەبدىن كۆچۈپ نەچچە يۈز كارۋان،
يەمەن جانىبىغە چۇ بولدۇق رەۋان.

كىرىپ كېمەگە بولدىلار جا-بەجا،
رەۋان قىلدى كىشتىنى چۈن ناخۇدا.

قەزارا ئۆتتۈپ نەچچە كۈن، ئەستى يەل،
شەمالدىن يېتىپ بادبانغە خەلەل.



تەلاتۇم ئۇرۇپ سائىقە تا بەفەرق،
بۇزۇپ كىشتىنىڭ تەختەسىن قىلدى غەرق.

ئەدەم مەنزىلىگە كېتىپ كارۋان،
ھەمە شەيئى بولدى سۇ ئىچرە نىھان.

تۈشۈپمەن ساڭا مۇندا بالىق بىلە،
نە بالىق بىلە، ئەمرى خالىق بىلە.

بۇ مۆھلىك بەلادىن خۇدا ساقلادى،
ساڭا بىزنى تەڭرىم ئەتا ساقلادى."

بۇ سۆزنى دىدى، يىغلادى زار-زار،
سوراب: "ئەي ئاتا، ئۇشبۇ قايسى دىيار؟"

دىدى ئول بابا:"مىسىر شەھرى دۇرۇر،
ئەزىم بەھرىنىڭ ئۇشبۇ نەھرى دۇرۇر.

بۇ مەۋزىئ ئارا پىرى سەييادمەن،
كى سەييادلىق ئىچرە ئۇستاد مەن.

بۇ ئىشدا يېتىپ بىزگە رۆزانەئى،
نە بەرسە، قىلىپ ھەقغە شۈكرانەئى.

ياتىپ بىشە ئىچرە قەنائەت قىلىپ،
بىلۇر-بىلمەس، ھەققە ئىبادەت قىلىپ.

قارىغاندا بەردى خۇدا بىر خەلەف،
جەمالىڭ بىلە ئەمدى تاپتى شەرەف."

چۇ مەھزۇن دىدى: "ئاڭلاغىل ئەي پەدەر،
تەماشا قىلايكىم، ياۋۇقمۇ شەھەر؟"

دىدى ئۇل بابا: "ئەي بالام بارماغىل،
فىراقىڭ ئوتىن جانىمە سالماغىل.

يەنە ئۇلكى كۆرسەڭ شەھەرنى بۇ كۈن،
مەلالەتدە تۈشكەي كۆڭۈلگە تۈگۈن.

چىراكىم ساڭا بار ئىدى دەۋلەتى،
كى دۇنيا بىلە ئەيلەگەن ئىشرەتى.

كۆرۈپ شەيئىلەرنى بوزۇلغاي كۆڭۈل،
مەلالەت يېتىپ، بەلكى سىنغاي كۆڭۈل."

دىدى ئۇل: "كى تەقدىرغە چارە يوق.
خۇدا ئەمرىگە ھىچ ئىنكارە يوق.



سەياھەت قىلىپ ئەيلەيىن ئىنتقال،
كى بولسۇن ماڭا ئەمدى دەفئى مەلال."

كى بەردى ئىجازە بابا ئۇل زەمان،
شەھەر يولىغە بولدى مەھزۇن رەۋان.

تۇتۇلۇڭ ساقىيا، بىزگە جامى ۋىسال،
ئانىڭ كەيفىدە زاھىر ئولسۇن جەمال.

جەفاكارلار تاپقۇسىدۇر رەۋاج،
ۋە فادارلارغە جەھان بولدى داج.

ئەزەلدە ئەبەد دەھر گەردۇن ئىشى،
بەقاسىز جەھاندا فەنا ۋەرزىشى.

**بۇ ۋاقىئە ئانداغدۇركىم، ئۇل ۋەقتىكى گۈلنسانى ساندۇق بىلە دەرياغە تاشلاغاندا بىرنەچچە كۈن ئاقىپ، بەسرى شەھرىنىڭ كىشتىبانلارىغە ئۇچراغاندا، كىشتىبانىنىڭ سەردارى مىڭ تەڭگەگە ساتىپ ئالىپ، ساندۇقىنى ئاچىپ گۈلنسانى دىۋ شەكلىدە كۆرۈپ، بازارغە ساتقالى چىقارغاندا، جۇھۇد ۋەزىر ئالىپ، ئۇل ھەم بازارغە ئالىپ چىقىپ قويغاندا مەھزۇن ساتىپ ئالىپ گۈلنسا بىلە ۋەسل بولغانى**

بۇ ئەفسانەنى ئاڭلاگىز مۇستەمئ،
تەئەججۇپ قىلىڭ ئاڭلاغان مۇجتەمئ.

ئوشۇل ۋەقتىكىم گۇلنى قىلدى رەۋان،
بۇ ئەسرارنى بىلمەگەن ھېچ جان.

چۇ ساندۇق بىلە كەتتى دەريادا ئول،
ئاقىپ بەھرىنىڭ يۈزىدە ئوڭۇ سول.

چۇ ساندۇق يۈرۈپ بەسرى دەرياسىغە
يېقىنلاشتى ئول مۈلك مەئۋاسىغە.

سەفىنە يۈرۈتۈر ئىدى ناخۇدا،
كى بىر قولدا گۇرجەك، بىرىدە خادا.

بۇ ساندۇقنى كۆردى بەناگاھ بىرى،
كى زەۋرەقچە بىرلە كېلىپ ئىلگىرى.

تۇتۇپ دۇرجىنى سالدى چۈن كېمەگە،
كى ھەيرەت بىلە قالدى ۋاھىمەگە.

ھەمە ناخۇدالار چىقاردى سۈزۈپ،
كېمە سۇ يۈزىدە شەمالدەك يۈرۈپ.

چۇ دەريا قىراقىغە كەلدى كېمە،
چىقاردى بارىن، قالمادى ھېچ نىمە.



نە كۆردىكى ساندۇق مۇزەييەن ئېرۇر،
كى زەر ھەل بىلە بارچە ئەھسەن ئېرۇر.

كۆرۈپ بىر سىپاھ ئۇشبۇ ساندۇقنى،
زىيادە قىلىپ زەۋق ئىلە شەۋقنى.

تالاشتى بۇلاردىن ئانى ئول سىپاھ:
"ئەتا قىل ماڭا ھەققىدۇر پادىشاھ."

دىدى ناخۇدا: "سۇدا كەلگەن — مېنىڭ،
بۇ ساندۇق بىلە نە ئىشىڭ بار سېنىڭ؟!

ئىجارە بېرۈرمىزكى، بىكار ئەمەس،
يىراق بولكى، سەن بىزگە سەردار ئەمەس.

كى مىڭ تەڭگەنى ھەر يىلى بەرگۈمىز،
ئىجارە بىلە بىزگە بولدى تېگىز."

سىپاھ ئەيدى: "ئانداغ ئېسە، مەن ئالاي،
خەزايىنغە مىڭ تەڭگەنى مەن سالاي.

كى بۇ دۇرجىنىڭ ئەيلەگىل بەيئەتىن،
رىزالىق بىلە مەن بېرەي قىيمەتىن.

باری ناخۇدالار قىلىپ ئىتتىفاق،
ساتىپ دۇرجىنى قىلدى كۆزدىن يىراق.

ئالىپ بۇ سىپاھ ئۆيگە بولدى رەۋان،
كىرىپ خالىغە، قىلدى ئەلدىن نىھان.

بىلىپ گۇلنىسا ئانچىنان يىغلادى:
"كىشىنىڭ قولىغە تۈشۈپمەن" دىدى.

يايىپ ساچىنى ئۆزىنى يۆرگەدى،
كى پەشمىنە بىرلە تەنىن چۆرگەدى.

نىمە بار ئىكەن دەپ ئۇشۇقتى سىپاھ،
ئاچىپ ئاغزىنى سوگرە قىلدى نىگاھ.

نە كۆردىكى بىر دىۋ سۈرەت بىلە،
نىمەرسە ياتىپدۇركى ھەيبەت بىلە.

يۈرەك ئاغدى قورقۇپ، كۆرۈپ ئول مەھەل.
ئېتىپ ئاغزىنى ئەسلە قىلماي ھەيەل:

"بەلادۇر، مۇنى ئوت ئارا ئۆرتەمەك،
رەۋادۇر مۇنى ئورنىدىن يۆتكەمەك.



بەلانى ئېبەرمىش بۇ دەريا ئارا،
خەراب ئەتكۇسى چىقىپ ئۇشبۇ بەلا."

يەنە كۆڭلىدە فەھم قىلدى ئەۋان:
"مۇنى ئۆرتەسەم ماڭا بولغاي زىيان.

كى مەندەك يەنە خام تەمەئ باردۇر،
مۇنى ئالغالىكىم خەرىدداردۇر.

چىقارماق كېرەك ئەمدى بازارغە،
خەبەر ئەيلەمەك يار-ئەغيارغە."

ئالىپ كەلدى بازارغە دۇرجىنى،
ئۆزى ئولتۇرۇپ ئالدى بىر بۇرجىنى.

دىدى: "ئالماغان بارچە ئەرماندا دۇر،
كىشى ئالسە، ئاخىر پۇشەيماندا دۇر!"

يىغىلدى ھەمە ئەھلى بازارلار،
چىقىپ ھەر تەرەفدىن خەرىدارلار.

چۇ مەھزۇن كېلىپ شەھرگە ئول زەمان،
قىلىبان تەماشا تۇ يانۇ بۇيان.

بەناگاھ كۆزى تۆشتى بۇ جەمئگە،
ئەجەب سورۇ غەۋغا يىتىپ سەمئگە.

كېلىپ كۆردى مەھزۇن ئەلاماتنى،
خۇدا لۇتىق قىلغان كەراماتنى.

كۆزى تۆشتى ساندۇقغە ئول يارنىڭ،
قولغە تۆشۆپ يار ئەغيارنىڭ.

بۇ ساندۇقدا ئول گۇلنى قىلدى گۇمان،
كى زاھىر بولۇر دايە بەرگەن نىشان.

كى مىڭ تەڭگەگە ئالغالى يوق دەرەم،
يانىپ ئارقەغە، ئۆيگە قويدى قەدەم.

تەزۇررۇئ قىلىپ يىغلادى زار-زار،
ئۇمىد ئەيلەبان لۇتىق پەرۋەردىگار.

ئىشت سۆز، بۇ ساندۇقنى ئالدى ۋەزىر،
بېرىپ قىيمەتىنى، قىلىپ دەستىگىر.

چۇ ساندۇقنى ئېلتىپ ئۆيىگە جۇھۇد،
كى پىنھان تۇتۇپ، قىلدى ئەلدىن ھۇسۇد.



ئاچىپ دۇرجىنىڭ ئاغزىنى ئول زەمان،
نە كۆردىكى بىر دىۋ بولدى ئەيان.

كى ھەيبەت بىلە ھورمايىپ باقتى ئول،
ۋەزىر دەرمەھەل دۇرجدىن يىغدى قول.

يىقىلدىكى بىھۇش ئولۇپ ئول جۇھۇد،
كېتىپ تەڭگە ئەمدى، پۇشەيمان نەسۇد؟!

كېلىپ ئەقلغە بىر زەمانى ياتىپ،
دىدىكىم: "بەلانى ئالىپمەن ساتىپ."

دىدىكى: "يوق ئەتسەم زىيان بولغۇسى،
كى مىڭ تەڭگە بىزگە قاچان بولغۇسى.

كى بىر خام تەمەئ باردۇر مەن كەبى،
گۆزەرگاھدا چىققۇسى تالىبى."

چىقاردىكى بازارغە دۇرجىنى،
بۇ ساندۇقنى قويدى تاپىپ بۇرجىنى.

يىغىلدى خەلايىق ئەلالا قىلىپ،
يىراقدىن كېلىپ ئەل تەماشا قىلىپ.

چۈ مەھزۇن دىلى ئەيلەدى ئىزتىراب،
ئۇرۇپ ئاھلارنى شەھەرگە قاراپ.

دىدى: ”ئەي ئاتام، ماڭا رۇخسەت بېرىڭ،
شەھەرگە بارىشغە ئىجازەت بېرىڭ.

بۈگۈن مەن بارىپ بىر تەماشا قىلاي،
بۇ ئۆلگەن كۆڭۈللەرنى ئەھيا قىلاي.“

ئاتا ئول زەمان بەردى رۇخسەت ئاڭا:
”كېلىڭ تېز“، — دەپ بەردى مۆھلەت ئاڭا.

چۈ مەھزۇن يۈگۈردىكى ئاھۇ بولۇپ،
كى ھىجران ئوتىدا بەدەن سۇ بولۇپ.

كېلىپ دەرمەھەل ئول گۈزەرگاھغە،
كۆرۈپ دۆرجنى تۆشتى ئول ئاھغە.

قارار ئېردى ساندۇقغە ئول دەم-بەدەم،
ئالاي دىسە يوق كېسەسىدە دەرەم.

كى ھەيران بولۇپ ياندى ئول جايىغە،
ھەمول ماھىگىر جايى-مەئۋايىغە.



ئوشۇل ۋەقت مەھزۇن دىدى: ”ئەي ئاتا،
سالاي تورنى مەن دەريەغە بىخەتا.

ئەتا قىلسە بىزگە خۇدايىم نەسىب،
كەرەم بەھرى مەۋج ئۇرسا ئېرمەس ئەجەب“.

بابا دىدى: ”بارمۇ سىلىقلىك بالام،
قىلىپسەن ئۇلۇغ كارغە ئىھتىمام.“

كى مەھزۇن دىدى : ”تۆرفە ئۇستاد مەن.
شىكارى ۋە تۇججار، سەييياد مەن.“

چۈ مەھزۇنغە بەردى تورىنى بابا،
ئانىڭ ھەققىدە بابا قىلدى دۇئا.

تەۋەككەل قىلىپ باردى دەريا سارى،
بارىپ ئارقەسىدىن ئاتاسى قەرى.

سالىپ تورنى ھەققە قىلىپ ئىلتىجا،
تەزەررۇئ بىلە دىلدا ئەيلەپ دۇئا.

تۆشۆپ شول زەمان بىر بالىق سەيدگە،
كىرىپ تور ئارا تۆشتى ئول قەيدگە.

يەنە بىر بالىق چىقتى، بولدى ئەيان،
كېلىپ كىردى ئۇل تور ئارا ئۇل زەمان.

”چۇ ئەۋۋەلقى بالىق ئاتام ھەققىدۇر،
ئىككىنجىسى كەمپىر ئانام ھەققىدۇر.

ئۆزۈم ھەققىغە ئەمدى تورنى سالاي،
نە بەرسە خۇدايىم، ئانى مەن ئالاي.“

تەۋەججۇھ بىلە سالدى تورنى يەنە،
سۈزۈپ بىر زەمان مەيسەرە ـ مەيمەنە.

بەناگاھ تۈشۈپ تورغە بىر چوڭ سەمەك،
تۇتۇپ ئۇل زەمان ئۈچ بالىق يەك ـ بەيەك.

بالىقلارنى بارماق بىلە قىلدى ساف،
پىچاق بىرلە بەتنىنى قىلدى شىكاف.

ئۈچۈنجى بالىق قارنىدىن چىقتى دۇر،
ئەدەددە مۇنىڭ جەمئى ئون يەتتەدۇر.

چۇ مەھزۇن كۆرۈپ قىلدى ھەمدۇ سەنا.
خۇدا لۇتفىغە شۈكرى بىمۇنتەھا.



چىراكىم بۇ دۇرلەر ئۆزىنىڭ ئىدى،
تانۇپ، ھەققىغە ھەمدۇ سەنالەر دىدى.

بۇ دەرياغە تاشلاپ ئىدى ئۇل زەمان،
يۇتۇپ بۇ بالىق قىلغان ئېردى نىھان.

بالىق قارنىدا بۇ ئەمانەت ئىدى،
كى مەھزۇنغە ھەقدىن كەرامەت ئىدى.

قولىغە تۈشۈپ ئۇشبۇ دۇردانەئى،
قويۇپ باشىنى قىلدى شۈكرانەئى.

چۇ ئاندىن يۇگۇردىكى بازارغە،
دۇچار ئولماغاي دۇرج ئەغيارغە.

كېلىپ دەرمەھەل كىردى چارسۇ ئارا،
كۆزىگە كۆرۈندى مۇزەييەن سەرا.

تۇرۇپ ئاندا بىر خاجە جەۋھەر فۇرۇش،
نە جەۋھەر فۇرۇش، بەلكى گەۋھەر فۇرۇش.

ئانىڭ ئالدىغە باردى، قىلدى سەلام،
ھەمول ئاقساقال سوردى ئاندىن كەلام:

"ئەيتقىل نە دۇر ھاجەتىڭ، ئەي ئوغۇل؟
نە ئىش بۇيرۇساڭ مەن قىلايىن قەبۇل."

دېدى: "ئۇشبۇ گەۋھەرنى بەيئە ئەتكە مەن،
ئەگەر ئالماساڭ سەن، يانىپ كەتكە مەن."

بۇ گەۋھەرنى كۆردى جەۋاھىر فۇرۇش،
تەئەججۇب قىلىپ ئەيلەدى كۆپ خۇرۇش.

دېدىكىم: "بەھاسى نىدۇر؟ ئاڭلايىن،
ئالۇر ـ ئالماسىمنى كۆرۈپ چاغلايىن."

چۇ مەھزۇن دېدى: "بەيئى ئون مىڭ دەرەم،
بۇ قىيمەتدىن ئولماس بەھا ئەسلە كەم،"

"كى ئون مىڭغە ئالدىم" دېدى ئاقساقال،
"ھەلى مىڭنى ئال، قالغانىن ئەرتە ئال"

چۇ مەھزۇن ئالىپ مىڭ دەرەم دەرمەھەل،
دەرەملەرنى ساندۇقغە قىلدى بەدەل.

بىرىپ مىڭ دەرەمنى، ئالىپ دۇرجنى،
كۆتەردى ئۇچاغە تۇتۇپ بۇرجنى.



شەھەردىن چىقىپ جايىغە يۈردى ئول،
قىلىپ ئېھتىياتى، باقىپ ئوڭۇ سول.

ئۈزۈلدى خەلايىق ئەلالاسىدىن،
قۇتۇلدى جەھان ئەھلى غەۋغاسىدىن.

ئۆتەر يولدا بىر گۈنبەز بار ئىدى،
فەنا ئەھلىغە گويىيا غار ئىدى.

كىلىپ دەرمەھەل كىردى گۈنبەزغە ئول،
قىلىپ ئىزتىرابى، ماڭىپ چۇست يول.

تاپىپ ئاندا ئىستەپ خەلا بۇرجنى،
چۇ ئول خالى يەردە قويۇپ دۇرجنى.

كى ساندۇقنىڭ ئاغزىنى قىلدى كۇشاد،
كۆرۈپ گۈلنىسانى چىنان بولدى شاد.

چىقىپ دۇرجدىن يار جانانەسى،
سەدەف قارنىدىن چىقتى دۇر دانەسى.

قوشۇلۇپ ئىكەۋ يىغلادى زار-زار،
مۇرادىن تاپىپ ئول كۆنى ئىككى يار.

چۇ مەھزۇن دىدى: "ئەي كۆزۈم رەۋشەنى.
كۆكۈل باغىدۇر مەقدەمىڭ گۈلشەنى.

ئاتام باردۇر مۇندا بىر ماھىگىر،
فەقىر كارىدىن بىخەبەردۇر بۇ پىر.

قوپۇڭ تېزرەك، ئاندا ئەزم ئەيلەلى،
كى ئازادە جاي ئىچرە بەزم ئەيلەلى.

بۇ يەردە كىشى كۆرسە بولغاي يامان،
يېتەر باشىمىزغە ئۇلۇسدىن زىيان."

چۇ مەھزۇن تۇتۇپ گۈلنىسا ئىلكىنى،
بەجا كەلتۈرۈپ راھبەر سىلكىنى.

كېلىپ بابانىڭ جايىغە ئول زەمان،
ئاتاسى كۆرۈپ بولدى چۈن شادمان.

بۇلار چىقتىلار دۇرج ئاندا قالىپ،
چۇ تاشلاپ سەدەفنى، گۆھەرنى ئالىپ.

كى مەھزۇن دىدى: "سۆز بۇدۇر ئەي ئاتام،
ئىشىت ئولتۈرۈپ ئەمدى خەيرۇلكەلام.



ھەمە ماھۇۋەلۋاقىئە بۇ دۇرۇر،
مېنىڭ كەلمىشىمگە سەبەب بۇ دۇرۇر"

بابا ئاگلادى، يىغلادى زار-زار،
بۇلارغە قىلىپ خانىمانىن نىسار.

بابا گۈلنىساغە قىلىپ ئىھتىرام،
چۇ كەمپىر سۆيۈپ قويدى، قىلدى سەلام.

چۇ مەھزۇن دىدى: "ئەي ئاتا تېز بول،
نەچە كارنى بۇيرۇسام، قىل قەبۇل.

فەلانى جەۋاھىر فۇرۇشغە بېرىپ،
ئەيتغىل ئاگا، ئالدىگە قىچقىرىپ:

'كى ئوغلۇم ساگا ساتمىش ئىبردى گۆھەر
كى قالغان تۇمەننى ماگا تېز بەر'.

توقۇز مىڭنى بەرسە خىراجات قىل،
كى شاھانە ئەسباب-ئالات قىل.

مۇھەييا قىلىپ بارچەنى بۇ زەمان،
بولۇڭ مېھمانغە كېلىپ مىزبان."

بابا ئوغرادى دەر مەھەل ئاشۇقۇپ،
يۈگۈردى شەھەرگە يېقىلىپ-قوپۇپ،

جەۋاھىر فۇرۇشقە كېلىپ دەرمەھەل،
دېدى ئوغلىنىڭ سۆزىنى بىخەلەل.

توقۇز مىڭنى بەردى جەۋاھىر فۇرۇش،
قىلىپدۇر بابا خەرج قىلماققە جۇش.

نە دەپ ئېردى مەھزۇن، ئانى ئالدى پىر،
سەرەنجاملارنى قىلىپ دەستىگىر.

كۆتەرتىپ، كىرا بەردى ھەممالغە،
خەلايىق تەئەججۇب قىلىپ زالغە.

كېلىپ ئۆيگە سالدى مۇزەييەن بىسات،
بوزۇق كۆلبەسى بولدى جايى نەشات.

نەچە قىسمى نىئمەت، كەبابۇ شەراب،
قىلىپدۇر مۇھەييا مەيى لەئل ناب.

قارىغاندا بولدى بابا چۈن غەنى،
فەراغەت تاپىپ بەلكى كەمپىر زەنى.



جەھاننىڭ غەمىدىن فەراغەت تاپىپ،
بولۇپ مۇندا ئەيش ئىچرە راھەت تاپىپ.

بولۇپ ۋەسل مەھزۇن بىلە گۈلنىسا،
نەۋا تاپتى مۇندا ئىكى بىنەۋا.

نەچە كۈن ئۆتۈپ ئەيش-ئىشرەت بىلە،
نە كېچە، نە كۈندۈز مۇھەببەت بىلە.

چۇ بىر كۈن بۇلار ئەيلەدى مەسلەھەت،
دىيارىغە يانماق ئۈچۈن مەشۋەرەت.

دېدى: ”ئەي ئاتا راست قىل زادە راھ،
كى بىچارە فەرزەندىڭە بول تەباھ.

سەفەر جابدۇغىنى مۇھەييا قىلىڭ،
كى بىزگە زەمانى مۇۋاسا قىلىڭ.

ئالىپ بىر سەمەندى، بېرىڭ سىيم-زەر“
چۇ ئاڭلاپ بۇ سۆز، ئاھ ئۇردى پەدەر.

دېدى: ”ئەي بالام، مەن سۆزۈڭگە قولاق
سالىپمەن، كېلۇر بۇيى دەردۇ فىراق.

مىنىڭ بىرلە قىلماق نېدۇر خەيرباد؟
مىراقىڭنى قىلدىڭ ئاتاڭغە زىياد.

نە بولغاي نەچە ۋەقت تۇرساڭ بالام!
ئەلفدەك قەددىمنى غەمىڭ قىلدى لام.“

بۇلار ئەيدى: ”رازى بولۇڭ ئەي ئاتا،
سەبەب سىز بولۇپ، بولدى مەقسەد ئەدا.

جەھاندا مىنىڭ ئىستەگىم بۇ ئىدى،
خۇدادىن دەۋام تىلەگىم بۇ ئىدى.

سەبەب بىرلە يارىمغە بولدۇم ۋىسال،
خۇدا لۇتف ئېتىپ، مۇندا كۆردۇم جەمال.

بولۇپ ئارزۇ بىزگە ئەمدى دىيار،
كى ئۆز شەھرىمىز ئىچرە تاپساق قەرار.“

مۇنى دەپ تەۋەللا قىلىپ پىرغە،
تىلىنى ئاچىپ ئۆزر-تەقسىرغە.

سەفەر جابدۇغىنى قىلىپ ئول بابا،
مۇھەييا قىلىپ بارچەنى جا-بەجا.



بابا بىرلە قىلدى بۇلار خەيرباد،
چۇ يىغلاپ قالىپ بۇ فەقىر نامۇراد.

يۈرۈپ يولغە كىردى بۇلار خۇبلاشىپ
قۇيۇندەك كېتىپ ئارغادالدىن ئاشىپ.

قىلىپ تەي بەيابانىنى سۈرئەت بىلە،
يۈرۈپ كېچە-كۈندۈز مۇھەببەت بىلە.

ئۆتۈپ نەچچە كۈن، كەلدى ئەبھارغە،
نە ئەبھار، دەرياىي خۇنخارغە.

بۇ دەريادا كىشتى مۇھەييا ئەمەس،
كىشى كېمەسىز كىرسە ئەھيا ئەمەس.

كى ئۆتمەك ئىلاجىغە قىلدى خىيال،
ياسادى ھەمانا قومۇش بىرلە سال.

ھەمە لازىم ئامەدنى سالغە سالىپ،
بۇ دەريا قىراغىدا ئاتلار قالىپ،

ئاقىپ يۈردى دەرياغە بۇ ئىككى يار،
كى ”لا ھەۋلە“نى ئەيتىبان بىشۇمار.

ئەيا ساقيا، جامى ئەبهار تۇت،
كەرەم بەھرىدىن مەينى بسيار تۇت.

ئىچىپ بەھرى مەي ئىچرە غەۋۋاس ئولاي.
تاپىپ دۇررى مەقسۇد، ئاڭا خاس ئولاي.

ئەگەر بولسا ئۆمرۈم ھەياتى مۇقىم،
بولۇرمەن بۇ سال ئۈستىدە مۇستەقىم.

**مەھزۇن بىلە گۈلنسا ئول ماھىگىرنىڭ سەبەبى بىرلە تاپىشىپ ئۆز ۋىلايەتىگە ئەزم قىلغانىدا نەچچە كۈن مەنزىل - مەراھىل تەي قىلىپ دەرياغە يېتىپ كېلىپ ئۇلاغلارىنى دەريا ياقا- سىدا قويۇپ سال باغلاپ دەرياغە تۈشكەنىدە نەھەڭ ئۇرۇپ بۇلار غەرق بولغانى، گۈلنسا تەختە پارەدە قالىپ ئول تەختە پارەنى سۇ چايقاپ تاشلاغاندا گۈلنسا سەلامەت چىقىپ دەريا قىراغىدا ئولتۇرغاندا پادىشاھ مىسرى شىكار ھالەتىدە كېلىپ كۆرۈپ گۈلنسانى فەرزەند قەتارىغە ئالىپ مىسرغە پادىشاھ قىلغانى**

ئەجەب ۋاقىئە مۇندا تاپمىش زۇھۇر،
يېتەر ئانچە غەم، يەتسە بىر كۈن سۇرۇر①.

① قوليازما نۇسخىدا كاتىپنىڭ سەھۋەنلىگىدىن "سەرىر" دەپ يېزىلىپ قالغان.



فەلەك رەشك ئەيلەپ ئىكى يارغە،
يەنە تۇردى دەريادا ئازارغە.

چۇ دەريا تەھىدىن چىقىپ بىر نەھەڭ،
ئۇرۇپ سالغە قۇيرۇغىن بىدەرەڭ.

قىلىپ پارە-پارە بۇلار سالىنى،
كى دەرياغە غەرق ئەيلەبان مالىنى.

فۇرۇ كەتتى ئەشيا تۈشۈپ قەئرىگە،
بۇلار ئاقتى تەختە بىلە بەھرىگە.

بولۇپ گۈلنسادىن كى مەھزۇن جۇدا،
جۇدالىقنى سالدى بۇلارغە خۇدا.

ئاقىپ گۈل سۇدا كەچغىچە دەرد ئىلە،
مۇناجات ئېتىپ چېھرەئى زەرد ئىلە.

بىناگاھ سۇ چايقاپ چىقاردى گۇزار،
كى دەريا قىراغىدا ياتتى نىگار.

كېلىپ ھۇشغە ئۆزنى ئالدى كېيىن،
ئەزىز جانغە ئانچە بولدى قىيىن.

ئۆتۈپ بۇ كېچە بولدى خۇرشىد فاش،
سەما ئەۋجىگاھىدا تۇردى قۇياش.

كى بىر خۇشكىدا ئولتۇرۇپ ئېردى ئول،
تەۋەھھۇم بىلە باقىبان ئوڭۇ سول.

كى مەھزۇن فىراقىدا كۆپ يىغلادى،
كى خۇرشىد تابىدىن ئىسسىغلادى.

تۇرۇپ ئېردى ھەيرەتدە ۋادى ئارا،
كېلۇر بىر تەرەفدىن ئەجەب ماجەرا.

تۇرۇپ گۇلنىسا ئانچە ۋەھشەت بىلە،
ئىشىتتى ئەلالاكى سۇرئەت بىلە.

سۇزۇلدى جەھاندىن ئەلاماتى گەرد،
قاچىپ، پۇتراشىپ يىلبەسۇن ئەھلى دەرد.

ئانىڭ كەيىندىن بولدى پەيدا جۇنۇد،
ئېتىپ كورد كەۋزەننى ئەيلەپ نەبۇد.

چىقىپ كەلدى ئول دەم كى بىر تاجدار،
كى سىننى-سەلاتەتدە ئول شەھرىيار.



تۇشۇپ شاھنىڭ كۆزىگە گۇلنىسا.
تۇرۇپ ياخشى سۇرەت بىلە بىر فەتا.

ئۆزىنى ياساپ ئېردى دىۋانەۋار،
كېلىپ لەفز قىلدى ئاگا تاجدار.

دىدى: ”ئەي ئوغۇل، سەن نىچۈك ئادەمى؟
يېتىپ [دۇر] باشىڭغە جەھانىنىڭ غەمى.

نىچۈك ۋاقىئە مۇندا بۇلدۇڭ غەرىب،
بۇ دەريا لەبىدە تۇرۇپ سارغارىپ“

دىدى گۇلنىسا: ”ئەي شەھى كامكار،
يېتىپ بۇ فەلەكدىن ئەلەم بىشۇمار.

ئاتام بار ئىدى باي سەۋداگەرى،
كى بىسيار ئىدى نەقد سىيمۇ زەرى.

ھەمە كارۋان باشى ئېردى ئاتام،
ئىدى زىر دەستى قەۋافىل تەمام.

كېرىپمىز ھەمە كارۋان كېمەگە،
كى ساكىن بولۇپ كېمەدە خىيمەگە.

کی بەرپا قىلىپ خېيمەئى شاميان،
قىلىپ باشقە ئول خېيمەنى سايەبان.

بىناگاھ ئېسىپ ئاندا بادى خىلاف،
ئۆزۆپ كېمە بەندىنى قىلدى شىكاف.

فۇرۇ كەتتى دەرياغە مەللاھلار،
کی لۇقمە قىلىپ ئانى تىمساخلار.

بولۇپ غەرق ئولدىكى مالۇ مەنال،
خەلايىقنىڭ ئۆمرىگە يەتتى زەۋال.

قالىپمەن کی بىر تەختە پارە ئۆزە،
کی سۇ تاشلادى سەڭگىخارە ئۆزە.

تۇرۇپ ئېردىم ھەيرەت بىلە سارغارىب،
کی سىزنى خۇدا بىزگە قىلدى نەسىب“

ھەمول شاھغە يوق ئىدى بىر بالا،
كۆڭۆلدە بالا دەردىگە مۇبتەلا.

کی شۇکر ئەيلەبان ھەقغە ئول پادىشاھ:
”قەرىغاندا قىلدىڭ ئەتا ئەي ئىلاھ“



كۆڭۆلدە كەچۇردى: ”بالا ئەيلەيىن،
کی ئول ھەر نە دىسە ئەتا ئەيلەيىن“

دىدى: ”بىزگە بولغىل ئوغۇل، ئەي جەۋان،
شەھەرگە مېنىڭ بىرلە بولغىل رەۋان.

ئىشىت ئەي بالام، مىسرىغە شاھمەن،
ۋىلايەتنىڭ ئەھلىدىن ئاگاھمەن.

يېتىپ ئۆمر ئاخىرغە، يوقتۇر خەلەف،
قىلىپ ھەق ۋۇجۇدۇمنى دۇرسىز سەدەف“.

دىدى گۆلنىسا: ”مەندە يوق ئىختىيار،
ھەمە ئىشنى خوبراق بىلۇر شەھريار.

يېتىمگە ئاتا بولسە ئالىجەناب،
کی فەردا قىيامەتدە بىھەد سەۋاب“

بولۇپ شاد خۇررەم شەھى باكەرەم،
شەھەر جانىبىگە قويۇپدۇر قەدەم.

شەھەرگە ئالىپ كەلدى ئىززەت بىلە،
ئاگا پەرۋەرىش قىلدى ھۆرمەت بىلە.

ئۆتۈپ نەچچە مۇددەت بولۇپ شادمان،
بولۇپ شاھ بىچارەگە مېھرىبان.

كى فەرمان قىلىپ بىر كۈنى پادىشاھ:
"يىغىلسۇن ھەمە ئادەمى نىكخاھ.

شەھەر خوبلارى بىرلە بار مەسلەھەت،
كېلىپ ئەيلەسۇن بىز بىلە مەشۋەرەت."

ئوشۇل ۋەقت كەلدى ھەمە فەۋج-فەۋج،
كى ئوردايى ئالى ئارا تۇتتى ئەۋج.

كى ئىجلاس ئېتىپ شاھى ئالى مەقام،
رەئايا ئارا ئەيلەدى جىش ئام.

دېدى: "ئەي خەلايىق، خىيالىم بۇدۇر،
كى سىزلەر بىلە قىلىۇ-قالىم بۇدۇر.

خۇدا بىزگە فەرزەند قىلدى ئەتا،
يېتىپ پىرلىق بولدۇم ئەمدى فەنا.

كى تەخت ئۆزرە ئولتۇرسە ئۇشبۇ خەلەف،
ئانىڭ مەقدەمىدىن يېتەر كۆپ شەرەف"



رەئايا ھەمە كۆردى مەئقۇل ئانى،
قىلىپ بارچە شەھلىقغە مەقبۇل ئانى.

بولۇپ ئول زەمان تەخت ئۆزە تاجدار،
ھەزىن گۈلنىساغە بولۇپ بەخت يار.

كى بولدى ھەمول شاھ ئىززەت نىشىن،
ئاڭا تاپشۇرۇپ تاجۇ تەختۇ نىگىن.

ئۆتۈبان بىر ئاي شاھ بولدى ۋەفات،
تىرىكلىكنى تەرك ئەتتى، بولدى مەمات.

ئانىڭ جىسمىنى دەخمەگە تاپشۇرۇپ،
كى تەخت ئۆزرە ئول گۈلنىسا ئولتۇرۇپ.

ئاتا ماتەمىدىن فەراغەت تاپىپ،
كى مەھزۇن ئۆچۈن مىلك خىجالەت تاپىپ.

تۇرۇپ گۈلنىسا ئەيلەدى يارلىغ:
"ئانى كەلتۈرۈڭ كىمكى ئازارلىغ.

كى دەرۋازەگە ھەر مۇسافىر كېلۇر،
ئانى مۇندا كەلتۈر، نە سۆزلەر قىلۇر".

ئانىڭ ھۆكمىچە كەلتۈرۈپ ھەر كۈنى،
قىلىپ ئىلتىفات، ئانچە چىقماي ئۈنى.

ئايا ساقىيا! راھ قىلغىل كەرەم،
كۆڭۈل شاھىدىن ئايرىسۇن دەرد-غەم.

ھەمە دەردىدىن بىزنى قىلسۇن نەجات،
ئەتا ئەيلەگەي يار ۋەسلىنى پات.

بۇ ۋاقىئە ئانداغدۇر كىم، مەھزۇن بىچارە مەجنۇن ئەۋارە دەريادا تەختە پارە ئۈزرە قالىپ يەتتە كۈندىن كېيىن سۇ ئانى بىر قۇملۇققە چايقاپ تاشلاپ، مۇشەققەتلەر بىلە تاھىر ئەرەبگە مۇلاقات بولۇپ ئىرادەئى ئەزەلى بىلە مىسىر جانىبىغە ئەزم ئەيلەپ، گۈلنسا بىلە تاپىشقانى

چۇ مەھزۇن قالىپ بەھردە يەتتە كۈن،
ئاقىپ سۇدا تىنماي نە كۈندۈز، نە تۈن.

بىناگاھ سۇ چايقاپ چىقاردى ئەنى،
چىقىپ قۇم يۈزىگە چۇ نازۇك تەنى.

چىقىپ خۇشكىغە مىڭ مۇشەققەت بىلە،
جەزىرە ئارا كەلدى مىھنەت بىلە.



لىباسىنى سالدى قورۇتماق ئۈچۈن،
غىزا ئىستەبان قۇۋۋەت قىلماق ئۈچۈن.

غىزاسى بولۇپ ئاندا بىخۇ گىياھ،
كىرىپ يولغە ئول دەم چىكىپ ئوتلۇغ ئاھ.

تەۋەككەل قىلىپ كىردى ئول دەشت ئارا،
يولۇقماي ئاڭا ھىچكىم گەشت ئارا.

قەدەم قويدى بىر-بىر باسىپ نەچچە كۈن،
كى ئاچلىق بىلە قەددى بولمىش نىگۈن.

چىكىپ ئاھۇ ئەفغان، قىلىپ نالەلەر،
كى ئول ۋادىدا چىقتى بۇتخانەلەر.

نەچە كۈن يۈرۈپ كەلدى بىر جايغە،
ھەمول جاي تەئىين ئىدى بايغە.

ئەرەبگە قەبىلە ئىدى ئول ۋىساق،
يېتىپ كەلدى مەھزۇن ساھىب فىراق.

كى بىر ھويلى دەرۋازەسىغە كېلىپ،
زەمانىكى ئولتۇردى باشىن سالىپ.

چىقىپ كەلدى ئۆينىڭ ئىچىدىن كەنىز،
قەبايىل ئېلىدەك لىباسى كىڭىز.

دېدى: ”ئەي مۇسافىر، كوجا ئامەدى؟
ئازىپ يولنى مۇندا كېلىپسەن“ — دېدى.

”كەرەسىنە بولۇپمەن، غىزا قىل ئەتا،
ماڭا نەچچە كۈندۈر، يىمەپمەن غىزا“

دېدى ئول كەنىز: ”بار مېنىڭ ھاجەتىم،
كى مەغلۇبمەن، ئول ئېرۇر غالىبىم“

كىرىپ ئول كەنىز بايىغە قىلدى خەبەر،
مۇسافىرنىڭ ئالدىغە چىقتى بەدەر.

ئانى باشلادى ئۆيگە ئول ئاقساقال.
كىرىپ ئاندا بىچارە مەھزۇن مەلال.

خاجە سوردىكىم: ”ئەي مۇسافىر يىگىت،
ھەمە سەرگۈزەشتىڭنى بىزگە ئەيىت.

كى قايسى چەمەننىڭ گۈلى بولدۇڭۇز،
قايۇ باغنىڭ بۇلبۇلى بولدۇڭۇز؟



نە دەپ كەلدىڭىز مۇندا نە ھادىسى،
بۇ يەڭلىغ يۈرۈشنىڭ نېدۇر بائىسى؟“

چۇ مەھزۇن دېدى: ”نەسلى تۇججارمەن،
تۆمەن زەر بىلە ئەھلى بازار مەن.

ئاتام بار ئىدى ئۆزى ئانچە غەنى،
يۈرۈر ئېردى ئالىپ سەفەرگە مېنى.

قەزارا كىرىپمىز سەفىنە ئارا،
كىرىپ مال ئانداغ خەزىنە ئارا.

چۇ دەريا ئىچىدىن چىقىپ بىر نەھەڭ،
كى ئەژدەر بىلە ئول قىلىپ ئېردى جەڭ.

ئۇرۇپ پارە-پارە قىلىپ كېمەنى،
كى غەرق ئەيلەدى قويماي ھېچ نىمەنى.

فۇرۇ كەتتى دەريا تېگىگە ھەمە.
كېمەدىن نىشان قالمادى ھېچ نىمە.

كى بىر تەختە ئۈزرە كېلىپمەن ئاقىپ،
خۇدا يول بېرىپ ئاخىرىدىن چىقىپ.

كېزىپ دەشتلەرنى كېلىپمەن ھارىپ”
بۇ سۆزنى دىبان يىغلادى يالبارىپ.

دىدى ئول خاجە: ”كەلدىڭىز مەرھەبا!
بۇيان كەلتۈرۈپسىز قەدەمنى سەفا.

بۇ دۇر شامنىڭ ئۆلكەسى، ئەي ئوغۇل،
ئاتا مەن بولاي مۇندا، قاشىمدا بول.

ئاتىمدۇر مېنىڭ خاجە تاھىر ئەرەب،
بېرىپدۇر خۇدا مۇنچە فەزلى ھەسەب.

كى باردۇر ماڭا ئانچە مالۇ مەنال،
چۇ يايلاق ماڭا ئۇشبۇ دەشتۇ جىبال“

بۇ سۆزلەرنى ئەيتىپ مۇۋاسا قىلىپ،
ئالىپ كەلدى نىئمەت مۇھەييا قىلىپ.

تەناۋۇل قىلىپ تۇئمەنى ئول ھەزىن،
بولۇپ سىير، دەپ ھەمد جان ئافەرىن.

تۇرۇپ نەچچە كۈن ئول غەرىب قاشىدا،
كېچە-كۈندۈز ئول زار كۆز ياشىدا.



چۇ تۇغيان قىلىپ گۇلنىسانىڭ ئوتى،
جەھان بولدى گويا كۆزىگە قۇتى.

چۇ يىغلاپ دىدى بىر كۈنى: ”مەن كېتەي،
ئىجازەت بېرىڭ، مەقسەدىمگە يېتەي“.

خاجە ھەم ئىجازەت بېرىپ زارغە،
قىلىپ خەير باد، كىردى رەفتارغە.

شەھەردىن-شەھەرگە بولۇپ بىنەۋا،
چېكىپ ھەر زەمان يار ئۈچۈن ئاھ-ۋا.

نەچە كۈن، نەچە ئاي ئۆتۈپ سائەتى،
رىيازەت چېكىپ خەم بولۇپ قامەتى.

بىناگاھ يېتىپ مىسرنىڭ شەھرىگە،
كېلىپ تۇردى ئاندىن لەبى نەھرىگە.

ئوشۇل ۋەقت ئىدى ئىككى خادىم كېلىپ،
ئانىڭ كەيىندىن كۆپ مۇلازىم كېلىپ.

دىدى: ”ئەي مۇسافىر، يۈرۈك شەھرگە
ئەگەر بارماساڭ ئۇچراغۇڭ قەھرگە“

كى مەھزۇن دىدى: "بۇ نە يەڭلىغ ئۇمۇر؟
ئەلەمكەش باشىمدا تاپىپدۇر زۇھۇر.

كى فۇرقەت كۈنىنىڭ بەلاسىن مۇدى؟
چۇ ھىجران تۈنىنىڭ جەفاسىن مۇدى؟

فەلەكدىن نەلەر كەلدى بۇ باشىمە،
داغى ئىشق ئارا ئۇشبۇ پاداشىمە.

نە كەلسە كۆرەي بۇ فەلەكدىن ماڭا،
كى رازى بولاي شەكۋە قىلماي ئاڭا"

شەھەرگە كېلىپ بۇ خەلايىق بىلە،
كىرىپ ئورداغە بۇ رىزالىق بىلە.

خەبەر ئول زەمان يەتكۈزۈپ شاھغە،
غەرىبنى كەلتۈردى دەرگاھغە.

خىرامان چىقىپ تەختغە پادىشاھ،
كۆرۈنۈش بېرىپ، ئاچتۇرۇپ بارگاھ.

مۇسافىرنى ئالدىغە ھازىر قىلىپ،
كى باقتى ئاڭا كۆزنى نازىر قىلىپ.



بىرى بىرگە سالدى نەزەر ئىككى يار،
گۇمان قىلدى ھەر ئىككى ئەيلەپ نەزار.

غەرىبدىن سوراپ شاھ ئەھۋالنى،
فەلەكدىن يېتىشكەن يامان ھالنى:

"ئاتىڭ نە دۇرۇر، ئەي مۇسافىر جەۋان،
دىيارىڭ قەيەردۇر؟ ماڭا قىل بەيان.

نېدىن مۇنچە مىھنەتكە بولدۇڭ قەرىبە
ساڭا نە بولۇپدۇر فەلەكدىن نەسىب.

ئەيىتغىل ماڭا سەرگۈزەشتىڭ تەمام،
قوبۇپسەن فەنا ۋادەسى ئىچرە كام"

چۇ مەھزۇن تەھىييەت ئەدا ئەيلەدى،
ھەمول شاھغە جان فىدا ئەيلەدى.

دىدى: "ئەي شەھەنشاھ، مەھزۇن مەنەم،
كى بىر يار يادىدا مەجنۇن مەنەم.

كى فەرزەندىمەن خاجە مەسئۇدنىڭ،
يېتىم بەندەسى شاھ مەئبۇدنىڭ.

كى مەهبۇب ئېردى ماڭا گۇلنسا،
هەمە خوبلاردىن ئىدى دىلرەبا.

فەلەكدىن يېتىپ ئىككىمىزگە ئەلەم،
ئانىڭسىز ماڭا يۇزلەنىپ دەردۇ غەم"

هەمە ۋاقىئەلەرنى ئەتتى بەيان،
بۇ ئەسرارلار شەهغە بولدى ئەيان.

كى ئول شاه ساچراپ قوپۇپ تەختدىن،
تۇشۇپ يەرگە ئول تەخت ئارا رەختدىن.

كۆرۇشتى كېلىپ يار مەهزۇن بىلە،
ئانىڭدەككى لەيلىيۇ مەجنۇن بىلە.

تۇتۇپ ئىلكىدىن ئىچكەرى باشلادى،
كۆرۇپ يارنى تەختنى تاشلادى.

تانۇپ بىر بىرىنى چۇنان يىغلابان،
نىهان ئىشلارىنى قىلىشىپ ئەيان.

كى ئەركان دەۋلەتكە بەردى خەبەر:
"كى مەزلۇم ئىدىم، چۇن يېتىپ كەلدى ئەر.



ماڭا ئاربيەت ئېردى تەختۇ نىگىن،
كى تەخت ئۆزرە بۇ بولۇر مۇتمەئىن.

قويۇپ باشىغە تاج شاهانەئى،
كى تاجىغە دۇرج ئەتتى دۇردانەئى.

تەئەججۇپ قىلىپ خەلق بۇ كارنى،
سۇكۇتلار بېرىپ قىلدى ئىقرارنى.

مۇسائىد زەماندا چىقىپ تەختكە،
ئۇلاندى ئەجەب تەخت ئىلە بەختكە.

كىرىپ گۇلنىسا هوجرەئى خاسىغە،
نىهان گەۋهەرىن بەردى غەۋۋاسىغە.

قىلىپ قىرق كۇن تويى شاهانەئى،
كى ئەقد ئەيلەبان ئالدى جانانەئى.

خەلايىققە ئەيلەپ داغى جەيش ئام،
ئەدالەت بىلە قىلدى ئۆزىگە رام.

كى ئېهسان بىلە بارچەنى قىلدى شاد،
تۇمەن هەمد بىرلە قىلىپ هەقنى ياد.

جەھاندا مۇرادىن تاپىپ ئىككى يار،
بۇلارغە بولۇپ لۇتفى پەرۋەردىگار.

ئەدالەت بىلە سوردى ئول دادخاھ،
بولۇپ ئاقىبەت مىسرغە پادىشاھ.

تەمام ئولدى بۇ قىسسە شىرىن كەلام،
مۇھەببەت سۆزى بىرلە بولدى تەمام.

ئەزىزا! جەھان كارىدۇر بىسەبات،
ئەدەمگە چىكەر بارچە ھەسبۇ ھەيات.

يەتۈرسە ئەگەر زەررەئى شادلىق،
تۈمەن غەم بىلە قىلغاي ئابادلىق.

كىشى كىم مۇھەببەتكە ۋابەستە دۇر،
كى جانۇ دىلى ئانچۇنان خەستەدۇر.

ھەقىقەت مۇھەببەتكە قويغىل قەدەم،
مەجاز ئەھلىنىڭ ئاھۇزارى ئەدەم.

مەجازىدا كىم بولسە چۈن پاكرەك،
ھەقىقەت ھىسابىنى قىلغاي دەرەك.



ئاياقچى، ماڭا جامى گۇلگۇن تۇت!
ئانىڭ لەمئەسىدىن كۆڭۈلنى ئاۋۇت!

ئانى سىپقارىپ بارچەدىن فەرد ئولاي،
ھەمە دەرد ئەھلىگە ھەمدەرد ئولاي.

تاپاي چۈن فەنا قافىغە شاھ راھ،
سەئادەت ھەرىمىنى ئەيلەي پەناھ.


رابعه



**ئول ئاشقى زارۇ ناتەۋان سەئدىن پۇر ھەزىن ۋە مەئشۇقەئى بىقەرار، بىخانىمان رابىئە بىۋايە تەئرىفىدە سۆز ئاغاز قىلماق ۋە ئۇلار ئەھۋالىدىن ئەۋراق سەفھەسىگە نەزم سىلكىدە قەلەم سۈرمەك ۋە سەئدىن رابىئەنىڭ ئىشق سىلسىلەسىغە گىرىفتار بولغاندا، ئاتاسى ئەقد جانىبىدىن تەكەللۇم سۈرمەك ۋە رابىئەنىڭ ئاتاسى ئانىڭ جەۋابىغە تىل سىنانى بىرلە تەزەللۇم ئەيلەمەك**

خىرەد فىكرىن ھەر يان رەۋانە قىلۇر،
بۇ يەڭلىغكى شىرىن فەسانە قىلۇر.

ۋەرەق ئۈزرە ئانداغ يازىپدۇر رەقەم،
مىداد جۇش ئەيلەپ چىكىپ ئۈن قەلەم.

دىلۇجاندا ئاڭلا مۇنى ئەھلى دەرد،
قايۇ ئەھلى دەردىكى ئىشق ئىچرە فەرد.

بىلادى مۇئەييەن ئىرۇر كاشغەر،
كى ئاشقلارىدىن ئىشتكىل خەبەر.

بەسى دەرد سۇزۇ ئەجايىب سۇخەن،
مەگەر لەيلى-مەجنۇن نەۋايىب سۇخەن.

كى مەئشۇق-ئاشىق سۆزىدۇر تەمام،
كېتىپدۇر جەھاندىن بۇلار بىمەرام.

ۋەفا مەئدەنىنىڭ ئېرۇر گەۋھەرى،
سەفا مەخزەنىنىڭ غەرىب جەۋھەرى.

قويۇپ ئىشق ۋادى ئارا چۇن قەدەم،
كى ناكامىلىقدا بولۇپدۇر ئەدەم.

مەيى ئىشقىدىنكىم كىشى نۇش ئېتەر،
كېتەر ئۆزلۈگىدىن، جۇنۇن جۇش ئېتەر.

ئەگەر ئىشق ئېسىدىن بوي ئالسە دىماغ،
مەكانۇ زەماندىن تاپار ئول فەراغ.

كىشى ئىشقىدىن گەر تاپار مائىدە،
ئاڭادۇركى يەكسان زەرەر فايىدە.

ۋە گەر كىم دىل ئىچرە ئوتىن ياندۇرۇر،
كى غەيرىئەز خۇدا كارىدىن تاندۇرۇر.



كىمەرسە بار ئېردى ئۆزى ھەق تەلەب،
ئىبادەتدە بولغان ئىشى رۇز-شەب.

كى تەسبىھ دانە قولىدا ئىدى،
ھەمىشە فەنانىڭ يولىدا ئىدى.

شەھەردىن يىراغراق ئىدى مەسكەنى،
بولۇپ كۆكچى ئاتى ھەمول مەئمەنى.

بىرەۋ كىم تەناسۇل بولۇپ زادىدىن،
ھەنۇز سالىم ئېردى ئەجەل بادىدىن.

كى ئىبراھىم ئولمىش مۇسەمما ئاڭا،
ئىدى دىن ئىشىدا تەمەننا ئاڭا.

كى سەئدىن شىكەستە ئاڭا پۇر ئىدى،
ۋەلى ئىشق ئوقى بىرلە مەھجۇر ئىدى.

جەھانسازلىقدىن ئول ئېردى يىراق،
گۇداز ئەتتى ئانى سەمۇمى فىراق.

نەكىم بىر پەرىغە بولۇپ ئول ئەسىر،
جەرىھ ئەتتى مىژگانلارى مىسلى تىير.

چۇ دەردىگە مەرھەم تاپا ئالمايىن،
سىتەمگەر جەھاندىن ۋەفا ئالمايىن.

تۇتۇپ رازىنى ئول ئۇلۇسدىن نىھان،
گىرىھ غۇنچە يەڭلىغ ئىچى ئىبردى قان.

داغى غافىل ئولمىش مۇنىڭدىن ئاتا،
بىلىپ ئەرز-ھالىن ۋەفالىغ ئانا.

دىدى شەۋھەرىغە بۇ ئەسرارنى،
تەلەب قىلمادى ھەم ئاڭا يارنى.

كى ھىجران ئوتىدىن تاپالماي ئەمان،
بولۇپ زىكرى ئانىڭ مۇدام ئاھ، جان.

زەئىف ئولدى جىسمى، يۈزى كەھرەبا،
بىلىپ، لىك سىررىن مەلىھ دىلرەبا.

ھەمول دىلرەبا كىم ئاتى رابىئە،
كى سەئدىنغە كۆڭلى ئىدى تابىئە.

سەباھەتدە گويا يۈزى گۇل ئىدى،
لەبى لەئلى، شىرىنلىغى مۇل ئىدى.



قاتار كىرپىگى ئوق، قاشى ئىردى يا،
كۆزى جادۇ، ساچى بىغايەت قارا.

قەدى گۇلشەن ئىچرە چۇ نەۋرەس نىھال،
نۇقەت يەڭلىغ ئىردى ئۇزارىدا خال.

ئاتا يەئقۇب ئولمىش گىرىفتارى دۇن،
دىلىن سەيد قىلغان جەھان پۇر فۇسۇن.

چۇ ئاگاھ بولدى قىزى ھالىغە،
قولاق تۇتمادى ھىچ ئانىڭ قالىغە.

كى سەئدىننى قىلدى فىراقى خەراب،
قىلىپ ئىشقى ئوتى ۋۇجۇدىن كەباب.

دىسە ئاھ، ئۆرتەپ ھەرارەت ئوتى،
فەلەككە ياپۇشتى شەرارەت ئوتى.

قىلىپ ھەجر تىغى ئانى زەخمناك،
كى سەۋسەن گۇلدەك بولۇپ باغرى چاك.

پەرىۋەشنى كۆرمەك قىلىپ ئىزتىراب،
بارۇر ئىردى گاھى ئۆيىگە ماراپ.

تۇلۇئ ئەتسە ناگاھ سەئادەت كۈنى،
ئەمەس سەئد، بەلكى ئەيادەت كۈنى.

چىقىپ مەھۋەشى ھەم بەھانە بىلە،
ئاتاۋۇ ئانادىن نىھانە بىلە.

ھەزىن كۆزلەرىنى قىلىپ ئەشكبار،
دەپ ئەرزىنى يىغلار ئىدى زار-زار.

دېبان رابىئە ھەم: "نېتەي ئاھ-ئاھ،
بۇ يەڭلىغ مۇقەددەر قىلىپدۇر ئىلاھ.

ئەگەر تاپسام ئېردى مۇڭا بىر ئىلاج،
سېنىڭ بىرلە قىلسام ۋەتەندىن خىراج.

مۇئەززەز مۇرەببى ئاتادىن كېچىپ،
داغى مېھرىبانراق ئانادىن كېچىپ.

ئاڭا قويماينكىم ستەمگەر جەھان،
سېنى قىلسە تەڭرى تەئالا ئەمان.

نىتاڭكىم ئاچىلسا مۇرادىم گۈلى،
يانىڭ بۇ چەمەندىن كۆڭۈل بۇلبۇلى."



يانىپ سەئدىن ئاندىن قىلىپ كۆپ فىغان،
بولۇپ شام گويا مۇنەۋۋەر جەھان.

كېلىپ كۈلبەسىگە بولۇپ بىقەرار،
بولۇپ يانە كۆرمەك ئۈچۈن زار-زار.

ۋەلېكىن تاپالماي ئاڭا چارەئى،
ئۇرۇپ يەرگە باغرىن قىلىپ پارەئى.

ياتىپ كېچە ئەڭنى بىلە چولغانىپ،
ياتىپ گاھى تۇفراق ئارا تولغانىپ.

ئاتا كۆرسە ئەيلەپ تەرەھھۇم ئاڭا،
"دىگىل سۆزلەرىڭنى نە بولدى ساڭا؟"

كى ئىئلام قىلماي ئاتاسىغە ھال،
دىمەي نۇكتەئى ھەم ئاناسىغە ھال.

ئاتايۇ ئاناسى پەرىشان ئىدى،
بۇ ئەندۇھ بىرلە ھەراسان ئىدى.

خەبەر تاپتى ئاخىر ئۇغۇل ھالىدىن،
بولۇپ ئەسرۇ غەمگىن بۇ ئەفئالىدىن.

كۆيەۋ خاتۇنغە دىدى: "مەھرەمىم،
بۇ فەرزەندىڭىزدىن ئىررۇر كۆپ غەمىم.

رىزادۇرمەن ئەمدى چىقار كۆپ دەرەم،
قىلۇر بىزدە گەر يوق، خۇدايىم كەرەم.

قىلالىكى قىزنىڭ ئاتاسىغە سۆز،
ئەگەر ئاڭلاسە ئول بۇ سۆزلەرنى تۈز.

بېرىپ توي خىراجىن، قىلالى نىكاھ،
تىرىك قىلسا تەڭرىم بارالى سەباھ."

تاڭ ئاتتىيۇ قىلدى ئىكەۋ سۆزنى جەزم،
كى قىز جانىبىغە چىقىپ قىلدى ئەزم.

چۇ يەئقۇبغە سۆزنى سەراسەر دىدى،
پەزىر ئەتمەيىن سۆز مۇغەييەر دىدى.

كى ئىبراھىم ئاندىن چىقىپ غەم بىلە،
يېنىپ باردى ئۆيگە بۇ ماتەم بىلە.

كى سەئدىن بۇ سۆزنى قىلىپ ئىستىماع،
دىدىكى: "بۇ جاندىن قىلاي ئەلۋىداع."



بۇ ئەندۇھ سۆزدىن يېتىپ كۆپ مەلال،
دەرىغ، مۇمكىن ئېرمەس ئىكەن ئول ۋىسال.

كى فەرھاد يەڭلىغ بولۇپ خەستە دىل،
پەرىۋەش فىراقى بىلە بەستە دىل.

كى قىز ھەم يىگىتكە گىرىفتار ئىدى،
ئانىڭ ئىشقى بىرلە يىغى زار ئىدى.

بېرىپدۇر بۇ يەڭلىغ ئەلامەت ئاڭا،
يېتىپ كۆپ ئۇلۇسدىن مەلامەت ئاڭا.

بۇ مەھۋەشنى شىرىن كەبى قىل خىيال،
مەگەر بولماس ئېردى ئاڭا مۇنچە ھال.

مەگەر بىرىسى مەجنۇن بىرى لەيلى ھەم،
ئانىڭ مەيلى كۆپرەك مۇنىڭ مەيلى ھەم.

كى ۋامىق سۇفەتكىم قىلىپ كۆپ فىغان،
چۇ ئۆزرايى سانى فىدا قىلدى جان،

بولۇپ ئىشق ئوتى بۇلارغە بەلا،
بۇ قىسمى بەلاغە بولۇپ مۇبتەلا.

كى چاره تاپالماي بولۇپ بىقەرار،
يىمەك ـ ئىچمەك ئۇلدى فىغان بىرلە زار.

ئاتىپ ئىشق ئوقىن بۇلار سارى تىز،
سالىپ جانلارىغە بەسى رۇسته خىز.

قىلىپ ئانچە ھىجران ھۇجۇمى نەبەرد،
كىشىگە دىمەي سۆز مەگەر ئاھى سەرد.

كى سەئدىن ئۇزارى بولۇپ زەئفەران،
كۆزى ئەبر يەڭلىغ بولۇپ ياش رەۋان.

بولۇپ گاھى خۇرسەند خىيالى بىلە،
گەھى مەست ـ بىھۇش ۋىسالى بىلە.

قىلىپ ئەزم بارماق ئانىڭ قاشىغە،
يىقىپ كۇھى غەملەر ئانىڭ باشىغە.

كى مەيخارەلەردەك بولۇپ سەرگىران،
قىلىپ سەۋتى نالە مەلامەت نىشان.

ئىشىتسەكى مەھبۇب بۇ ئاۋازنى،
تۇرار ئىردى تىڭشاپ قويۇپ رازنى.



ئەگەر ۋەقت تاپسە قىلىپ جۇستىجۇ،
بولۇپ زار سەئدىن بىلە رۇ ـ بەرۇ.

گەھى مۇڭداشىپۇ گەھى يىغلاشىپ،
ئاقىزغان ياشىنى كى ئارىغلاشىپ.

يانىپ يانە تۇرفە نەدامەت بىلە،
نەچە كۇنلەر ئۆتتى بۇ ئادەت بىلە.

كەل ئەي ساقى، رەھم ئەت مىنىڭ ھالىمە،
ئىرۇر جۇرئە مەرھەم بۇ ئەھۋالىمە.

بولۇپ مەست، ھەققە مۇناجاتىنى،
قىلايىن شەفىئ ھەم تاپىپ زاتىنى.

زەھى بىۋەفادۇر بۇ دەۋران ئىشى،
جەفاسىدىن ئىمىن (ئەمەس) ھىچ كىشى.

**بۇ كەجرەفتار نىلگۈن ۋە فەلەكى جەفاكار بۇقەلەمۇنلىغىن ئىفادە ئەيلەپ، رابىئەگە جابىر ئەقد جانىبىدىن سۆز سالغانى ۋە رابىئەنىڭ ئاتاسى ئانىڭ كەلامىن قەبۇل ئەيلەگەنى؛ بۇ غەم ئەندۇز نۇكتەلەرنى سەئىدىن ئاڭلاپ، ھىجران ھۇجۇمى غالىبلىقىدىن ھەزرەتى مەزارى فايىزۇلئەنۋار دەرگاھىغە كېلىپ، ئەجەل بادەسىن ئىستىدئا ئەيلەپ، جەنابى ئىلاھىغە ئىلتىجا قىلغانى① ۋە ئانىڭ دۇئاسى ئوقى ئىجابەت ھەدەفىگە تېگىپ، ئول دەرگاھى ئالىدا بىمار بولغانى ۋە سەئىدىنىڭ ئاتاسى ۋە ئەقرەبالارى بىرلە كېلىپ ئۆز ۋەتەنىگە ئالىپ بارغانى**

چۇ سەئىدنىگە ئىردى ھەياتى نەۋىد،
پەرىۋەش تەرەفدىن ئۈزۈلدى ئۇمىد.

خەبەردار بولدىكى جابىر ئاڭا،
دېدى: "رابىئەنى بېرىلىڭ سىز ماڭا!"

سۆزىن قىلدى قىزنىڭ ئاتاسى پەزىر،
كى سەئىدىن قىلالماي بۇ ئىشغە گۈزىر.

دېدىكىم: "ئانىڭسىز جەھاننى نېتەي،
جەھان يوقكى بەلكى بۇ جاننى نېتەي.

① قولىيازمىدا "كلكانى" دەپ يېزىلىپ قالغان.



ئانىڭ بىرلە خۇرسەند ئىدى خاتىرىم،
يېتەرگە تۇرۇپدۇر كۆزۈمدىن پەرىم.

بولۇپدۇركى ئالەم قاراڭغۇ ماڭا،
ئەمەستۇركى ھايىل سەرى مو ماڭا.

ئەگەر بولسە جانان ۋىسالى بەھەم،
يىراق بولغاي ئىردى تۈمەن بولسە غەم.

ۋەگەر كەتسە ئول ئاي قاشىمدىن يىراق،
گۇداز ئەتسە تاڭ يوق تەنىمنى فىراق.

قاچانكىم ساچىلسە گۇلىستان گۇلى،
ئاقىپ ياش كۆزىدىن كېتەر بۇلبۇلى.

زىمىستان يېتىشسە خەزان بولسە باغ،
كېتەر قۇمرىلار ھەم بولۇپ كۆڭلى داغ.

جۇدا بولسە ماھى ئەگەر نەھردىن،
ۋەيا نەمر بەلكى ئۆلۈغ بەھردىن.

ئاڭا يەتكۇسىدۇر سەمۇمى مەمات،
قاچان تۇرغۇسىدۇر نەسىمى ھەيات.

كۆتەرسە چىراغنى بىرەۋ جەمئىدىن،
كى پەرۋانە مەھرۇم ئىسە شەمئىدىن.

كېتەر ھەر تەرەفكە باشىنى ئالىپ،
ئۇچار مەست ھەر يان قاناتىن سالىپ.

كىشىنىڭ تەنىدىن خۇرۇج ئەتسە جان،
ئاڭا ياخشىراقدۇر قاراڭغۇ مەكان.

ئىدى ئول پەرىۋەش تەنىم ئىچرە جان،
بەھىلمەنكى قاتىل ئەگەر تۆكسە قان."

كېتىپ ھۇش بارى ئانىڭ باشىدىن،
سەراسىمە چىقتى ئاتا قاشىدىن.

كى مەجنۇن ئاسا رەۋان بولدى ئول،
پەرىشان خاتىر يۇرۇپ كەزدى يول.

سەۋارە بولۇپ ئول جۇنۇن ئاتىغە،
كى ئافاق خاجەمنىڭ مەزاراتىغە

يېتىپ كەلدى يىغلاپ ئۇزارى سەرىغ،
كۆزىدىن ئاقىپ غەم سۇيى چۇن ئەرىغ.



كۆزۈ يۈزنى سۈرتۈپ كى دەرگاھىغە،
ئۇلۇس زار يىغلاپ ئانىڭ ئاھىغە.

دېبان ئاندا فەرياد ئېتىپ ئەي خۇدا،
ھەزىن ھال بىرلە قىلىپ كۆپ سەدا:

"ئىلاھا، كى ھالىم ساڭا ئاشكار،
بىلۈرسەن كۆرەرسەن كۆڭۈلدە نە بار.

ئەزەلدە بۇ يەڭلىغ بولۇپ قىسمەتىم،
كى مەھرۇملۇقدا يازىلمىش خەتىم.

بەس ئېردىكى بولسە نىگارىم نەسىب،
مېنى ئۆرتەگەن گۇلئۇزارىم نەسىب.

يىراق ئەتتى ئاندىن قەزاۋۇ قەدەر،
نەچە سەئيى قىلسام ئاچىلماس بۇ دەر.

ئەگەر ۋەسل بولمام جەھاندا ئاڭا،
قىيامەتدە كۆرسەت جەمالىن ماڭا.

ئىلاھا، كى قۇتبى زەمان ھۆرمەتى،
بۇ رەۋزە شەرىفدە نىھان ھۆرمەتى.

بۇ بەندەڭگە بەرسەڭ سەمۇمى قەزا،
سېنىڭ قىسمەتىڭغە ئېرۇرمەن رىزا.

قىلىپ ھەر كېچە ئول مۇناجاتنى،
شەفىئ كەلتۇرۇپ بۇ ئۇلۇغ زاتنى.

ياتار ئېرى شەب-رۇز قالىپ ئاچۇ زار،
ئۆزىگە ئۆلۈمنى قىلىپ ئىختىيار.

بۇ مۇددەتدە بولدى ئاڭا ئالتە كۈن،
كى ئارام ئالماي چېكىپ قاتتىغ ئۈن.

زىيارەتكە كەلگەن كىچىك-چوڭ ئۇلۇس،
يېدى ھالىغە كۆپ دەرىغۇ فۇسۇس.

قىلىپ ئىشق ئوتى ۋۇجۇدىن خەراب،
ياتىپ مەست ھەر يان قىلىپ ئىزتىراب.

كى پەژمۇردە بولدى گۈل ئەھمەر يۈزى،
كىشى بىلمەس ھالىن مەگەر ئول ئۆزى.

بۇ ۋاقىئنى ئاڭلاپ ئاتاسى ئانىڭ،
تۆكۈپ ئەبردەك ياش ئاناسى ئانىڭ.



دېدى: "سەدقە بولسۇن ئاڭا مالىمىز،
ئۆتۈپ ئۆمر، يەتتى مۇڭا سالىمىز."

قىلىپ رەھم ئاخىر ئانىڭ ھالىغە،
ئېچى ئاغرىدى كۆپ بۇ ئەفئالىغە.

ياغىپ غەم باشىغە چۇ بىھۇش ئولۇپ،
كۆزى ياشى ھەم خۇن ئاغۇش بولۇپ.

يىغىپ ئەقرەباسىن قىلىپ مەشۋەرەت،
دېدىكىم: "قىلىڭلار ماڭا تەقۋىيەت.

بولۇپدۇركى ئوغلۇم فىراق ئىچرە خار،
كى بىر قىز فىراقى بىلە زار-زار.

ئانىڭ ۋەسلىغە ئول تاپالماي ئىلاج،
كى ئافاق خاجەمغە كېلىپ ئېھتىياج.

ئۆزىگە ئۆلۈمنى قىلىپ ئىختىيار،
ياتىپدۇركى ئاندا زەئىفۇ نىزار.

يېمەك-ئىچمەكىن ھەم قىلىپ تەرك ئول،
كى مەھۋەش ۋىسالىن قىلىپ دەرك ئول.

نە ئارام كۈندۈز-كېچە ئۇيقۇ يوق،
بۇ غەم بىرلە گويا ئۆلۈمگە ياۋۇق.

بولۇپدۇرمىش ئوغلان ئىشى دەردۇ سۇز،
ئانىڭ ھەر بىر ئاھى سەمۇمى تەمۇز.

ئالىپ كەلسەك ئانى دىيارىمغە پات،
ئىلاجىن قىلۇرمەنكى بولسام ھەيات.“

بۇ مەجمۇئى مەردۇم مىنىپ ئاتغە،
يېتىپ كەلدى مەزكۇر مەزاراتغە.

كى سەئدىننى كۆردى ئەجەب ھالى بار،
كۆزى ئىشق ئوتىدىن ئەلەنگەس ئۇرار.

فەقىرلىقغە دۇنيا ئۇمۇرىن ساتىپ،
يېتىپدۇر كۆزىنىڭ ياشىغە پاتىپ.

يەقىن كەلدى يىغلاپ قاشىغە ئاتا،
كېلىپ كۆردى ئانى ھەمە ئەقرەبا.

تەسەللى خاتىر بېرىپ دىدى پەند،
كى ھەر پەند مىسلى شەكەر بىرلە قەند.



جەۋابىغە سەئدىن دىدى: ”ئەي پەدەر،
ماڭا كەلدى مۇنداق قەزاۋۇ قەدەر.

كى ھىجران تىغىدا بەغىر پارەدۇر،
ئاڭا بەندەلىكدە نىچۈك چارەدۇر.

قىلۇرسەن تەرەھھۇم سۆزىن ياكى قەھر،
ماڭا ئەمدى پەندىڭ ئېرۇر مىسلى زەھر.

ئەگەر ئوتغە كۆيسە بۇ مىسكىن جانى،
خۇدا سالغان ئىشغە ئىلاجى قانى.

ئوتى قىلسە چاقماق ئىچىدىن خۇرۇج،
يەقىن تۇتسە قىلسە قۇر ئىچرە ئۇرۇج.

ئۆچۈرمەككە ئاسان ئېرۇر دەرمەھەل،
نە خەسلەرگە بولغاي، نە قولغە خەلەل.

قاچان يەتسە ئۆچمەي كەمالىغە ئوت،
داغى كەلسە ئۇترۇ شەمالىغە ئوت.

ياپۇشسە ئول ئوتدىن ھۆلۇ خۇشك ئارا،
ئۆچۈرمەك نە مۇمكىن سالۇر ماجەرا.

بارىنى قىلىپ كۆل گۇدازىش قىلۇر،
قايۇ بەندە ئانى نەۋازىش قىلۇر.

ماڭا ئەسلە مۇمكىن ئەمەستۇر نەۋا،
كى پەندىڭ ئىشتمەك ئەمەستۇر رەۋا.

تۇتاشتى تەنىمغە چۇ ھىجران ئوتى،
كەمالىغە يەتتىكى ھىرمان ئوتى.

بۇ ئوتغە بولۇپدۇركى ئاھىم شەمال،
مەجۇسى ئوتىدەك تاپىپدۇر كەمال.

تەنىم خۇشكۋارۇ ۋە گەر ئولسۇن ھۆل،
قىلۇر ئاخىر ئول ئوت ۋۇجۇدۇمنى كۆل."

تۆگەتتى سۆزىنىكى قىلدى خۇرۇش،
ئۆلۈس مەست بولدى فەلەكدىن سۇرۇش.

ئاتا كەلدى فەرزەند قولىنى تۇتۇپ،
نەچە ياخشى سۆزلەپ كۆڭۈل ئاۋۇتۇپ.

ئەيا ئەي ھەياتىم گۈلى-غۇنچەسى،
مېنى داغ قىلدى سۆزۈڭ مۇنچەسى.



ئەگەرچە مۇيەسسەر ئەمەس دىلبەرىڭ،
ئايا مەندىن ئاڭلاپ ۋەتەنگە بارىڭ.

مېنى رازى قىلماق خۇدا ئەمرىدۇر،
ئاتا سۆزنى تۇتماس كىشى غۇمرىدۇر.

ئاناڭ① مۇنتەزىردۇر سېنى كۆرگەلى،
قەبۇل ئەتمەسەڭ بىز بىلە يۈرگەلى.

سېنىڭدىن ئاناڭدىن رىزالىق يىراق،
رىزا قىلغانىڭ كۆپ ئېرۇر ياخشىراق.

يەنە باردۇر ئانداغ ئۇلۇس دۇختەرى،
سەباھەتدە ئاندىن ئېرۇر بىھتەرى.

قايۇ قىزنى خاھىش قىلۇرسەن ئەگەر،
دەرەم چىقسە ھەدسىز بىلىمدە كەمەر.

دىدى زار يىغلاپ: "بىلىڭ ئەي ئاتا،
بۇ يەڭلىغ دىگەن سۆز ئېرۇر كۆپ خەتا.

(ئاڭا تەڭ) بولالماس قۇياش بىرلە ئاي،
داغى ياخشىلار بار دىگەن سۆزگە ۋاي.

① قولىيازمىدا "ئاتاڭ" دەپ يېزىلىپ قالغان.

ئەگەر بولماسە ئۇل مۇيەسسەر ماڭا،
كى ھىجران ئۇتىدۇر مۇئەسسىر ماڭا.

تاپا ئالماسام گەر ۋىسالىن ئانىڭ،
ئېرۇر بەسكى كۆرسەم جەمالىن ئانىڭ.

فەنا بولسام ئاندىن ئېرۇرمەن رىزا،
مەنى ناتەۋانغە ئۆلۇمدۇر سەزا.“

تەكەللۇمنى ئەتتى چۇ سەئدىن تەمام،
ۋەتەن سارى يۈردى قىلىپ ئىزدىھام.

ئاغىز ئېردى دايىم ئانىڭ زىكرىدە،
دىلى ھەم ھەمىشە ئىدى فىكرىدە.

دىدىكىم: ”جەھاندىن بولۇرمەن فەنا،
كۆپ ئارماندا كەتمەي كۆرەي بىر يەنا.“

ئاڭا رابىئە ھەم خەبەردار ئىدى،
كى ھىجران يۈكىدىن نىگۇنسار ئىدى.

دىبان: ”كەلسە مۇندا ئەگەر ئاشىقىم،
كۆزى ياشۇ پارە جىگەر ئاشىقىم.



كۆرەرمەنكى شايەد جەمالىن ئانىڭ،
قىلاي نۇش جامى ۋىسالىن ئانىڭ.“

يېتىپ كەلدى سەئدىن ئانىڭ جايىغە،
قاراپ داغى ھەسرەت بىلە ئاھىغە.

ۋەلى ھايىل ئولدى ستەمگەر فەلەك،
بولۇپ رابىئەنىڭ دىلىغە ئەھەك.

كۆرۈشمەككە ئول ھەم ئىدى ئىنتىزار،
دىبان: لەھزە كۆرسەم، ئەگەر چىقسە يار.

ئۆتۈپ كەتتى بولماي ۋىسالى بەھەم،
كى سەئدىننى نۇندەك ئېگىپ كۇھى غەم.

دىدى زار يىغلاپ: ”نېتەي ۋا دەرىغ،
ۋەفاسىز جەھاندىن كېتەي ۋا دەرىغ.“

كى بىچارەلىكدىن قىلىپ ئىزتىراب،
كى مۇ ئوتغە تۈشكەن كەبى پىچۇتاب.

ئاچىپ چەرخى دەۋران ستەم بابىنى،
شىكەنجۇ جەفايۇ ئەلەم بابىنى.

قالىپ ئىككى غەمكىن بۇ ھىرمان ئارا،
نە ھىرمان ئارا، داغى ھىجران ئارا.

ئالىپ يۈردى ئۆيگە ئاتاسى ئانى،
يېتىپ باردى كۆردى ئاناسى ئانى.

قىلىپ باتەنىندا مۇناجاتىنى،
ئوقۇپ زاھىرىدا بۇ ئەبياتىنى.

ئەشەلدۇلئەزابى ئەزا بۇلفىراق،
فەقەد ماتە قەلبى مىنەلئىشتىياق①.

كېسەل بولدى سەئدىن ھەمول ھالدا،
بولۇپ رويى زەئفەر بۇ ئەھۋالدا.

ئاتا دىدى: "فەرزەند، نېدۇرھالىڭىز،
كەمالىغە يەتمەي ھەنۇز سالىڭىز.

نە دەپ بىزگە مۇنچە قىلۇرسىز شىكەنج،
كۆزۈم نۇرى، چەكمەڭكى بىھۇدە رەنج."

① بۇ ئىككى مىسرانىڭ مەنىسى: "جۇدالىق ئازابى ھەممىدىن يامان،
بىراق مېنىڭ قەلبىم ئىشتىياق [ئازابى]دىن ئۆلدى."



ئاتاسى سۆزىنى ئول ئەتمەي قەبۇل،
ياشى خۇن ئالۇد، قاراپ ئوكۇ سول.

تەنىنى قىلىپ كۇل تېگىپ نارى ئىشق،
يىمەك-ئىچمەكى ھەم بولۇپ زار ئىشق.

بەسى ياد قىلدى چۇ گۇلفامىنى،
كېلىپ تۇتتى ساقى ئەجەل جامىنى.

سۆمۈردىكى ئانداغ بولۇپ غەرق مەست،
قەزا تىيرى ئەتتى ۋۇجۇدىن شىكەست.

سەئدىن ئىزاجائەلقەزا، زاقەلفەزا بادەسىن نۇش ئەيلەپ، بەقا مەئۋاسىغە ئەزم قىلغانى ۋە ئانىڭ ئاتاسى ۋە ئاناسى فىراق بادىيەسىدە بىتاقەتلىك بىلە نەۋھە ۋە سەيھە ئەلالا- سىن تۈزگەنى ۋە رابىئە بۇ ۋاقىئەئى جان سۆزدىن خەبەر تاپىپ، ماتەم قاراسىن سالىپ گىريان بولغانى

فەزايى سۇخەنگە خىرەد قىلدى ئەزم،
تەكۇپۇلار نەيلەپ دىدى سۆزنى جەزم.

چۇ سەئدىنغە تەگدى سەمۇمى قەزا،
نە سەھمىكى، ئىچتى سەمۇمى قەزا.

تۇتۇپ مويه يىغلاپ ئاتايۇ ئانا،
دىدى "ۋادەرىغا" ھەمە ئەقرەبا.

كىچىك - چوڭ خەلايىق تەئەسسۇف بىلە،
كى ئەفسۇسلار يەپ تەلەھھۇف بىلە.

يىغى زار بىرلە بولۇپ ھەشرگاھ،
ھەبىبۇ رەقىبلەر بولۇپ زىكرى ئاھ.

ئاتا سەيھە تىغى بىلە باغرى چاك،
ئانا ھەم يۈزىنى ئېتىپ زەخمناك:

"دىلىم راھەتى ھەم بەدەن قۇۋۋەتى،
ھەياتىم نەسىمى كۆڭۈل ئۈلفەتى.

كى سەنسىز ماڭا بۇ مەكاندا نە بار،
گەدالىق يولىنى قىلاي ئىختىيار.

ماڭا لازىم ئېرمەسكى تازە لىباس،
كۆلاھ بىرلە جەندە قىلاي ئىلتىباس.

ۋەفاسىز جەھاندىن مەكانسىز ئۆتەي،
ساغىنسامكى ياتقان يېرىڭنى ئۆپەي."



ئاتاسى بۇ يەڭلىغ بولۇپ سۇگۋار،
ئانا ھەم يۈز ئانچە قىلىپ نەۋھە زار:

"رىيازەتدە ئۆتكەن باشىڭغە دەرىغ،
قىزىل قانلار ئاققان ياشىڭغە دەرىغ.

كى تۇپراغغە تولغان كۆزۈڭگە دەرىغ،
سارىغ گۈلدەك ئولغان يۈزۈڭگە دەرىغ.

شەكەرۋار شىرىن سۆزۈڭگە دەرىغ،
سۆزۈڭگە دەرىغ ھەم ئۆزۈڭگە دەرىغ.

قەزا تىغى تۆككەن قانىڭغە دەرىغ،
فىراق ئىچرە كۆيگەن جانىڭغە دەرىغ.

چۇ مىھنەتدە كەزگەن يولۇڭغە دەرىغ،
ئاچىلماي ساچىلغان گۈلۈڭغە دەرىغ.

كى ھىجران يوق ئەتكەن نىھادىڭغە داغ،
جۇدالىقدا ئۆتكەن مۇرادىڭغە داغ.

سەھەرلەردە چەككەن فىغانىڭغە داغ،
ۋەفاسىزلىق ئۆتكەن زەمانىڭغە داغ.

كى مەھرۇملۇق ئۇلغان ۋىسالىڭغە داغ،
بۇ يەڭلىغ سىنىڭ بەختىڭ فالىڭغە داغ."

تەنىن نەئىش بىرلە رەۋان ئەيلەدى،
زەنۇ مەرد قالماي فىغان ئەيلەدى.

ئالىپ باردى پىنھان قىلىپ خاك ئارا،
يانىپ كەلدىلەر ئەل قىلىپ ماجەرا.

ھەمول رابىئە كىم ئۇلۇسدىن نىھان،
تۆكۈپ كۆزلەرىدىن ياش ئورنىدا قان.

"دەرىغ، كۆزدىن ئۇچتۇڭ غەرىب بۇلبۇلۇم،
خەزان بادى يەتتى ئاچىلماي گۈلۈم."

دەر ئىردىكى تىترەپ چۇ بادى خەزان،
"كى، ئۆچتى 'چىراغىم' نىتەي، ئاھ، جان"

چىراغىن ھۇرۇفىنكى ئەھلى خىرەد،
كى تارىخى سالىن دىمىش بىلئەدەد.

كىتەر بۇ چەمەندىنكى رۇزى شەباب.
چۇ گۇل بەرگى ئىچرە سالۇر پىچۇتاب.



گۇلۇ غۇنچە تۇتسە ئۆزىن بىۋۇھۇم،
بەناگاھ كەلسە مۇخالىف سەمۇم.

نەبەرگى، نە شاخى بولۇپ ئىنقىتاد،
ئۇچۇپ كاھ يەڭلىغ قىلۇر ئەلۋىداد.

بىرەۋنىڭ جەمالى ئىرۇر ئافتاب،
كى شامى سىيەھدىن ياپىلغاي نىقاب.

تۇتار چەرخ ئۇزرە قەمەردەك مەكان،
مەزەللەت غۇبارى ئارا ئول نىھان.

ئىرۇر مىھر تاجى كى تارەم سەرىر،
ئاڭا جام بولسە چۇ بەدرى مۇنىر.

كەۋاكىب دۇرىدۇر باشىدىن نىسار،
فەنا ئۇزلەتىنى قىلۇر ئىختىيار.

قويۇپ ئىشق ئىچرە چۇ سەئىدىن قەدەم،
بولۇپ سەرۋ قەددى جەھاندىن ئەدەم.

كى ئۇششاق خەيلى ئارا ئىختىساس،
بولۇپ تاپتى ھىجران ئوتىدىن خەلاس.

کی مەردانەلىكنى كېتۈردى بەجا،
جەۋانلىقدا تۈتتى زەمىن ئىچرە جا.

نە كۆنكىم جەھاندىن كېتىپ ئول شەباب،
قىلىپ رابئەنى فىراقى خەراب.

يىمەك دەرد بولدىكى، ئىچمەك ئەلەم،
بولۇپ فىكر: "قويسامكى پەيدىن قەدەم."

ۋە لېكىن تاپالماي ئاڭا چارەئى،
كى فۇرقەت ئارا زار ئەۋۋارەئى.

دېبان: "ئاشىق ئولدى جەھاندىن فەنا،
قاچان كەلگەي ئەمدى ئانىڭدىن يانا.

كۆزۈم نۇرى كەتتى جەھان بولدى داج،
بەھىلدۇرمەن ئەكنۇن جان ئەتسە خىراج.

چۇ گۇلشەندىن ئولسە يىراق ئەندەلىب،
مەقام ئەتسە زاغۇ زەغەنلەر كېلىپ.

خەزان باغ بولماي يەنە سەبزەۋار،
قاچان بولبۇل ئەتكەي ئانى ئىختىيار.



گۇلىستانىم ئولدى بۇ يەڭلىغ خەزان،
ئۇچۇرماقغە تاك يوق ياپۇشسە بوران.

قىلىپ غەم سىپاھى تەنىمنى زەئىف،
خەسۇ خارلاردەك بولۇپمەن نەھىف.

كۆرەلسەمكى قەبرىن بارىپ كاشكى،
كى ھەمراھى بولسام يارىپ كاشكى.

ئەگەرچە ئەمەستۇر بۇ نىييەت بەھەم،
قىلۇرمەنكى ئاخىر ئۆزۈمنى ئەدەم."

باراي دىسە سەئىدىن گورىستانىغە،
رەقىب نىش ئەيلەپ ئەزىز جانىغە.

كى بىتاقەت ئولسە چىقىپ ئول پەرى،
قارار ئېردى يىغلاپ گورىستان سارى.

"خەلاس ئولسام ئېردى زەمان قەيدىدىن،
زەماننى ئەمەسكى، جەھان قەيدىدىن.

بارىپ مەرقەدىنى قىلىپ تۇتىيا،
كۆزۈم ئول غۇبار ئىچرە تاپسە زىيا."

قىلىپ بەئزى ئىنسان مالامەت ئاڭا،
قىلىپ دەرد ئەھلى نەدامەت ئاڭا.

بۇ بىچارەگە كۆپ بولۇپتۇر ۋەبال،
ئەلنى قەددىن ئەتتى فەلەك پىرىۋزال.

بۇ ئىشقا ئاتاسى پەرىشان ئولۇپ،
دېدى ھەم ئاناسى ھىراسان ئولۇپ:

"نېدىن كېچە-كۈندۈز قىلۇرسەن فىغان،
نېدىن بولدى گۈلدەك يۈزۈڭ زەئفەران.

ماڭا ئاشكار ئەيت بۇ ئەسرارنى،
تولا ئۇرما جانىم ئارا خارنى."

دېدى: "سۆز نە ھاجەت ئېرۇر ئەي ئانا،
بولۇپتۇركى سەئدىن جەھاندىن فەنا.

ئانىڭسىز جەھاننى نە ئەتكۈم دۇرۇر،
جەھان يوقكى، جاننى نە ئەتكۈمدۇرۇر.

كى تۇپراغ بىزگە ۋەتەندۇركى ئەسل،
تىرىكلىكدە بولمام ئۆلۈم بىرلە ۋەسل."



يېتىپتۇركى كىمگە جەھاندىن ۋەفا،
ۋەفا قىلسە سوڭرە قىلۇر مىڭ جەفا.

ئەگەر كۆرسە يۈز يىل جەھان لەززەتىن،
مۇنىڭدەككى چەندان كۆرەر مېھنەتىن.

كۆرۈڭكىم بۇ دەۋران نە ئىش كەلتۈرۈر،
كى ياخشى-يامانىڭ بارىن ئۆلتۈرۈر.

كەل ئەي ساقى تۇتغىل شەرابى خۇمار،
كى جانانغە بولدۇم بەسى ئىنتىزار.

بولۇپ مەست ئەيلەي ئانىڭ بىرلە ئەھد،
رەقىپ غالىب ئولماق ئۈچۈن قىلسە جەھد.

**رابىئەنىڭ ئاتاسى جابىر بىرلە تويى ئەسبابىنى مۇھەييا ئەيلەپ، رابىئەنى ئاڭا ئەقد قىلغانى ۋە رابىئە بىچارەلىكدىن ئەبر باران ياش تۆكۈپ، ئول جابىرنىڭ ئۆيىگە بارغانى ۋە ئانىڭ بىرلە سەزاۋەر بولماي سەئدىن ھەققىدە جان فىدا قىلماق ئەھدىن قىلىپ، ئۆز ۋەتەنىگە يانىپ كەلگەنى**

سۆزىكىم بۇ يەڭلىغ دېمىش ئەھلى دەرد،
بۇ يولنى قىلىپ تەي يۈزى ئۆزرە گەرد.

قىلىڭ فەھم سۆزنى ھەمە خاسۇ ئام،
قىلىپ رابىئەگە بىرەۋ ئىھتىمام.

ئانىڭ گۇلئۇزارى (سارى)سالدى كۆز،
كى ئىبنى سەلامدەك كېلىپ قىلدى سۆز.

ئاتاسى كەڭەشتى ئاڭا بەرگەلى،
رەقىب قول ئۇزاتتى گۇلىن تەرگەلى.

كى ئامادە قىلدى توي ئەسبابىنى،
زىيافەتكە ئاچتى ھەم ئەبۋابىنى.

قىلىپ خەلق بەزمۇ ئەلالانى كۆپ،
ئېتىپ بىر بىرىگە تەۋەللانى كۆپ.

چالىپ ھەر تەرەفدە كى تەنبۇرۇ دەف،
سۇرەن بىنىھايەت غەزەل بىرلە كەف.

ئۇلۇس ئىچرە بولدى بەسى شادلىق،
يەنە بولماغاي توي بۇ مۇئتادلىق.

قەرىلەر مەجالىس ئارا ئاھ دەپ،
كىچىك بەچچەلەر جەمئى ئاللاھ دەپ.



ۋەلې رابىئەنىڭ كۆزى ئېردى ياش،
بولۇپ زەھر يەگۈلىغ مەزاقىدا ئاش.

ئاناسىغە دىدى: ”ئەمەسمەن رىزا،
ئەگەر بولسە سەئدىن ئىدى ئول سەزا.

دەرىغ، ئۆلمادىم مەن ئاڭا مەن ۋۇسۇل،
كى قىلماسمەن ئەمدى كۆيەۋنى قەبۇل.

سۆزىن باۋەر ئەتمەي خىرەدسىز ئاتا،
ئاڭا ئەقد قىلدى، دىدى ”ھەسرەتا!“

قىلىپ لەيلى يەگۈلىغ بەسى نالەئى،
دەمادەم كۆزىدىن تۆكۈپ ژالەئى.

دىدى: ”ئاھ، ئۆلسەم ئىدى كاشكى،
كى روھىنى كۆرسەم ئىدى كاشكى.

تۇتۇپدۇركى سەئدىن قارا يەردە جاي،
مەنى زارۇ ھەيران نېتەي ئاھۇ ۋاي.

ماڭا لازىم ئېرمەس سۇرۇرۇ فەراغ،
كېتىپدۇر نىگارىم قويۇپ جانىغە داغ.

ئەگەر ئۆلمەي، ئۇلسام جەھاندا ھەيات،
كى قەبرىنى كۆرسەم بارىپ پات-پات.

ئاتام شەفقەتىنى ئەتا ئەيلەسە،
مېنى ئول رەقىبدىن رەھا ئەيلەسە.“

بولۇپ رابىئە چۇن تەفەككۇر بىلە،
پەرىشانلىق ئەيلەپ تەھەييۇر بىلە.

چىقارماققە ئۆيدىن ئاتا قىلدى زور،
ئىلاجىن تاپالماي كى بىچارە نۇر.

چىقىپ زار يىغلاپ نەدامەت بىلە،
ئۇلۇس يولغە كىردى فەراغەت بىلە.

كۆيەۋنىڭ ئۆيىگە ئالىپ باردىلار،
قىلىپ ئەل زىيافەت ئىشىن ھاردىلار.

ئۆزىنىڭ ئۆيىگە يانىپ ھەر بىرى،
كى قالدى كۆيەۋنىڭ قاشىدا پەرى.

كۆيەۋ بولدى ئول تۈن بەسى شادمان،
بولۇپ رابىئەنىڭ يۈزى زەئفەران.



قوناي دىدى گۈلنىڭ شاخى ئۈزرە زاغ،
تۈتۈپ گۈل ئۆزىنى ياۋۇتماي يىراغ.

ئاگا يۈز كېتۈردى ھەۋايى فىراق،
مۇنى خەستە قىلدى جەزايى فىراق.

چۇ گۈل شاخىغە ئول قوناالمايىن،
تۇرۇپ سائەتى ھەم نەزەر سالمايىن.

يەنە قىلسە تۈغيان ئىتىپ جەھد ئول،
ياشۇردى ئۆزىنى قىلىپ ئەھد ئول.

مەئەلقىسسە، ئەتمەي كۆيەۋ كامى دىل،
كى ئەفسۇس ئەيلەپ بولۇپ مۇنفەئىل.

فىراق ئىچرە دىلبەر بولۇپ بىقەرار،
كى بولدى ئاتاسى ئۆيىگە قاچار.

نەسىھەتلەر ئەيلەپ ئاناسى ئاگا،
سەياسەتلەر ئەيلەپ ئاتاسى ئاگا.

يەنە ئىلتىپ ئانى كۆيەۋ قاشىغە،
يىقىپ كۆھى غەملەر ئانىڭ باشىغە.

كېلىپ يانە تۇرماي ئۆيگە قاچىپ،
قارا ئەبىر يەڭلىغ ياشنى ساچىپ.

ئاتاسى قاشىدا تۇرۇپ نەچچە كۈن،
ساۋۇغ ئاھ بىرلە ئۆتۈپ نەچچە كۈن.

بۇ ۋاقىئە خەلايىق ئارا بولدى فاش،
بىرى كۈلسە، بىرسى تۆكەر ئېردى ياش.

بىلىپ بەئزى ئىنسان ئانىڭ دەردىنى،
كۆرۈپ رەھم ئەيلەپ يۈزى زەردىنى.

گۇمان يوقكى بولغاي جەھاندىن ئەدەم،
دېبان بەئزىلەركىم: ئەمەس مۇنداغ ھەم.

بىلۈر ئاشىق ھالىن ئېرۈر ئەھلى دەرد،
بىلۈر ئىشق قەدرىن ئېرۈر شىرمەرد.

خەلايىق قىلۇر ئىشق ۋەسۋاسىنى،
ۋەلى فىكر ئېتەر دەھر سەۋداسىنى①.

ئېرۈر راست ئاشىق جەھاندىن كېچەر،
ئەمەستۇر جەھاندىنكى، جاندىن كېچەر.

① قولىيازمىدا "وسواسى نى" دەپ يېزىلىپ قالغان.



ئېرۈر ئىشق ئىنسان باشىغە بەلا،
جەزاسىدۇر ئىككى جەھاندىن رەھا.

ئېرۈر ئىشق ئانداغ ئۇلۇغ جەۋھەرى،
نە جەۋھەر ئېرۈر ئول، غەرىب گەۋھەرى.

كى ھەر ئادەمكى مۇيەسسەر ئەمەس،
ئەتا قىلماسە ھەق مۇئەسسەر ئەمەس.

ئەگەر ئىشق قىلسە بىرەۋنى ئەسىر،
ئەگەر پەششە بولسە، بولۇر مىسلى شىر.

بولۇر ئول تەۋەھھۇم ئىشىدىن يىراق،
تەۋەھھۇم دىمەڭكىم، كىشىدىن يىراق.

ئەگەر شاھ بولسە كېچىپ تاجىدىن،
سەرىرۇ خىراجى بىلە باجىدىن.

نە فەرزەند مەھرەملەرىن ھەم دىمەس،
جەھان كەتسە قولدىن دەمى غەم يىمەس.

گەدالارچە كۆرمەس جەھاندارنى،
كېچىپ بارچەسىدىن، دىگەي يارنى.

كەل، ئەي ساقى تۇتقىل شەرابى فەنا،
ئەدەم شاھراھىغە ئەيلەي ھەۋا.

ئانىڭ شەۋقى بىرلە بولۇپ ئىنتىزار،
كى جانانغە ئەيلەي بۇ جانىنى نىسار.

**رابىئە جابىرنىڭ ئۆيىدىن ئۆز ئاتاسى ئۆيىگە قاچىپ كەلگەنى ۋە ئانى جابىر ئىستەپ، ئانىڭ ئاتاسىغە ئەرز-ھال ئەيتقانى ۋە ئول داماد ھالىغە تەرەھھۇم قىلىپ، ئانىڭ ئۆيىگە بارماقىغە تەزەللۇم ئەيلەگەنى ۋە رابىئە كۆيەۋ ئۆيىگە بارماي، سەئىدىن ھەققىدە جان فىدا ئەيلەپ، ئۆزىنى دەرياغە تاشلاغانى**

قەلەمكىم بۇ يەڭلىغ قىلۇر مۇشكىبىز،
ۋەرەق سەفھەسىدە چاپىپ ئانچە تىز.

بىرىپ رابىئەگە چىنان ئىشق دەست،
كى سەئىدىن فىراقى بىلە ئېردى مەست.

قىلىپ ئىشق مەجرۇھ ئانىڭ جانىنى،
تۆكۈپ كۆزلەرىدىن قىزىل قانىنى.

بۇ مۇددەتدە ئۆتتى ئاڭا نەچچە يەۋم،
يېتىپ كەلدى كۈنلەر ئارا ماھى سەۋم.



قىلىپ تىلغە ۋارىد مۇناجاتنى،
شەفىئ كەلتۈرۈپ ھەم نەچچە زاتنى.

دىدى: ”ئەي خۇدايى جەمئى جەھان،
بولۇپ قۇدرەتىڭدىن ھەمە ئىنسۇ جان.

كۆڭۈل مۇددەئاسىن پۈتۈن ھاسىل ئەت،
كى روھىغە ئانىڭ مېنى ۋاسىل ئەت.“

تەلەب قىلدى ئول تۈن قىلىپ قاتتىغ ئاھ،
كى قىلدى ئىجابەت دۇئاسىن ئىلاھ.

ئەگەر بولسە مەقبۇل دۇئا نەزدى رەب،
مۇقەددەرگە بىر ئىش بولۇرمىش سەبەب.

يېتىپ كەلدى جابىر ئۇشۇل كۈن مەلال،
ئاتاسىغە بىر-بىر دىدى ئەرزۇ ھال.

كېلىپ رەھمى ئانىڭكى دامادىغە،
ۋەلې يەتمەدىكى بۇ ئىش يادىغە.

دىدىكى قىزىغە بولۇپ خەشمناك:
”سۆزۈم ئاڭلاماسسەن، قىلۇرمەن ھەلاك.

كى فەرزەند بولساڭ، سۆزۈمنى ئىشىت،
يانىپ كەت، ئەگەرچە ياماندۇر يىگىت.

مۇقەددەر قىلىپدۇر خۇدايىم ئاڭا،
نە چارە ئىرۇركىم ساڭا ۋە ماڭا.

قىلىپدۇرمەن ھالا شەھەر سارى ئەزم،
يەنە قىلماغايسەن كۆيەۋ بىرلە رەزم!"

دىدى خاتۇنىغە: "سەن ئەي بىخىرەد،
قىزىڭ قىلماسۇن بۇ كەلامىمنى رەد:

قوشۇپ بەر قىزىڭنى كۆيەۋگە بۇگۈن،
تاپاق رەخمى ئەيلە ئەگەر قىلسە ئۈن.

ئەگەر قىلسە بارماق ئىشىن ئىختىيار،
كۆيەۋنىڭ ئۆيىگە① ئۆزۈڭ بىرلە بار.

قاچان قىلماسە ئول سۆزۈڭنى قەبۇل،
نەلەر كۆرگۈڭ ئىككىڭ، ئاڭا ھازىر ئول!"

چىقىپ ئەزم قىلدى شەھەر سارىغە،
دىدى: "ئەرتە كەلگۈم يانىپ دارىغە."

① قولىيازمىدا "كيونى ايبار كيل" دەپ يېزىلىپ قالغان.



كى فەرزەند ھالىن ئاتا بىلمەدى،
ئەگەر ئاڭلاسا ھەم نەزەر قىلمادى.

دىسە كىم نەسىھەت ئاناسى ئاڭا،
قىيا باقماس ئىردى بالاسى ئاڭا.

ئانا پەند ئەيلەپ مەلالەت ئىدى،
قىزى دەرد بىرلە جەراھەت ئىدى.

نەمازدىگەر ئىردى ئوشۇل سائەتى،
ئانا دىدى: "فەرزەند كۆڭۈل راھەتى.

مىنى سالمە تەڭلىك ئارا ئۇشبۇ كۈن،
مىنىڭ بىرلە بارغىل، مەگەر قىلمە ئۈن.

بارۇرمەن ھەم ئاندا كى ئىفتارغە،"
دىدى: "رەھم قىلغىل مەنى زارغە."

دىدى: "قوپ، ئىگىن كەي، مۇڭا يوق ئىلاج،"
دىدىكىم: "بۇ سۆزدىن ماڭا ياخشى كاج."

دىدى: "بارماساڭ، بەر جەۋابىن ماڭا،"
دىدى: قالسۇن ئەمدى بۇ ئالەم ساڭا."

قوپۇپ كەيدى ئېگىنى كى بىچارەئى،
كى ئىشق ئوتىدا زارۇ ئەۋۋارەئى.

ئانا يەتمەدىكىم ئانىڭ دادىغە،
كېلىپ سەئدىن ئىشقى بالا يادىغە.

كېتىپ ئۆزلۈگىدىن بولۇپ بىقەرار،
بۇ هالدا ئۆلۈمنى قىلىپ ئىختىيار.

چۈچۈك لەفزى بىرلە دىدى: "ئەي ئانا،
يېتەي ئارقاڭىزدىن كى يۈردۈم مانا."

دىدى: "قالمە ئۆيدە، ماڭىپ تېزراق،
يېتىپ كەلكى، قالمە مېنىڭدىن يىراق."

يۈرۈپ كەتتى باقماي ئاناسى ئانىڭ،
تۈرۈپ قالدى بارماي بالاسى ئانىڭ.

دىدى قىز: "جەهانىنىڭ ۋەفاسى قانى؟
كۆڭۈل باغلاغانغە سەفاسى قانى؟

ئەگەر شاه بولسۇن ۋەگەر ئول گەدا،
كى ئاخىر ئۆلۈمگە بولۇر مۇبتەلا.



ئۇزۇن ئۆمر كۆرسەم كېتەرمەن يەنە،
گورىستان ئېلىغە يېتەرمەن يەنە."

ستەمگەر جەهانىنىڭ ئىشىن چاغلادى،
تولا يىغلادىيۇ يۈرەك داغلادى.

كىشى تاپماس هەرگىز ئۆلۈمدىن ئەمان①،
نە ئەتكۈم بولۇپمەن يامانىدىن يامان.

كى رازىمنى بىلمەس هەمە ئامۇ خاس،
كى هىجران ئوتىدىن بولاي مەن خەلاس."

بىرەۋ قوشنى ئېركەن بۇ بىچارەگە،
هەمئەسرار بولغان بەغىر پارەگە.

قىلۇر ئېردى بەئزى سۆزىنى ئاڭا،
دىدى: "رەهم قىلماس ئانام هەم ماڭا.

بۇ كۈنلەردە يەتسە خۇدادىن قەزا،
نە ئىش ئۆتسە مەندىن بولۇڭلار رىزا."

چىقىپ ئالدى فىلهال قولىغە قاباق،
دىدى: "كەلتۈرەي سۇ بارىپ تېزراق."

① قولىيازمىدا "مىراب" دەپ يېزىلىپ قالغان.

ئالپ سىڭلىسىنى رەۋان بولدى ئول،
ئىكەۋلەن ئۆيىدىن چىقىپ يۈردى يول.

كى ئەسرارىن ئەندەك كىچىك ياشىغە،
قىلىپ ئاشكارا قەرىنداشىغە.

ئاكا ئانچە كۆڭلى ئىدى مېھرىبان،
جۇدا بولمايىن ھىچ دەمى بىر زەمان.

كېچە ـ كۈندۈز ئانداغكى ھەمراز ئىدى،
نىھان ئىشلارىدا چۇ دەمساز ئىدى.

دىدى: "ئاھ... ھەسرەت" يۈزىگە سۆيۈپ،
يۈزى يوق، لەبىيۇ كۆزىگە سۆيۈپ.

"دەرىغكى يوق ئولدى بۇ گۇلزارىڭىز،
قىيامەتكە قالدىكى دىدارىڭىز.

مەنى ئىشق ئوتى قىلىپدۇر خەزان،
ھەنۇز سەبزە ئېردىم بولۇپمەن سامان.

كى ياندا دەريا ئاتى: تەلبەچۆك،
بەسى مەۋجىدارۇ سۈيى كۆپ چۈچۈك.



ئىكەۋلەن بارىپ بۇ تەڭىزگە ياۋۇق،
يۈزىنى مۇز ئىلغان بىغايەت ساۋۇق.

كېلىپ سۇ لەبىگە قىلىپ كۆپ فىغان،
غەم ئەندۇھ بىرلە بولۇپ ئەشكى قان.

فەلەك چۈن ئاتىپ سەڭ ئانىڭ باشىغە.
مۇز ئېرىپ سۇ بولدى ئانىڭ ياشىغە.

گەھى بىھۇش ئولدى، گەھى ھۇشيار،
كى سەئدىن فىراقى قىلىپ خار ـ خار.

مېنىڭ ئەرزۇ ھالىم ئىشىت ئەي خانىم،
ياش ئېردىم قارىدىم كۈل ئولدى تەنىم.

ھەنۇز غۇنچە ئېردىمكى ئاچىلماغان،
كى مىڭ بەرگىدىن بىرسى ساچىلماغان.

ئەگەر ھەرنە بولسام خۇدانىڭ ئىشى،
تاپالماس قەدەرنىڭ ئىلاجىن كىشى.

سەن ئەتكىل ئاتايۇ ئاناغە خەبەر،
كى قىلسۇن بەھىللىق ئەگەر ئۆتسە شەر.

مەن ئۇلدۇم ئاتايۇ ئاناغە يامان،
ۋەلى دەردىم ئېردى ئىچىمدە نىھان.

تەلەب قىلسە ئاجىز بالاسىن ئاتام،
ئاقىزسە ياشىنى شىكەستە ئانام.

سۇدىن ئۇستىخانىم تاپىلسە ئەگەر،
چۇ سىنەمنى يارسۇن ھەم ئەتسۇن نەزەر.

بولۇپ دەردى ھىجران تەنىم مۇ-بەمۇ،
زەھى لالەدەك خۇن ئېرۇر تۇ-بەتۇ.

تەنىمنىكى ئىزدەپ تاپار ھەرقاچان،
چۇ سەئدىن ياندا قىلنسۇن مەكان.

كى روھۇمغە قىلسۇن خەلايىق دۇئا،
خۇدا دەرگەھىغە قىلىپ① ئىلتىجا،

نەكىم بۇ جەھاندىن كېتىپ بىمۇراد،
كى ھىجران ئوتىدىن كۆل ئولدى نىھاد.

بۇ ئالەمدە بارمۇ مېنىڭدەك يامان،
يامان بولغان ئوبدان جەھاندىن نىھان.

① قوليازمىدا "كېلىپ" دەپ يېزىلىپ قالغان.



ئېرۇر بەندەلىكدە يامان-ياخشىلىق،
ۋەلېكىن خۇدايىم كەرەم بەخشىلىق.

ئەگەر قىلسە بەندە خەتا بىرلە سەھۋ،
نېتاڭ تەۋبە بىرلە خۇدا قىلسە مەھۋ.

يەقىن كەل قەرىنداش سۆزۈمنى ئىشىت،
جۇدا بولدۇق ئەمدى دەرىغا، ئىسىت!"

تەنىدە ئېگىنۇ باشىدا تۇماق،
تۇماقىنى ئالدى دىدى "ئەلفىراق!

بارىپ توھفە قىلغىل ئانامغە مۇنى،
مېنى ياد قىلسۇن كۆرۈپ ھەر كۈنى."

تۆگەتتى سۆزىنى ئوشول مەھجەبىن،
قاباق بىرلە باردى قىراغە يەقىن.

بۇ مەزمۇننى قىلدى زەبانىدا ۋەردە
كى سەرگەشتە بولدى چىنان بادگەرد:

"رەزەيتۇ بىما قەسەمۇللاھۇلى،
ۋە فەۋۋەزتۇ ئەمرى ئىلا خالىقى[1]."

قاباغىنى قويىدى فىغان باشلادى،
دىدى "ئاھ" سۇغە ئۆزىنى تاشلادى.

كى بىچارە ئېردى سەداقەت ۋىسار،
جانىن قىلدى جانانەسىگە نىسار.

كەل ئەي ساقى لۇتف ئەت ماڭا جامى جەم،
كى غەم تاغى قىلدى ۋۇجۇدۇمنى خەم

فەلەك سالدى ماتەم بىلە رۇستەخىز،
ئانى نۇش ئەيلەپ بولاي ئەشكرىز.

[1] بۇ ئىككى مىسرانىڭ مەنىسى: "ئاللانىڭ ماڭا قىلغان قىسمىتىگە رازى بولدۇم ۋە ئۆز ئىشلىرىمنىڭ ھەممىسىنى ياراتقۇچىمغا تاپشۇردۇم."



رابىئە جەمالى گۇلىن قەزا تۇند بادى خەزان ئەيلەگەنى ۋە ئانىڭ نەۋرەس نىھالىن دەريا مەۋجى خەسۇ خاشاكلاردەك بەقا مەئۋاسىغە ئىلتكەنى، بۇ ۋاقىئەئى فىراق ئەنگىزنى سىكىلىسى ئاناسىغە خەبەر قىلغانى ۋە بۇ ئىستىمائى ئىشتىياق زەھر ئامىزدىن ئانىڭ جىسمى غۇنچە ئەۋراقىدەك پارە-پارە بولغانى ۋە فەرزەند جىگەر بەند جىسمىنى دەريا قىراقىدا ئىزدەپ، ئاتا ۋە ئاناسى نەۋھە ئاغاز ۋە ماتەم پەردازلىق ئەيلەگەنى

مەئانى نىھالى بىبىك چەكتى باش،
كى ئەسمارىن ئەتتى ئۆلۈس ئىچرە فاش.

بۇ ۋاقىئەدا ھازىر ئىدى سىكىلىسى،
دىماغىدىن ئۆرلەپ ھەراقەت ئېسى.

ئاناغە ئانىڭدىن خەبەر ئەيلەدى،
ئىشىتتىكى ئانەش شەرەر ئەيلەدى.

يۇلۇپ ساچ، قىلدى ياقاسىنى چاك،
كى تىرناقلارىدىن يۈزىن زەخمناك.

تەگىز جانىبىغە قىلىپ ئىزدىھام،
قىلىپ سەيھە زىكرى: "دەرىغا بالام!"

كېلىپ چۈن قىراغە نەزەر ئەيلەدى،
كۆرۈپ مەۋجىن ئانداغ ھەزەر ئەيلەدى.

تاپالماي قىزىدىن كى نامۇ نىشان،
غەم ئەندۇھ بىرلە يۈتار ئېردى قان.

ئوشول دەم بېرىپ رەۋكى بىھۇشلۇق،
ئىشتكەنگە ھەم يەتتى مەدھۇشلۇق.

قىلىپ ئاھ ئەفغان قىيامەت كەبى،
جەزەئ بىرلە رۇزى نەدامەت كەبى.

قىلىپ ئۆتكەن ئىشغە تاپالماي ئىلاج،
ئانى ئىزدەمەككە بولۇپ ئېھتىياج.

باقىپ خەلق بىرلە قىلىپ ئىزتىراب،
قۇياشنىڭ يۈزىگە ياپىلدى نىقاب.

جەھاننىڭ يۈزىنى ئالىپ تىيرەلىك،
ئۇلۇسنىڭ يۈزى ھەم بولۇپ خىرەلىك.

بارىپ ئۆيلەرىدىن كېتۈردى چىراغ،
كىچىك ـ چوڭ خەلايىق بولۇپ زىكىر داغ.



كېزىپ سۇ قىراقىن كېچە ئۇيقۇلۇق،
ئۆتۈپ كېچە بولدى سەھەرگە ياۋۇق.

ئانا يىغلادى كۆپ پۇشايمان قىلىپ،
كى ئەلنىڭ دىلىنى پەرىشان قىلىپ:

"جەھان قەسرى ئىچرە بىھىشتىم بالام،
كى غەم بىرلە بولغان سىرىشتىم بالام"

قارا تۈنلەر ئىچرە چىراغىم بالام،
كۆزۈم نۇرى بەلكى ياراغىم بالام.

كى ئىقلىمدىن ئارتۇق خىراجىم بالام،
مۇقەددەرگە قايىسى ئىلاجىم بالام.

*

رابىئە ــ سەئدىن» داستانى يۇقۇرقى نۇسخىدا مۇشۇ يەرگە كەلگەندە ئۈزۈلۈپ قالغان.

تۆۋەندە، يۇقۇرقى نۇسخىدا يوق مىسرالار بۇ داستاننىڭ 1940 ـ يىلى كۆچۈرۈلگەن، ھازىر شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېيدا ساقلىنىۋاتقان 62 ـ نومۇرلۇق قوليازما نۇسخىسىغا ئاساسەن قوشۇمچە قىلىندى.

A. داستاننىڭ بېشىدىن سانىغاندا، 4 ـ بېيت ئورنىدا:

خىرەد چۈن تارىخ ھىسابىن دىدى،
مىڭ ئىككى يۈز قىرق سەككىز ئىدى.

6 ـ بېيىت ئۇرنىدا:
ئەجەب ۋاقىئات چۇ بولمىش ئەيان،
ئىكى ئاشىق بىر بىرىگە تاپشۇردى جان.

*

B. بۇ مەزمۇننى قىلدى زەبانىدا ۋەرد،
كى سەرگەشتە بولدى چىنان بادگەرد.

دىگەن بېيىت بىلەن

كى بىچارە ئېردى سەداقەت ۋىسار،
جانىن قىلدى جانانەنىسىگە نىسار.

دىگەن بېيىت ئارىلىغىدا تۆۋەندىكى مىسرالار بار:

چېكىپ نالە ئۇلدەم سەماغە قاراپ،
نەچە دەرد بىلە ئەيلەدى ئىزتىراب:

"ئايا چەرخى زالىم تۇگەندى ئىشىڭ،
بۇدۇر ئەمدى ئىشق ئەھلىغە قىلمىشىڭ.

سېنىڭ كارىڭ ئۇلدى جەفاكارلىق،
كى يوق سەندە ھەرگىز ۋەفادارلىق.

ئەزەلدىن ئەبەد كىمگە قىلدىڭ ۋەفا،
ۋەفا ئەھلىغە يەتتى سەندىن جەفا.



قىلىپ ئىشق ئېلى كۆندۈزىنى كېچە،
قارا شام ئېتىپ ھالىنى ئۆزگەچە.

نەسىب ئەتمەيىن ۋەسلى ئەييامىنى،
جۇدالىق تاشى سۇندۇرۇپ جامىنى.

ئايا كۆك، بۇ ھالىمغە بىر دەم كۆلۈڭ،
كى دەۋر ئەيلەبان باشىمە ئۆرگۈلۈڭ.

ئايا ھۆرۇ غىلمان تەماشا قىلىڭ،
مەن ئەتكەن قىلىقنى تەمەننا قىلىڭ.

فەنا مەنزىلىگە خىرام ئەتتى يار،
تىرىكلىكنى بىزگە ھەرام ئەتتى يار.

ئانىڭ ئارقاسىدىن تېز ئەمدى كېتەي،
ۋىسال ھەرەمىغە پاتراق يېتەي.

چۇ ئۇل يار بىرلە بۇ كۆن بولدى توي،
قىلۇرمىزكى يارىم بىلە گۇفتىگۇي.

قەنى ئىشق ئېلىدىن بۇرۇن كەچكەن ئەل؟
فەنا جامىنى ئىشق ئارا ئىچكەن ئەل.

يىغلىپ كېلىڭ بارچە ئۇششاقلار،
كى بولغان بۇرۇن زىر تۇپراقلار.

تەفەررۇج قىلىڭ توي ھەنگامەنى،
ئاتىمغە پۈتۈك ئىشق ئارا نامەنى

ئايا لەيلى، توي باشلاڭىز بۇ كېچە،
كى قىلسۇن تەماشا جەھان ئۆزگەچە.

ۋەفا كانى شىرىن لىقالار مىنى،
ۋەفادار يارىمغە باشلاڭ مىنى.

كېلىڭ ئەمدى ئۇزرا مۇھەييا بولۇڭ،
زەمانى بۇ توي ئىچرە ئەھيا بولۇڭ.

كى يارىم ۋىسالىغە مۇشتاقمەن،
ئاراغە ئالىبان سالىڭلار يۆلەن.

ئايا لەيلى سىز، ھەي يۆلەن باشلاڭىز،
داغى شىرىن ھەي-ھەي يۆلەن باشلاڭىز.

دىبان نەقش ئۇزرا دەڭىز يار-يار،
قوشۇق ئەيتىبان ئەيتىڭىز يار-يار.



بولۇڭ ئەندەلىب ئەمدى داستان سەرا،
ماڭا نەقش ئەيتىپ چېكىڭلەر نەۋا.

يۈزى شەمئىغە ئەسرۇ پەرۋانەمەن،
كى پەرۋانەدەك ھەر زەمان يانەمەن.

كېلىڭ ئەمدى فەرھادۇ مەجنۇن بىلە،
كى ۋامىق كېلىڭ سەئدى مەھزۇن بىلە.

چۇ سەئدىن نىگارىمغە قولداش ئۇلۇڭ،
كى ئۇششاقلار سارى يولداش ئۇلۇڭ.

فەنا كۇشكىدە سىز قىلىڭ ۋەسلى يار،
ئانىڭسىز بولۇپمەن زەھى بىقەرار.

يىگىتلەر بىلە كەلسە ئول سەئدىنىم،
فىدا مەقدەمىغە بۇ جانۇ تەنىم.

چۇ مۇز پەردەسى ئىچرە غەۋۋاس بولاي،
چۆكۈپ تەھتىگە يارغە خاس بولاي.

ۋەفادارلىق رەسمىنى پاش ئېتەي،
كى ئول يارغە ئۆزنى يولداش ئېتەي.

مېنىڭ ھەسرەتىمدە نىھان بولدى يار،
قويۇپ بىزگە غەمنى ئەمان بولدى يار.

## غەزەلى رابىئە

بۆگۈن بارغۇمدۇرۇر، چۈنكى بولۇرمەن ۋەسل يارىمغە،
فەلەك باقماڭ فەناسىز مەنزىلىدە يوقۇ بارىمغە.

تەزەللۇم تىيرى دەۋراندىن، قۇتۇلماي ئاھۇ ئەفغاندىن،
تويۇپمەن يار ئۈچۈن جاندىن كى باقماڭ ئىنتىزارىمغە.

رەفىقى لەيلى، مەجنۇن روھىگىزنى ئەيلەدىم خۇشنۇد،
پىسەند ئەيلەگكى ئول يارىمغە قىلغان جان نىسارىمغە.

نە ئاندا ئىختىيار ئولغاي ماڭا جان ئەيلەمەك قۇربان،
قۇيۇبان ئەشك ياغىن ھەرزەمان ئوتلۇق ئۇزارىمغە.

ئەزەل لەۋھىغە يازمىش بۇ سۇفەت ئەۋۋارەلىق شەرھىن،
داغى ئىشق ئوتى قويمايدۇر مېنىڭ ھەم ئىختىيارىمغە.

ئايا فەرھاد ـ شىرىن ئەيلەگىز بىزگە رەفاقەتلىك،
كى ھىجران ئوتى ھەرگىز بەرمەدى تەسكىن قەرارىمغە.



ئايا بۇلبۇلكى داد ئەيلەگكى [بۇ] توي بولدى شاھانە،
تەئەجۇب ئەيلەگىز ئىشق ئىچرە قىلغان كارۇ بارىمغە.

تەماشا ئەيلەگىز بۇ توي ئارا ئەي ھۆرۇ غىلمانلار،
فىغانۇ نالەلەر ئەيلەپ، كېلىڭ ئەمدى كەنارىمغە.

قاراڭ ھالىمغە كىم ھەيرەت بىلە ئەي ۋامىقۇ ئۇزرا،
كۆرۈپ ئەيلەپ تەرەھھۇم دەردۇ رەنجى بىشۇمارىمغە.

كېلىبان يار ئۆلۈك بىزگە ھەمە ئەرۋاھى ئاشىقلار،
مەدەد ئەيلەڭ ماڭا لۇتف ئەيلەبان ئول يان بارارىمغە.

ئەيادەرد ئەھلى، ھەسرەتلىك سۆزۈمنى ئەيلەگىز ئەۋراد،
پۈتۈك باشىمغە كەلگەن دەردنى لەۋھى مەزارىمغە.“

بۇ نەقشىنى دەپ زار ھەسرەت بىلە،
قاراپ ھەر قايان داغ فۇرقەت بىلە.

كۆرۈندى كۆزىگە بۇ ئالەم قارا،
كى مەھۋ ئولدى دىلدىن ھەمە ماسىۋا.

ۋۇجۇدى ئارا ئىشق ئوتى ئۇردى جۇش،
تۇزۇپ ئاندا بىر دەم فىغانۇ خۇرۇش.

ئاتادىن يېتىشكەن ستەملەرنى دەپ،
ئانادىنكى بولغان ئەلەملەرنى دەپ.

چۇ دەريا باشىدا قىلىپ نالە كۆپ.
ئۆزىنى قىلدى پەرگالە-پەرگالە كۆپ.

چۇ كۆرمەي ۋەفا يار قەرداشىدىن،
كى تاشلاپ بارىنى كېچىپ باشىدىن.

ئېتىپ بەھرىگە ئول زەمان ئىزتىراب،
چۇ ئول يار ئەكسىنى كۆردى قاراپ.

كۆرۈندى كۆزىگە سۇدا ئەكسى يار،
خىرام ئەتكەلى ئەيلەدى ئىختىيار.

قەرىنداشىغە كۆپ ۋەسىيەت قىلىپ،
فەنا سارى بارماقنى نىيەت قىلىپ.

دېدى ئول زەمان: "ئەي كۆزۈم رەۋشەنى،
بۇ گىردابى غەمدىن تاپىڭلار مېنى.

ئانامغە دىگىل نالە كۆپ قىلماسۇن،
ئاتام ئۆزنى پەرگالە كۆپ قىلماسۇن.



ئۆزى قىلغان ئىشقە پۇشايمان نە سۇد،
كى بىھۇدەدۇر زار ئەفغان نە سۇد.

دۇئا بىرلە خۇشنۇد قىلسۇن مېنى،
بۇلار داغى كۆرسۇن مېنىڭدەك سېنى."

بۇ سۆزنى دېبان، سوگرە يۇمدى كۆزىن،
كى ئۇشىشاقلار ئىچرە كۆردى ئۆزىن.

كىرىپ بەھرىغە ئىسمى ئاللاھ بىلە،
تاپىشتىكى مۇشتاق ھەمراھ بىلە.

بولۇپ ئول زەمان بەھر ئارا ناپەدىد،
كى ھىجران قىلىچىدا بولدى شەھىد.

*

C. كى ئىقلىمدىن ئارتۇق خىراجىم بالام،
مۇقەددەرگە قايىسى ئىلاجىم بالام.

دىگەن بېيىتدىن كېيىن تۆۋەندىكى مىسرالار بار:

كۆكۆل باغى ئىچرە ئاچىلغان گۇلۇم،
دەمى بۇيى ئالماي ساچىلغان گۇلۇم.

بۇ ھالىڭنى بىلسەم ئىدى كاشكى،
ئىلاجىڭنى قىلسام ئىدى كاشكى.

ئايا ئەي جىگەر بەند، باشىم ئەفسەرى،
ئاتاڭ ئابرويى كۆزۈم گەۋھەرى.

نېتەي ئاھ! سۇندى قەناتىم مېنىڭ،
قاچان مۇمكىن ئۇلغاي نەجاتىم مېنىڭ.

جانىم ئىچرە تۇتتۇڭ ئەلىفدەك مەكان،
پەرى يەڭلىغ ئولدۇڭ كۆزۈمدىن نىھان.
. . . . . . . . . . . .

كى پەژمۇردە بولغان جەمالىڭغە داد،
خەزان بادى يەتكەن نىھالىڭغە داد.

تىرىكلىكدە چەككەن فىغانىڭغە داد،
كى دەريادا بولغان نىھانىڭغە داد.

بەسى ئەۋجى تاپقان كەمالىڭغە داد،
يەنە پاتراق ئولغان زەۋالىڭغە داد.

گۇلىستاندىن ئەفزۇن ئۇزارىڭغە داد،
سىينى كۆرمەي ئۆلگەن نىگارىڭغە داد.

قىلىپ سەنكى ئاشىق ئۈچۈن جان فىدا،
قىيامەتدە ئەجرىڭنى بەرگەي خۇدا.



نېتاڭ بولسام ئەمدى ھەزىن بۇلبۇلۇڭ،
چۇ دىۋانە قىلدى قارا كاكۇلۇڭ."

تاپىپ ھەم بۇ ئىشدىن ئاتاسى خەبەر،
يېتىپ كەلدى يىغلاپ شەھەردىن سەھەر.

كېلىپ سۇ لەبىگە دىدى: "ۋا دەرىغ!"
كى خۇناب ئەشكىن ئاقىزدى ئەرىغ.

قىلىپ ئەل نەسىھەت دەمادەم ئاڭا:
"كېلۇر بارچەمىزگە، ئەمەستۇر ساڭا.

قىلىپ ئىشنى سوڭرە پۇشەيمان نە سۇد،
بۇ ئېرمىش قىزىڭغە قەزايى ۋۇدۇد.

كېسەر ئۆمر نەخلىن ئەجەل ئاقىبەت،
ئەدەمدۇر بۇتۇلى ئەمەل ئاقىبەت."

مەئەلقىسسە، ئىزدەپ تاپا ئالمادى،
يۇرۇپ باقماغان ھېچ قارا قالمادى.

كېيىپ ماتەمگە قارا تون ئاتا،
قىلىپ ئىشلاردىن پۇشەيمان ئاتا.

زەبانغا ۋارىد بولۇپ: "ۋاي بالام!
سىيەھ بولدى ئالەم ماڭا ۋاي بالام!"

ھەۋادىس جەھاندىن ئەگەر كەتسە جان،
دەرىغكىم تاپىلسا ئىدى ئۆستىخان.

ئېتىپ ئانچە تەفتىش تاپالماي جەسەد،
تەگىز چورەسىدە قىلىپ جىددۇ جەھد.

بۇ مۇددەتدە ئۆتتى ئاڭا ئالتە ئاي،
گۇمانى مەگەركىم باسىپ قالدى لاي.

بەناگاھ تاپتى، ئانىڭدىن نىشان،
"فەلان يەردە تۇرمىش" دېبان ئۆستىخان.

بۇ غەم بىرلە ھەيران ئاناسى مەلال،
بارىپ تاپتى ئانى ئاتاسى مەلال.

ئەگەرچە بۇ ئىشغە مەلالەت ئىدى،
بۇ مۇددەتدە جىسمى سەلامەت ئىدى.

ئالىپ كەلدى يىغلاپ خەلايىق بىلە،
ھەمە ئەقرە بايۇ ئەلايىق بىلە.



كەڭەشتىكى ئاندىن ھەمە نىك راي:
"قىلالىكى سەئىدىن ئاياغىدا جاي."

كى لىللاھ قىلدى ئاتاسى نىياز،
كەفەن بىرلە تەجھىز قىلىبان نەماز.

قىلىپ ئاشىقنىڭ ئاياغىدا گور،
كى تۇپراق ئىچىدە نىھان بولدى نۇر

چۇ ئولتۇردى ئانداغ قەمەر ئافتاب،
كى خاكى زەمىندىن ياپىلدى نىقاب.

فەنا قەسرى ئىچرە بولالماي ۋىسال،
بەقا سارى كەتتى قىلىپ ئىنتىقال.

نېتاڭ بولسا ۋاسىل بەقادا ئىكەۋ،
دىدىم ئىككى ئانداغكى بولسا بىرەۋ.

كەل ئەي ساقى ئەيلە مېنىڭ بىرلە بەزم،
قىلۇرغە يېتىشتى بەقاسارى ئەزم.

ئەگەر سائەت ئولساڭ قاشىمدىن يىراغ
مەگەر قالغۇسىدۇر كۆڭۈل ئىچرە داغ.

*

62 ـ نومۇرلۇق نۇسخىدا، داستان مۇشۇ يەرگىچىلىك كۆچۈرۈلگەن. بۇنىڭغا ئۇلىشىپ كېلىدىغان مىسرالار، ئەخمەت زىيائى «شىنجاڭ ئەدەبىيات ـ سەنئىتى» ژورنىلىنىڭ 1957 ـ يىللىق 6 ـ سانىدا ئېلان قىلغان «رابىئە ـ سەئىدىن» داستانىغا ئاساسەن قوشۇمچە قىلىندى.

فەلەكى پۇرنەكابەت شىكايەتىدەكىم، مۇسافىرلارىكىم مەقسەد
جانىبىغە گام ئۇرسە، فىراق شامىدىن پەردە تارتار ۋە مۇراد
گۇلىستانىدىن گۇل نەسىمىنى مەشامىغە يەتكۈزمەي خەزان
ئەيلەمەك لۇئبەتىن كۆرگۈزۈر ۋە جەمال ئايىنەسىنى مۇزەللەت
غۇبارى كۇدۇرەت باغلاماق ئىشتىغالىن جەھد ئەيلەر

چۇ گەردۇن بىزاھىر ئېرۇر نەۋئەرۇس
بەسى زىيب بىرلە قىلىپدۇر جۇلۇس.

كى خۇرشىد خاۋەر يۈزى كۆزگۈسى،
قۇلاقىغە پەرۋىن ئېرۇر ئۈنجۈسى.

كى زۇلفىغە شانە بولۇپدۇر ھىلال،
كىيەر جامەسىن ھەم ياشىل بىردە ئال.

نەزەر ئەيلەر ھەركىم دىلۇجان بىلە
ئانى كەلتۈرۈرگە كۆپ ئەرمان بىلە.



بەسا ئۆمر ئىچرە قىلىپ ئىزتىراب،
بولۇر زارۇ ھەيران يۈزىگە قاراپ.

ئۇشول بىخىرەد كىم ئېرۇر سادە، گول،
دىمەس نەۋئەرۇس ھەم بېرۇر ئاڭا قول.

بىلۇر مەۋسىمىنى ئۇزاقتىن ئۇزاق،
ۋەلېكىن تۇتارغە قويار ئول تۇزاق.

بەسى شىرىن ئىشدۇركى ئەفسانەسىن،
ئەگەر قەسد قىلسە ئانىڭ دانەسىن.

باشىن قەيد بىرلە گىرىفتار ئېتەر،
ئانى لەھۋ بىرلە گىرىفتار ئېتەر.

ھەلاك ئەتكۈسىدۇر ئانى ئاقىبەت،
قولىدا تۆكۈلگەي قانى ئاقىبەت.

نېدىن لالە باغرى ئېرۇر بۇنچە خۇن؟
ئانى غەمكىن ئەتتى فەلەك ۋاژگۇن.

كى سەۋسەن گۇلىنىڭ ئېرۇر باغرى چاك،
چۇ گەردۇن تىغىدىن ئېرۇر زەخمناك.

بەسا غۇنچە كۆڭلى گىرىھدارلىق،
كۆلۈپ تاڭلاسىدا يېتەر خارلىق.

كۆزى خۇنغە ئامىز ئېرۇر ئەندەلىب،
قىزىل گۈلنىڭ ئولدى خەزانى قەرىب.

گۈلى ئەرغەۋاننىڭ يۈزىدۇر سارىغ،
بەقاسىز جەھاندىن چېكەر ئول دەرىغ.

كۆرۈك كىم بىھىنىڭ يۈزى بولدى زەرد،
فەلەك گەردىشىدىن يۈزى بولدى گەرد.

چۇ ماتەم لىباسىن كېيەر بولدى زاغ،
شىكەنجى زەماندىن ئەمەستۇر فەراغ.

چۇ گۈنجىشك بولدى كېيەر ژەندەئى،
ھەزىن قەيدى ئىچرە ئېرۇر بەندەئى.

چېكەر چۇغز ۋەيرانەلەردە سەدا،
كى غەم خەيلىدىن ئول ئەمەستۇر جۇدا.

چۇ تاۋۇس ئەيلەر سەھەر بولسە باڭ،
كى بەلگۈردى يانە ئۆتەر كۈنگە تاڭ.



كى دۇجاجە فەرياد ئېتەر ھەرزەمان،
دەرىغا ئۆتەر دەپ بەقاسىز جەھان.

چۇ كۆكتالغۇ سەۋدا بولۇر ھەر سەباھ،
تاپالماي جەھاننىڭ ئىشىغە سەلاھ.

ھۇمايى ھەۋادا مۇئەللەق ئۇرار،
تۈشۈپ كۆلبەسىگە يانا چەرخ ئۇرار.

ئۇلۇس دەركى بولمىش ئۆزىنىڭ خويى،
دىماغىغە يەتمەس ۋەفانىڭ بويى.

ئېرۇر قۇمرى بويىنى ئۆزە تەۋقدار،
كى ئاۋاز ئەيلەپ قەناتىن ئۇرار.

ئەمەس تەۋق غەمنىڭ جىھادى ئېرۇر،
ھەزىن خاتىرىنىڭ شوئارى ئېرۇر.

نېدىن ئارسلاننىڭ ئېرۇر جىسمى داغ،
ستەمگەر زەماندىن ئەمەس كۆڭلى ساغ.

جەبەلنىڭ يۈزىكىم بەسى يارەدۇر،
كى تىرناغى زەخمى بىلە پارەدۇر.

# لۇغەت

تۇتار بىر مەجنۇن باشىنى تۆبەن،
ئانى غەمكىن ئەتمىش بۇ دەھرى كۆھەن.

دىدىم نەۋئەرۇس كى ئىبرۇر پىرۇ زال،
ئەجەب ھەرزە گۆيدۇر ئەفسۇن سىگال.

ئانىڭ ۋەرزىشىدۇر ستەمكارلىق،
دەمى شاد يۇرسەڭ، دەمى زارلىق.

ئىبرۇر سىفلە پەرۋەر ئانىڭ قىلمىشى،
ئەمەسدۇركى ئىمىن ئانىڭدىن كىشى.

ئەگەر ئول گەدادۇر ۋەگەر زىبھە شەم،
قارا يەردە بولغاي ۋۇجۇدى ئەدەم.

كەل ئەي ساقى تۇردۇم يولۇڭغە قاراپ،
بىرۇر جۇرئە مەي دەپ، قىلىپ ئىزتىراب.

نىزارى بولۇپدۇر بەسى خۇد پىسەند،
ھەۋا ھەيدى بولمىش يولىغە كەمەند.

ئەگەر نەچچە تۇتساڭ تامىزماي ئىچەي،
ۋەفاسىز جەھانىڭ بارىدىن كېچەي.

## ئا

| | |
|---|---|
| ئاب | سۇ |
| ئابۇشقە | 1) بوۋاي؛ 2) ئەركىشى. |
| ئابىد | ئىبادەت قىلغۇچى، دىندار. |
| ئابى رەۋان | ئېقىن سۇ. |
| ئابى ھەيۋان | (ئابىھايات) ئەپسانىۋى ھاياتلىق سۈيى، تىرىكلىك سۈيى. |
| ئاراستە | بېزىمەك، ياساندۇرماق. |
| ئازۇردە | ئازار يېگەن، غەمكىن، كۆڭلى قالغان. |
| ئاسا | ئوخشاش. |
| ئاسۇدە | تېنچ، خاتىرجەم. |
| ئاشام | ئىچىمىش |
| ئاشۇب | غەۋغا، ماجىرا. |
| ئاشۇقۇش | ئالدىراش. |
| ئاشىفتە | پەرىشان، ئاشىق |
| ئاغاز | باش، باشلىنىش. |
| ئاغۇشتە (~ئاغىشتە) | ئارىلاشقان، مىلەنگەن. |
| ئالات | قورال-جابدۇقلار، ئەسۋاپلار (بىرلىكى "ئالەت"). |
| ئالۇدە | مىلەنگەن، بولغانغان. |
| ئانچىنان | شۇنچە، شۇنچىلىك؛ شۇنىڭغا قەدەر. |
| ئاھو | كېيىك. |

ئاياق — قەدەھ.

ئاياقچى — ساقى، قەدەھ تۇتقۇچى.

ئاي ـ — ئېيتماق، دېمەك، سۆزلىمەك.

ئاينە (~ئايىنە) — ئەينەك.

ئايىن — 1) ئادەت، قائىدە ـ يوسۇن؛ 2) ئوخشاش.

ئايىنىنەما — چىرايلىق، بېزەلگەن.

## ئە

ئەبتەر — پەرىشان؛ بەختسىز.

ئەبد — بەندە، قۇل.

ئەبر — بۇلۇت.

ئەبھەر — بوتا كۆز گۇل، نەرگىس.

ئەبۋاب — ئىشىكلەر، باپلار (بىرلىگى "باب").

ئەبىر — خۇشبۇي، ماددا، ئىپار.

ئەبيات — بېيىتلەر (بىرلىگى "بەيىت")؛

ئەجناس — 1) جىنس، تۈر؛ 2) ئۇستىۋاش، كىيىم.

ئەجمەل — ئەڭ گۈزەل.

ئەختەر — يۇلتۇز.

ئەدەب — ياخشى تەربىيە.

ئەدەددىن فۇزۇن — ھەددىدىن زىيادە، سان ـ ساناقسىز.

ئەدەم — 1) يوق، يوقلۇق؛ 2) نابۇت، ئۆلۈم.

ئەدۇ — دۈشمەن، رەقىب.

ئەرازىل — پەسكەش كىشىلەر، رەزىللەر.



(بىرلىگى "رەزىل").

ئەر جۇمەند — ئەزىز، ھۆرمەتلىك، قەدىرلىك؛ ئەر جۇمەند بولماق ـــ قەدىرلىك بولماق، ھۆرمەتلىك بولماق.

ئەر غۇۋان — باھاردا ئېچىلىدىغان قىزىلگۈل دەرىخى.

ئەركان — تىرەكلەر، تايانچلار (بىرلىگى "رۇكن").

ئەزەلى — ئەزەلدىكى، قەدىمقى، ئەسلىدىكى.

ئەزم — قارار قىلماق، نىيەت قىلماق.

ئەزھان — زېھىن، ئەقىل، پەم ـ پاراسەت.

ئەزىم — ئۇلۇغ، بۈيۈك.

ئەسەر — تەسىر.

ئەسب — ئات، ئات كۆچى.

ئەسباب ـ ئالات — كېرەكلىك نەرسىلەر.

ئەسرار — سىرلار.

ئەسرۇ — ناھايىتى، ئىنتايىن.

ئەسغەر — ئەڭ كىچىك.

ئەسمار — مېۋىلەر.

ئەسنا — پەيت، ۋاقىت.

ئەشتەر — يۇلتۇز نامى.

ئەشتەر فىشان ـــ يۇلتۇز چاچقۇچى.

ئەشجار — دەل ـ دەرەخلەر.

ئەشرار — يامانلار، بۇزۇقلار (بىرلىگى "شەرىر").

ئەشراف — شەرەپلىك كىشىلەر، ئەتىۋارلىق ئادەملەر، (بىرلىگى "شەرىف").

ئەشكال  تۈرلەر، جىنسلەر، نەۋئىلەر.
ئەشهەب  بوز ئات.
ئەغلال  زەنجىر ـ كىشەنلەر (بىرلىكى "غۇلل").
ئەغيار  يات، بىگانە.
ئەفئا  قارا يىلان، زەھەرلىك يىلان.
ئەفئال  ئىش ـ ھەركەت، پېئىل.
ئەفتادە  تاشلاندۇق، چۈشكۈن، خار، يىقىلغان.
ئەفروز  سۆز بىرىكمىسىدە يورۇتقۇچى، قىزىتقۇچى
مەنىسىدە كېلىدۇ.
ئەفزا  سۆز بىرىكمىسىدە كۆپەيتكۈچى، ئاشۇر-
غۇچى مەنىسىدە كېلىدۇ. دۆلەت
ئەفزا ــ بايلىق كۆپەيتكۈچى.
ئەفزۇن  ئارتۇق، زىيادە، كۆپ.
ئەفسار  نوختا، تىزگىن.
ئەفسەر  تاج، بىرەر نەرسىنىڭ بېشى، ئۇچى.
ئەفسۇردە  روھسىزلانغان، چۈشكۈن، سولغۇن.
ئەفغان  پىغانلار، ئاھۇ ـ زار (بىرلىكى "فىغان").
ئەفكەندە  تاشلاندۇق، خار.
ئەقد  1) باغلاش (نىكا ھەققىدە)، چېتىش.
2) شەرت، شەرتنامە، كېلىشىم.
ئەقدام  قەدەملەر (بىرلىكى "قەدەم").
ئەقرەبا  ئۇرۇق ـ تۇققان.
ئەقسام  قىسىملار، تۈرلەر، خىللار،
(بىرلىكى "قىسىم").



ئەقۋال  سۆزلەر.
ئەكابىر  ئەڭ ئۇلۇغلار (بىرلىكى "ئەكبەر").
ئەكنۇن  ئەمدى.
ئەلالا  شاۋقۇن ـ سۈرەن.
ئەلايىق  ئالاقىلار، باردى ـ كەلدىلەر، مۇناسى-
ۋەتلەر.
ئەلەف  ھەلەپ، بوغۇز، يەم.
ئەلقاب  لەقەملەر، ئۇنۋانلار (بىرلىكى "لەقەب").
ئەللامە  ئەڭ بىلەرمەن، ئالىم.
ئەمنىيەت  تېچلىق، خاتىرجەملىك، ئامانلىق.
ئەمۋال  مال ـ دۇنيا.
ئەمىق  چوڭقۇر، تىرەن.
ئەنبەر  خۇشپۇراق ماددا، ئىپار.
ئەنبۇھ  1) كۆپلىگەن، توپلانغان؛ 2) تولا، توپ.
ئەنجۇم  يۇلتۇزلار.
ئەندەك  ئازغىنا، بىرئاز، كىچىككىنە.
ئەندەلىب  بۇلبۇل.
ئەنهار  دەريالار (بىرلىكى "نەھر").
ئەندۇھ  غەم ـ قايغۇ، ھەسرەت.
ئەندۇز  يىغىش.
ئەھەد  بىر، يالغۇز، تەنها (ئاللانىڭ سۈپىتى).
ئەھباب  دوستلار (بىرلىكى "ھەبىب").
ئەھرەمەن  دىۋىلەر باشلىقى.
ئەھسەن  ئەڭ گۈزەل، ئەڭ ئېسىل.

| | |
|---|---|
| ئەھمەر | قىزىل، قىزغۇچ. |
| ئەھيا | تىرىك، ۋۇجۇتقا چىقىش. |
| ئەۋراد | ۋەزىپىلەر، دۇئالار (بىرلىكى "ۋىرد") |
| ئەۋرەڭ | 1) تەخت؛ 2) تاج؛ 3) ئاقىل، گۈزەللىك؛ 4) ئاسمان (يۇلتۇزلار تۈركۈمىدىكى بىرىنىڭ نامى.) |
| ئەۋساف | ماختاشلار، سۈپەتلەر (بىرلىكى "ۋەسف"). |
| ئەئدا | دۈشمەنلەر (بىرلىكى "ئەدۇ)." |
| ئەئزەم | بۈيۈك، ئۇلۇغ. |
| ئەئلا | ئەڭ ئالى، ئەلا. |
| ئەئيان | ئالىجاناپلار، ئۇلۇغ زاتلار. |
| ئەيادەت | ھېيت، بايرام. |
| ئەينۇلھەيات | ھاياتلىق بولىقى، ھاياتلىق سۈيى. |
| ئەييام | كۈنلەر (بىرلىكى "يەۋم"). |

ب

| | |
|---|---|
| باتىن | ئىچى، دىلى. |
| باتىل | يارىماس، بىھۇدە، بىكار. |
| باد | شامال. |
| بادبان | كېمە چېدىرى، يەلكەن. |
| بادپايى | يۈگۈرۈك، چاپقۇر ئات. |
| باۋەر | ئىشىنىش، ئىشەنچ. |
| بائىس | سەۋەپ. |



| | |
|---|---|
| بادىيە | چۆل، سەھرا. |
| بەدرى | تولۇن ئاي، بەدرى مۇنىر — نۇرلۇق تولۇن ئاي. |
| بەدنام | يامان ئاتلىق، |
| بەدھال | ھالى خاراپ. |
| بەرقۋار | چاقماقتەك، چاقماقتا ئوخشاش. |
| بەرگەشتە | ئارقىغا قايتقان، ئاغدۇرۇلغان. |
| بەريان | پىشقان، كاۋاپ بولغان، ئۆرتەنگەن. |
| بەستە | باغلانغان، بەنت بولغان. |
| بەسىرەت | زىرەكلىك، سەزگۈرلۈك، پەم-پاراسەت. |
| بەشەر | ئادەمزات، ئادەم بالىسى. |
| بەقا | 1) تىرىكلىك، ھايات؛ 2) ئەبەدىلىك، بارلىق. |
| بەقەر | ئۆكۈز، كالا. |
| بەلىغ | 1) ماھىر، چىچەن، قابىل قىلارلىق؛ 2) ئۈنۈملۈك، ھەقىقى؛ 3) چوڭ، زور. |
| بەلىييەت | بالا-قازا، بەختسىزلىك. |
| بەھەم | ھاسىل بولۇش. |
| بەھرۇننەجات | پەرھاتنىڭ شىرىن ئۈچۈن قازغان كۆلىنىڭ نامى. |
| بەھرى | دەريا، دېڭىز. |
| بەھىل | رازى، رازىلىق. |
| بەيئەت | ۋەدە، بويسۇنۇش ھەققىدىكى كېلىشىم. |

بەيئى سىتىۋىلىش، سودىلىشىش.

بۇسە سۆيمەك.

بۇقئە جاي، خانىقا.

بۇ قەلەمۇن ئۆزگىرىشچان.

بۇلھەۋەس ھەۋەس ئىگىسى، ئاشىق.

بۇم بايقۇش، مۆشۈك ياپىلاق.

بۇنياد ئاساس: بۇنياد ئەتمەك ــ ئاساس سالماق، بەرپا قىلماق، كىرىشمەك، باشلىماق.

بۆھتەر ئەزىز، ئارتۇق.

بىخاب ئۇيقۇسىز، ئويغاق.

بىخانۇمان ئۆي ـ ماكانسىز.

بىخىرەد ھۇشىنى يوقاتقان، ئەقىلسىز.

بىداد 1) ئىنساپسىزلىق، قانۇنسىزلىق، 2) زۇلۇم، ئىستىبدات.

بىدار ئويغاق.

بىدەرەڭ ھايال بولماي، كېچىكمەي، توختاۋسىز.

بىز چېچىش.

بىسەبات ئەبەدى بولمىغان.

بىسيار كۆپ، نۇرغۇن.

بىشە ئورمان، توقاي، جاڭگال.

بىشۇمار ھەددى ـ ھىساپسىز.

بىگەران ھىساپسىز، سان ـ ساناقسىز.

بىھبۇد 1) ياخشىلىق، ساغلاملىق؛ 2) پايدىلىق، خاتىرجەملىك؛ 3) ئۆزگەرتىش،



گۈللىنىش.

بىھتەر ياخشىراق.

بىلئەدەد سان بىلەن.

بىمەرام مەقسەتسىز.

بىمۇنتەھا چەكسىز.

بىنەزىر تەڭداشسىز.

بىۋايە بەختسىز، تەلەيسىز.

بىۋۇھۇم ۋەھىمىسىز، قورقۇنچسىز.

بىم قورقۇنچ، ۋەھىمە، خەۋپ.

پ

پاداش 1) جازا؛ 2) مۇكاپات.

پارسا ساقلانغۇچى، يامانلىقتىن ئۆزىنى ساقلىغۇچى.

پاسبان ساقچى، گۈزەتچى، قاراۋۇل.

پاكباز چىن ئاشىق، ساداقەتمەن ئاشىق.

پا، پاي ئاياق، پۇت.

پايە باسقۇچ، دەرىجە، مەرتىۋە.

پايەندە دائىمى، مۇقەررەر، مۇتلەق، بەرقارار.

پايبۇس ھۆرمەت، تازىم، بويسۇنۇش؛ پايبۇس ئەيلەمەك ــ ھۆرمەتلىمەك، تازىم قىلماق، بويسۇنماق.

پايگاھ پەگا.

پەدەر ئاتا.

پەدرۇد خەيرلىشىش، خوشلىشىش.

پەدىد پەيدا بولغان، كۆزگە كۆرۈنگەن.

پەرتەۋ نۇر، شوئلا.

پەرخاش جەڭ، ئۇرۇش.

پەرگالە 1) پارچە-پارچە، بۆلەك؛ 2) يىرتىلغان، تىتىلغان، پارچىلانغان.

پەرۋەردە تەربىيە كۆرگەن، پەرۋىش قىلىنغان.

پەرىۋەش پەرىگە ئوخشاش، گۈزەل.

پەژمۇردە پەرىشان، پەرىشانلىق.

پەيام خەۋەر، دېرەك.

پەيكان كىرپىك.

پەيكەر 1) ھەيكەل، گەۋدە، بەدەن؛ 2) سۈرەت.

پەيمان ۋەدە، قەسەم؛ شەرت، شەرتنامە.

پەيمانە پىيالە، قەدەھ.

پەيۋەند سۆز بىرىكمىلىرىدە ئىسىم ياسىغۇچى قوشۇمچە رولىدا كېلىدۇ. ئەفسانە پەيۋەند — ھېكايە ئېيتقۇچى، داستانچى...

پۇر كۆپ، نۇرغۇن، مول.

پۇردان بىلىمدان، بىلىملىك، كۆپنى بىلىدىغان.

پۇردىل قەھرىمان، باتۇر، پالۋان، چوڭ يۈرەك.

پۇركار كۆپ ئىشلارغا ئارىلاشقۇچى، كۆپ ئىشلىگۈچى.



پۇرگوي سۆزمەن، ۋات-ۋات، ئەزمە.

پۇشت تېرە؛ ئارقا.

پۇشتىبان تىرەك، يۆلەنچۈك، تايانچ.

پۇيە بىر خىل تېزلىك بىلەن ماڭماق.

پىچۇتاب (~پىچ-تاب) 1) تولغىنىش، ھاياجانلىنىش؛ 2) قىينىلىش.

پىراستە زىننەتلىمەك، بېزىمەك.

پىسەر بالا.

پىشە ھۈنەر، كەسب، ئادەت.

پىشباز قارشى ئالماق، كۈتۈۋالماق.

پىش رەۋ ئالدىدا ماڭغۇچى.

پىش-كەش تۆھپە، سوغا.

## ت

تاب I 1) نۇر، يورۇق، تاۋلىنىش؛ 2) ئىسسىقلىق، ھارارەت.

تاب II تولغىنىش، پۈكۈلۈش، تۈگۈن.

تابان يورۇق، يالتىراق، يارقىن.

تابىش 1) يالتىراقلىق؛ 2) تاۋلىنىش؛ 3) ئىسسىقلىق، يالقۇن.

تابىئ قاراشلىق، بېقىنغۇچى، ئىتائەت قىلغۇچى، قول ئاستىدىكى كىشى.

تاجدار پادىشاھ، تاج كىيگەن.

تاجسەر باشتىكى تاج.

تاراج بۇلاڭ ـ تالاڭ.

تاس جام، داس.

تالىب تەلەپ قىلغۇچى.

تالىئ 1) چىققۇچى، كۆرۈنگۈچى؛ 2) تەقدىر، قىسمەت، تەلەي.

تەئەب مۇشەققەت، قىيىنچىلىق.

تەئەددۇب ئەدەپلىك بولماق.

تەئەسسۇف ئېچىنىش، ئەفسۇس، كۆيۈنۈش.

تەئەممۇل چوڭقۇر ئويلاش، مۇلاھىزە قىلىش.

تەئەننى ئاستىلىق، ئەزمىلىك.

تەئەييۇن ئېنىق، ئېنىقلاش.

تەباھ خاراپ، بۇزۇق، ۋەيران.

تەبەر پالتا.

تەبىل ناغرا، دۇمباق.

تەجەررۇد تەركى دۇنيا بولۇش، مال ۋە دۇنيادىن ۋازكەچمەك، تەنھالىق.

تەجەسسۇس ئىزدەش، ئاختۇرۇش، تەكشۈرۈش.

تەجەللى كۆرۈنۈش، جىلۋىلىنىش.

تەخەييۇل خىيال قىلىش.

تەرجىئبەند مۇئەييەن بىر بېيتنىڭ ئاخىرىدا تەكرارلىنىپ كېلىدىغان يەككە مەنزۇمە.

تەرانە 1) ناخشا، ئاھاڭ، كۈي، مۇقام؛ ئەرۇز ئىلمىدا ۋەزىننىڭ نامى.



تەرك ۋازكېچىش، قول ئۈزۈش.

تەرھى 1) تاشلاش، ئېلىپ تاشلاش؛ 2) قۇرۇلۇش ياكى ئىمارەتنىڭ پىلانى؛ 3) بىنا، ئىمارەت؛ 4) تەرتىپ، تۈزۈم.

تەزەررۇئ يالۋۇرۇش، يېلىنىش.

تەسخىر ئىشغال قىلماق، قولغا ئالماق، بويسۇندۇرماق، رام قىلماق.

تەسكىن توختىتىش، تىنجىتىش، توختاش.

تەغافۇل بىلىپ تۇرۇپ بىلمەسلىككە سېلىش.

تەغەييۇر ئۆزگىرىش، ئۆزگىچە بولۇش.

تەغيىر ئۆزگەرتىش.

تەفەررۇج سەيلە، تاماشا، كۆڭۈل ئېچىش.

تەفرىد يالغۇز قالماق، ئۆزىنى يالغۇز ھېس قىلماق.

تەفۋىز تاپشۇرماق.

تەقرىر 1) قارار قىلماق، بېكىتمەك؛ 2) بىرەر ئىشنى ئاغزاكى ئاڭلاتماق.

تەكاۋەر يۈرۈشلۈك ئات.

تەكەللۇم سۆھبەتلەشمەك، گەپ قىلماق.

تەكفىن ئۆلۈكنى كېپەنلەش.

تەلاتۇم دولقۇنلارنىڭ بىر بىرىگە ئۇرۇلۇشى.

تەلەتتۇف مۇلايىملىق، يۇۋاشلىق.

تەلقىن ئۈندەش، چۈشەندۈرۈش، نەسىھەت قىلىش.

| | |
|---|---|
| تەمەخسۇر | مەنە، مەسخىرە. |
| تەمەننا | ئارزۇ، تىلەك. |
| تەناۋۇل | ئىغىز تېگىش، تېتىپ بېقىش. |
| تەنەززۇل | تۆۋەنلىمەك، پەسلىمەك، تۆۋەنگە چۈشمەك. |
| تەھەممۇل | سەۋرى-تاقەت، چىدام. |
| تەھ-بىتەھ | قاتمۇ-قات. |
| تەھجىز | دەپنە قىلىش. |
| تەھنىيەت | تەبرىكلەش، قۇتلۇقلاش. |
| تەھىيەت (~تەھىيە) | 1) سالام، دۇئا، ماختاش؛ 2) تىرىكلىك (ھاياتلىق) بېرىش. |
| تەۋازۇئ | كەمتەرلىك، كىچىك پېئىللىق، ئۆزىنى تۆۋەن تۇتۇش. |
| تەۋەققۇف | تىك تۇرماق. |
| تەۋەققۇئ | (بىرەر ئىشنىڭ بولۇشىغا) ئۈمىت بىلەن قاراش، ئۈمىتۋارلىق. |
| تەۋەللا | 1) دوست تۇتۇش؛ 2) يالۋۇرۇش، ئۈمىت، دوستانە. |
| تەۋەھھۇم | قورقۇش، ۋەھىمە قىلىش. |
| تەۋسىپ | سۈپەتلەش، ماختاش. |
| تەۋىل | ئۇزۇن. |
| تەي | مېڭىش، يۈرۈش. |
| تۇبەتۇ | قاتمۇ-قات. |
| تۇججار | سودىگەر (بىرلىكى "تاجىر"). |



| | |
|---|---|
| تۇراب | توپا، يەر. |
| تۇغيان | تاشماق، ھەددىدىن ئاشماق، قوزغىلىش. |
| تۇلۇئ | چىقىش، كۆرۈنۈش. |
| تۇند باد | قاتتىق شامال، بوران. |
| تۇيۇر | قۇشلار، (بىرلىكى "تەير"). |
| تۇرفە | كۆپ ئۇچرايدىغان، ھەيران قالارلىق، يېڭىلىق. |
| تۇشە | يول ئوزۇقى. |
| تىشەۋەرلىك | تاش كەسكۈچى، ياغاچچى. |
| تىفل | بالا. |

## ج

| | |
|---|---|
| جابەجا | ئۆز جايىدا، رېتى بىلەن. |
| جاۋىد | مەڭگۈ، ئەبەدى، دائىمى ئۆمۈر سۈرمەك. |
| جاۋىدان | مەڭگۈ، ئەبىدى. |
| جانسۇز | جان كۆيدۈرەر. |
| جان گۇداز | جان كۆيدۈرگۈچى، جانغا ئازار بەرگۈچى. |
| جانىب | ئەتراپ، تەرەپ. |
| جەبەل | تاغ. |
| جەببار | جەبرى قىلغۇچى، ئازاپلىغۇچى؛ قۇدرەتلىك. |
| جەبھە | پىشانە، ماڭلاي. |

| | |
|---|---|
| جەدد | بوۋا، چوڭ بوۋا، چوڭ دادا، ئاتا ـ بوۋا. |
| جەددە | چوڭ يول، قائىدە، نىزام. |
| جەرراھ | تاشقى كېسەللەر دوختۇرى. |
| جەزەئ | قاتتىق خاپىچىلىق. |
| جەنب | يان، يان تەرەپ. |
| جەھد | 1) ئىنكار قىلىش، تېنىش، رەت قىلىش؛ 2) تىرىشىش، ئەستايىدىل ھەركەت قىلىش. |
| جەۋانىب | ئەتراپلار، تەرەپلەر. |
| جەۋد | سېخىلىق، ساخاۋەت. |
| جەيش ئام | قوشۇن، ئاممە. |
| جۇببە | شەيخلار كىيىدىغان مەخسۇس چاپان. |
| جۇد | ئىنئام، ئېھسان، نەزىر قىلىش. |
| جۇرئە | بىر يۇتۇم. |
| جۇرم | گۇنا، جىنايەت، ئېيىپ. |
| جۇز | باشقا، ئۆزگە كىشى، يۇچۇن ئادەم |
| جۇزۇ | بۆلەك، پارچە، قىسىم. |
| جۇستىجۇ | ئىزدەش. |
| جۇلۇس | مەجلىس، ئولتۇرۇش. |
| جۇنبىش | ھەركەت قىلىش، قىمىرلاش. |
| جەۋان | يىگىت؛ نەۋجەۋان~ياش يىگىت. |
| جۇي | 1) ئېرىق؛ 2) سۆز بىرىكمىسىدە ئىزدىگۈچى مەنىسىدە كېلىدۇ. داۋا جۇي — داۋا ئىزدىگۈچى. |



| | |
|---|---|
| جىگەرگۇشە | ئەڭ يېقىن ئادەم، سۆيۈملۈك ئادەم، قېرىنداش، پەرزەنت. |
| جىگەرگۇن | جىگەررەڭ، بېغىررەڭ. |
| جىيان | جاھىل، ياۋۇز، يىرتقۇچ، ۋەھشى، قەھرىلىك. |

## چ

| | |
|---|---|
| چابۇك | چاققان، تېز، شوخ. |
| چاھ | قۇدۇق. |
| چەھار | تۆت. |
| چەرخ | 1) چاق؛ 2) ئايلانماق؛ 3) ئاسمان، پەلەك؛ 4) تەقدىر. |
| چەرخ كەجرەفتار | تەتۈر پەلەك. |
| چەشم | كۆز. |
| چەشمە | بۇلاق. |
| چەندان | نەچچە، قانچە، قانچىلىغان. |
| چۇست | چاققان، ئەپچىل. |
| چۇنان بادى گەرد | خۇددى قۇيۇنغا ئوخشاش. |
| چىراكىم | چۇنكى، ...كى. |
| چېھرەئى زەرد | سارغايغان چىراي، سولغۇن يۈز. |

## خ

| | |
|---|---|
| خادىمان | خادىملار، خىزمەتچىلەر، |

| | |
|---|---|
| | (بىرلىگى "خادىم"). |
| خارە | قاتتىق تاش. |
| خاستە | تىلىمەك، ئىستىمەك. |
| خاك | يەر، تۇپراق، چاڭ-توزاڭ. |
| خاكسار | تۆۋەن، پەس، خار، ھالسىز. |
| خالا | خالى جاي، خالى ئورۇن. |
| خالىق | ياراتقۇچى. |
| خامە | قەلەم. |
| خاۋەر | شەرق، كۈنچىقىش. |
| خەدەڭ | ئوق. |
| خەراش | يونۇش، قىرىش. |
| خەزايىن | غەزنىلەر (بىرلىگى "خەزىنە"). |
| خەستە | زەئىپ، ئاجىز، مەيۈس، يارىدار. |
| خەسىم | دۈشمەن، رەقىپ. |
| خەشم | ئاچچىق، غەزەپ. |
| خەشخاش | ئەپيۇننىڭ ئۇرۇقى، غوزىسى. |
| خىلئەت | چاپان، تون (پادىشالار كىيىدىغان). |
| خەلەل | كەمچىلىك، يېتىشمەسلىك، زىيان. |
| خەلەف | ئەۋلات، ئىزباسار. |
| خەم | پۈكۈلگەن، ئېگىلگەن. |
| خەمسە | 1) بەشلىك؛ 2) بەش داستاندىن تۈزۈلگەن چوڭ ئەسەر. |
| خەمۇش | جىمغۇر، ئۈنچىقماس. |
| خەمۇل | ئىنىقسىزلىق، قاراڭغۇلۇق؛ يالغۇزلۇق، تەنھالىق. |



| | |
|---|---|
| خەندە | كۈلمەك، كۈلكە، كۈلۈمسىرەش. |
| خەۋاس | پادىشانىڭ يېقىن كىشىلىرى، ئۇلۇغ زاتلار. |
| خەير ئېھسان | ياخشىلىق. |
| خەيل | 1) توپ، گۇرۇھ؛ 2) خەلق. |
| خۇد | 1) ئۆز، ئۆزى؛ 2) جۈملىدە تەكىتلەش مەنىسىدە، يەنى، خۇددى، ئەلۋەتتە، پەقەت مەنىلىرىدە كېلىدۇ. |
| خۇددام | خادىملار، خىزمەتچىلەر. |
| خۇد پەسەند | ئۆزىگە ئىشەنگەن، مەغرۇر. |
| خۇرۇج | چىقماق. |
| خۇلد بەرىن | جەننەت. |
| خۇمۇل | 1) نامەلۇم، نام-نىشانسىز؛ 2) تەركى دۇنيا. |
| خۇلد رىزۋان | جەننەت. |
| خۇنبەر | قانلىق ياش تۆككۈچى، ھەسرەت بىلەن يىغلىغۇچى. |
| خۇرشىد | قۇياش. |
| خۇرۇش | ۋاقىراش، پەرياد-پىغان قىلىش. |
| خۇشنەما | كۆركەم، خۇشخۇي، گۈزەل. |
| خۇشك | قۇرۇق، قۇرۇقلۇق. |
| خىرام | چىرايلىق مېڭىش. |
| خىرەد | ئەقىل، ھوش، پەم-پاراسەت. |

خىرەد مەند ئەقىللىق، پەم-پاراسەتلىك.

خىمە چېدىر، كېمىنىڭ يەلكىنى.

## د

داج قاراڭغۇ.

دادخاھ ئادالەتپەرۋەر، ئادالەت قىلغۇچى.

دار ھويلا.

دام تور، قىلتاق، تۇزاق.

دامەن (~پاك دامەن) نومۇسلۇق، پاكىز.

دايە بالا باققۇچى ئانا، بالا تەربىيىلىگۈچى ئانا، ئىنىك ئانا.

دەر ئىشىك.

دەر-بەدەر ئۆيمۇ-ئۆي يۈرۈش.

دەرەم پۇل.

دەردناك دەردلىك.

دەستگىر ياردەم قىلغۇچى، ئاسرىغۇچى.

دەركار لازىم، كېرەك.

دەفن كۆمۈش، ئۆلۈكنى يەرلىكتە قويۇش.

دەمساز قەدىردان، يېقىن دوست.

دەمار تارمار قىلىش، يوق قىلىش.

دەمان بۇرۇن كىشىلەر ئولتۇرۇپ كېيىن كۆچۈپ كەتكەن جاي.

دەلىر يۈرەكلىك، دادىل، باتۇر.



دەھەن (~دەھانە) ئېغىز، دەرۋازا، قاپقا.

دەھر دۇنيا، ئالەم.

دۇججاجە توخۇ.

دۇرج قىممەت باھالىق تاشلار سېلىنىدىغان ساندۇق.

دۇرر ئۈنچە-مەرۋايىت، گۆھەر.

دۇررى مەكنۇن ياخشى ساقلانغان دۇر.

دۇرەخشان نۇرلۇق، پارلاق، يالتىراق.

دۇش-بەردۇش يانمۇ-يان، ياندىش.

دۇن رەزىل، پەسكەش.

دۇنبال كەينى، ئارقا تەرىپى، دۇمبىسى.

دىباچە 1) كىتابنىڭ چىرايلىق بېزەلگەن بىرىنچى ۋارىقى؛ 2) كىمخاپ.

دىل ئاسالىق كۆڭۈل خۇشلۇقى، دىل ئارامى، دەم ئېلىش.

دىل ئەفگار 1) كۆڭلى يېرىم، دىلى سۇنۇق؛ 2) ئازاپ-ئوقۇبەت چەككەن.

دىلپەزىر كۆڭۈلگە ياققۇچى، يېقىملىق.

دىلپۇسەند كۆڭۈل خۇشى.

دىلرەبا كۆڭۈلنى تارتقۇچى، يار.

دىلفەزا يېقىملىق، ئوماق، راھەت بېغىشلىغۇچى.

دىل كۇشا كۆڭۈل ئاچقۇچى، دىلنى خۇش قىلغۇچى.

دىنە دۇنيا، مال-مۈلۈك.

دىگەر باشقا، ئۆزگە.

دىيانەت 1) ئىنساپلىق، ۋىجدان؛ 2) دىندار.

## ر

رابا 1) تاغ ئېتىكى، ئوتلاق، كۆكتاتلىق، زىرائەت؛ 2) باغ.

رابىتە ئالاقە باغلىنىش، زەنجىر، تەرتىپ، قائىدە.

راتىبە مائاش، تەمىنات، كۈندىلىك نورما.

راز سىر، مەخپىيەتلىك.

راسترەۋ توغرا، ھەققەت، توغرىلىق بىلەن يۈرگۈچى.

راغ 1) تاغ ئېتىكى، ئوتلاق؛ 2) باغچە.

راغىب رىغبەتلەنگەن، خاھىش، مايىل.

راكىب ئاتلىق، ئات (تۆگە، ئېشەك ۋە باشقا ئۇلاق) مىنىپ يۈرگۈچى.

رام بېقىنغۇچى، بويسۇنغۇچى، ئىستائەتمەن، رامغا كەلتۈرمەك — بويسۇندۇرماق.

راھ I) يول

راھ II) 1) خۇشاللىق، شاتلىق؛ 2) شاراپ، مەي، ئىچىملىك، راھى ۋەسل — ئۇچرىشىش شارابى.

راھزەن قاراقچى.

راۋى ھىكايىچى، رىۋايەت قىلغۇچى، قىسسە



ئېيتقۇچى.

رايگان ھەقسىز، پۇلسىز، بىكار.

رەبىئ كۆكلەم، باھار.

رەخنە يېرىق، دەز، غار، تۆشۈك.

رەئد گۈلدۈرماما، گۈلدۈرماما ئاۋازى.

رەسا راسا، يېتىشكەن، مۇكەممەل.

رەسەن ئارغامچا، تانا.

رەشك قىزغىنىش، كۈندەشلىك.

رەفاقەت يولداشلىق، دوستلۇق.

رەفتار مېڭىش، يۈرۈش.

رەقس ئۇسسۇل، ئۇسسۇل ئويناش؛

رەققاس ئۇسسۇلچى.

رەڭگىن گۈزەل، رەڭلىك، يالتىراق.

رەمز 1) ئىما، ئىشارەت؛ 2) يوشۇرۇن بەلگە.

رەئنا گۈزەل، چىرايلىق.

رەنجۇر مادارسىز، كۈچسىز.

رەھن گۆرۈ (گۆرۈگە قويماق).

رەھنەما يول كۆرسەتكۈچى، يېتەكچى.

رەۋزە 1) باغ؛ 2) جەننەت؛ 3) قەۋرە (كۆچمە مەنىسى)؛

رەۋزەن پەنجىر، تۆشۈك، تۈڭلۈك.

رەئىيەت بىر ھۆكۈمرانىڭ تەۋەلىگىدىكى خەلق، ئاددى خەلق، پۇقرا.

رەياھىن رەيھانلار، خۇشپۇراقلىق ئۆسۈملۈكلەر

(بىرلىگى "رەيھان").

رۇ — يۈز، چىراي.

رۇبئ — تۆتتىن بىر قىسمى، رۇبئ مەسكۇن — يەر يۈزىنىڭ ئىنسانلار ياشايدىغان قىسمى.

رۇجۇئ — 1) مۇراجىئەت؛ 2) تاپشۇرۇش، يۈكلەش.

رۇزگار — 1) دەۋر، زامان، دۇنيا؛ 2) مەشغۇلات.

رۇزى شەباب — ياشلىق دەۋرى.

رۇستەخىز — 1) غەۋغا، توپىلاڭ؛ 2) قىيامەت.

رۇسۇم — ئادەتلەر، تەرتىپلەر، قائىدىلەر.

رۇقئە — خەت، پۈتۈك، نامە.

رۇممان — ئانار.

رىزە — ئۇششاق، پارچە-پۇرات.

رىزۋان — 1) رازىلىق، مەمنۇنىيەت؛ 2) جەننەت.

رىسالە — كىتاپچە، مەكتۇب، خەت.

رىققەت — يۇقىرى مەرتىۋىلىك، يۈكسەكلىك.

رىگىستان — قۇملۇق، چۆل.

## ز

زادى راھ — يول ئوزۇغى.

زال — قېرى، چال، كەمپىر، موماي.

زاھىد — تەركى دۇنيا كىشى، ئىبادەت قىلىش بىلەنلا ئۆتىدىغان كىشى.



زاھىر — ئوچۇق، ئاشكارا.

زايىل — يوقالغۇچى، يوق بولغۇچى.

زەبت — قولغا ئېلىش، قولغا كەلتۈرۈش؛ ئىگەللەش، تۇتۇش، ئىشغال قىلىش.

زەبۇن — يېڭىلگەن، تۇتقۇن، ئەسىر ئېلىنغان.

زەبىھ — بوغۇزلانغان، سويۇلغان.

زەخمناك — ياردار، يارىلانغان.

زەخىر — زاپاس نەرسىلەر، ئېھتىيات بىلەن ساقلانغان مال-دۇنيا.

زەرافەت — 1) نازۇكلۇق، گۈزەللىك؛ 2) شېرىن سۆز، نازۇك مەنىلىك.

زەر خەرىد — سېتىۋېلىنغان، ئالتۇنغا سېتىۋېلىنغان.

زەرد — سېرىق، ساماندەك سارغايغان.

زەرنىگار — ئالتۇن بىلەن بېزەلگەن.

زەلىل — خار، پەس.

زەمزەمە — يېقىملىق ئاھاڭدا ئېيتىلغان ناخشا، ئاستا ئاۋاز.

زەمىر — 1) يۈرەك، كۆڭۈل، دىل؛ 2) يوشۇرۇن خىيال، مەزمۇن، ئوي-پىكىر.

زەن — ئايال.

زەھرە — ئۆت، سەپرا خالتىسى؛ زەھرە يېرىلماق — قورقماق، قورقۇپ كەتمەك.

زەۋال — ھالاك بولۇش، يوقىلىش، پەسىيىش.

زەۋرەقچە كىچىك قېپىق.
زۇھد دۇنيانىڭ ئىشلىرىدىن قول يىغىپ، تائەت ـ ئىبادەت بىلەن شۇغۇللىنىش.
زۇھۇر پەيدا بولۇش، كۆرۈنۈش، زاھىر بولۇش.
زۇلال سۈزۈك، تاتلىق سۇ.
زۇلف كوكۇلا، چاچ ئۆرۈمى، سېكىلەك چاچ.
زىب زىننەت، بېزىمەك، گۈزەللىك، ھۆسن؛ زىب ئەيلىمەك ـــ زىننەتلىمەك.
زىبا چىرايلىق، گۈزەل، نەفىس.
زىر توپراق يەرگە كۆمۈلگەن.
زىشت خۇنۇك، يامان.
زىشترۇي كۆرۈمسىز، سەت.
زىكرى سۆزلەش، بايان قىلىش، ئەسلەش.
زىمىن ئارا، ئوتتۇرا، ئىچ؛ ئارىسدا، ئىچىدە.
زىندە تىرىك؛ زىندە ئەيلەمەك ـــ تىرىلدۈرمەك.
زىندەگى ھايات، تۇرمۇش.
زىنھار 1) ھېچ؛ 2) ئەلۋەتتە.
زىھى 1) ياخشى، چىرايلىق، گۈزەل؛ 2) ناھايىتى، ئىنتايىن.
زىيا ھۆرلۈك، نۇر، يورۇقلۇق.

## س

سادائەت ۋىسار سادائەتلىك.



سازىش 1) توختام؛ 2) لايىق، مۇۋاپىق؛ 3) تەييارلىماق، ياسىماق.
ساغەر قەدەھ، مەي پىيالىسى.
ساكىن تۇرغۇچى، تۇرۇشلۇق، تېچ، خاتىرجەم؛ ساكىن بولماق ـــ تۇرماق.
سال 1) يىل؛ 2) ياش.
سالاھ تۈزىتىش.
سالىھ ياخشى ئىشلارنى قىلغۇچى.
سامىئ ئىشتكۈچى، ئاڭلىغۇچى.
سان تاشقى كۆرۈنۈش، شەكىل، تۈر.
ساھىب ئىگە.
سائىقە چاقماق (چېقىن) چېقىلماق.
سەبا يېقىملىق شامال، تاڭ شاملى.
سەباھ ئەتىگەن، تاڭ سەھەر.
سەبزەۋار كۆكەرگەن، كۆكىرىش.
سەبىھ چىرايلىق، كۆركەم.
سەد پارە يۈز پارە.
سەرا پەردە ساراي پەردىسى، پادىشاھنىڭ چېدىرى.
سەرفىراز بۈيۈك، يۈكسەك، ئۇلۇغ، ئۇلۇغۋار.
سەرئەفكەندە 1) خىجىل، ئۇياتقا قالغان، بېشى چۈشكەن؛ 2) خارلانغان؛ 3) ئىتائەت قىلغان، بېقىندا.
سەربەسەر باشتىن ـ ئاخىر.

سەرزەنىش — ھاقارەت، تەنبىھ، جەۋرى ـ جاپا.
سەرسەر — سوغاق ۋە قاتتىق شامال.
سەرگەشتە — بېشى ئايلانغان.
سەرگىران — مەستلىك، بېشى ئايلىنىش.
سەرمەدى — ئەبەدى، مەڭگۈ.
سەرۋ — تىك ۋە توغرا ئۆسىدىغان بىر خىل قامەتلىك دەرەخ.
سەفا — يورۇقلۇق، مەئىشەت، پاكلىق، پاكىزلىق، ساپ.
سەفىد — ئاق.
سەفىنە — كېمە.
سەڭپارە (سەنگپارە) — تاش پارچىلىرى،
سەڭلاخ (~سەنگلاخ) — تاشلىق، شىخىللىق.
سەلاھ — ياخشىلىق.
سەمەند — يۇگۇرۇك ئات.
سەلىم — ساق، سالامەت.
سەمىئ — قۇلاق.
سەنەد — دەلىل، ئىسپات؛ تايانچ.
سەۋار — ئاتلىنىش، ئاتقا مىنىش.
سەۋت — ئاۋۇش، ئاۋاز، ئاھاڭ، كۈي.
سەييياد — ئوۋچى.
سۇخەن — گەپ، سۆز، نۇتۇق؛ ھىكايە.
سۇخەندان — سۆزمەن، سۆز ماھىرى.
سۇد — پايدا، نەپ.



سۇراھى — ئۇزۇن بويۇنلۇق قەدەھ.
سۇرۇر — شاتلىق، خوشاللىق.
سۇرۇش — پەرىشتە، خەۋەر يەتكۈزگۈچى.
سۇگ — 1) ماتەم، قايغۇ، دەرت ـ ئەلەم؛ 2) ھازا، قارىلىق.
سۇگۋار — ماتەملىك، قايغۇلۇق، دەرتلىك.
سۇمۇم — زەھەرلەر.
سومۇۋ — يۇقۇرىلىق، يۈكسەكلىك.
سۇنبۇل — 1)بىر خىل خۇشپۇراق قارا رەڭلىك ئۆسۈملۈك؛ 2) كۆچمە مەنىسى — يارنىڭ چېچى، سۇنبۇل چاچ.
سۇھۇف — سەھىفىلەر، بەتلەر، كىتاپلار (بىرلىكى ”سەھىفە“).
سۇۋار — ئاتلىق، ئاتقا مىنگەن.
سۇۋەر — سۇرەتلەر، رەسىملەر، (بىرلىكى ”سۇرەت“).
سىباﺋ — يىرتقۇچ ھايۋانلار.
سىپارىش — 1)تاپشۇرۇش، ھاۋالە قىلىش؛ 2) ھۆرمەت، مېھرىۋانلىق.
سىپاھ — ئەمەلدار، ئەسكەر.
سىراب — ئۇسسۇزلۇغى قانغان.
سىراج — چىراق، مەشئەل، نۇر.
سىرىشت — يارىتىلىش، تەبىئەت، ئادەت، خۇلق.
سىرشك — ياش، كۆز يېشى.
سىگال — 1) خۇلق، ئادەت، مىجەز؛ 2)شىكايەت،

غەزەپ ـ نەپرەت؛ بەدسگال — بەدنىيەت، رەزىل.

سىلىك — يىپ، قاتار، تىزىم.

سىم — كۈمۈش، سىمتەن — كۈمۈش بەدەن.

سىنان — نەيزە.

سىنە — كۆكرەك.

سىن — ياش.

## ش

شاب — يىگىت، ياش.

شارئ — يول، كوچا.

شاق — خەنجەر، شەمشەر.

شافىئە — ئارىغا كىرگۈچى، ھىمايە قىلغۇچى، ياردەمچى، ۋاستىچى.

شامىل — 1) ئۆز ئىچىگە ئالغان، ...دىن ئىبارەت بولغان، ...نىڭ تەركىۋىگە كىرگەن؛ 2) تېگىشلىك؛ شامىل بولماق — ...نىڭ تەركىۋىگە كىرمەك.

شانە — 1) تاغاق؛ 2) قوياش.

شاھانەۋار — شاھلارچە، شاھقا ئوخشاش، چوڭ ۋە ئالى.

شاھراھ — چوڭ يول.

شايەد — ئېھتىمال، مۇمكىن، بەلكى.



شەب — كېچە.

شەباب — ياشلىق، يىگىتلىك.

شەبان — چايان.

شەبىستان — 1) كېچىلىك ھوجرا، مەخسۇس ھەرەمخانا دائىرىسى؛ 2) قاراڭغۇ كېچە، زۇلمەت.

شەجەر (~ئەشجار) — دەرەخ.

شەدىد — شىددەتلىك، قاتتىق.

شەر — يامانلىق.

شەرارە — ئۇچقۇن، يالقۇن.

شەرىف — شەرەپلىك، ئەزىز، قەدىرلىك.

شەرمسار — ئۇياتلىق، شەرمەندە؛ شەرمسار بولماق — ئۇياتقا قالماق، شەرمەندە بولماق.

شەست — 1) كامان ئوقى؛ 2) قاماق.

شەفىق — مەرھەمەتلىك، شەپقەتلىك.

شەفىئ — ھىمايىچى، ۋاستىچى.

شەكىبە — چىدامىلىق.

شەكۋە — 1) شىكايەت؛ 2) تۆھمەت، بوھتان؛ شەكۋە قىلماق — توھمەت قىلماق، زارلىماق.

شەمشاد — قامەتلىك ئۆسىدىغان دەرەخنىڭ بىر تۈرى. كىلاسسىك ئەدەبىياتتا يارنىڭ كېلىشكەن قەددى ـ قامىتىگە تەقلىت قىلىنىدۇ.

شەمىم — خۇشپۇراق، خۇشھىد.

شەغەب غەۋ، توپىلاڭ.
شەھباز لاچىن.
شەھد ھەسەل.
شەھسۇۋار ئاتقا مىنىشكە ئۇستا، ئاتقا ياراشقان.
شەھەر ـ بەشەھەر شەھەرمۇ ـ شەھەر.
شەھد ئالود ھەسەل سىڭدۈرۈلگەن.
شەۋھەر ئەر (ئايالىنىڭ ئېرى).
شەئن شان.
شەي نەرسە، بۇيۇم.
شەيبە شەك ـ شۈبھە، گۇمان.
شۇئائ شولا، يورۇقلۇق.
شۇجائ شىجائەتلىك، جاسارەتلىك؛ باتۇر يىگىت.
شۇتۇر تۆگە.
شۇر غەۋغا، توپىلاڭ.
شۇرب ئىچىش، ئىچىملىك.
شۇرۇئ كىرىشىش، باشلاش؛ شۇرۇئ ئەيلەمەك ـــ
كىرىشمەك، باشلىماق.
شۇرۇش پەرىشتە.
شۇستۇشۇ يۇيۇنۇش، يۇپ تارىنىش.
شۇكۇھ شەۋكەت، سەلتەنەت، ئۇلۇغۋارلىق.
شىئار بەلگە، نىشان، ئادەت. مەقسەد
شىئار ـــ مەقسەتكە ئىنتىلگۈچى.
شىتاب ئالدىراش.
شىكارى ئوۋچى.



شىكاف يېرىق، دەز، يېرىلىش؛ شىكاف قىلماق ـــ
يارماق، توغرىماق.
شىكەست سۇنۇش، يېرىش؛ شىكەستە ـــ سۇنۇق،
يېرىلغان.
شىكەم قوساق، قېرىن.
شىكەنج 1) پۈكۈلۈش؛ 2) ئازاپ ـ ئۇقۇبەت.
شىكەنجى ئىسكەنجە.
شىگەرف 1) ئاجايىپ، كام تېپىلىدىغان؛ 2)
گۈزەل، چىرايلىق؛ 3) ئۇلۇغ، زور.
شىمەئى خۇلقى، تەبىئىتى، مىجەزى، ئادىتى.
شىر سۈت.
شىرخار سۈت ئەمگۈچى.
شىفتە گىرىپتار بولغان ئاشىق.
شىۋە ئادەت، يوسۇن، رەۋىش.
شىكۇفت ئېچىلىش، گۈللىنىش؛ شىكۇفت
ئەيلەمەك ـــ ئېچىلماق، گۈللەنمەك.

## غ

غارەت تالان ـ تاراج، بۇلاش.
غازە ئەڭلىك، پەداز.
غەررە تۈرلۈك خاتالىق.
غەزال كىيىك، ئاھۇ، جەرەن.
غەمرى زىيان.

غەنەم ئۇششاق چارۋا.
غەنى باي.
غۇبار چاڭ، توزان.
غۇرۇب غەرپ.
غەۋۋاس سۇ ئاستىغا چۆشكۈچى.
غۇسل يۇيۇنۇش.

## ف

فاخىرە ھەشەمەتلىك، گۈزەل.
فارىغ 1) تېنچ ـ خاتىرجەم؛ 2) قۇتۇلغان، ئازات:
فارىغ بولماق ــ قۇتۇلماق.
فازىل ئالىم، دانىشمەن، يېتىشكەن.
فاسىد بۇزۇلغان، چىرىگەن.
فاش ئوچۇق، ئاشكارا.
فايىق ئەۋزەل، ئەلا، ئەڭ ياخشى.
فەتا ياش يىگىت.
فەرىب ئالدامچىلىق، ساختىپەزلىك.
فەرد يەككە، يالغۇز.
فەرش سېلىش.
فەرخۇندە قۇتلۇق، سائادەتلىك.
فەرۇ تېرىدىن تىكىلگەن كىيىم ـ كېچەك.
فەزا كەڭلىك.
فەزايى 1)بوشلۇق، ئوچۇق يەر؛ 2) ئاسمان



بوشلۇغى.
فەزلە ھەسەب زىيادە، شۆھرەت.
فەنا يوقىلىش، بارلىقىدىن كېچىش.
فەرەھلىك خوشاللىق، شاتلىق.
فەۋج ـ فەۋج توپ ـ توپ، گۇرۇھ ـ گۇرۇھ.
فۇتۇر زەئىپ، ئاجىز.
فۇرۇز 1) ياقىقۇچى، ياندۇرغۇچى؛ 2) تاڭ
سەھەر يورۇغىنى ئۇلغايتقۇچى.
فۇتۇۋۋەت مەرتلىك، ئالىجاناپلىق.
فۇتۇھ 1) ئېچىش؛ 2) ئىستىلا قىلىش؛ (بىرلى-
كى "فەتىھ").
فۇرقەت ئايرىلىش، جۇدالىق.
فۇزۇن ئارتۇق، كۆپ.
فۇسۇردە 1) سولغان، ئۆچكەن؛ 2) كېتىپ قالغان؛
3) روھى ئۆچكەن.
فىرار قېچىش؛ فىرار ئەيلەمەك ــ قاچماق.
فىراش كۆرپە.
فىگار جاراھەت، يارا.
فىردەۋس جەننەت، جەننەت بېغى.
فىرىفتە 1) ئالدانغان؛ 2) مەپتۇن، بېرىلگەن.
فىرۇ غەرق بولماق، چۆشمەك.
فىلھال دەررۇ، دەرھال.

## ق

قازايى ۋۇدۇر — خۇدادىن كەلگەن قازا.

قاف — پۈتۈن يەر يۈزىنى ئورىۋالغان دەپ خىيال قىلىنغان ئەپسانىۋى تاغنىڭ نامى.

قافىلە — سەپەرگە چىققانلار، كارۋان.

قاياش — قېرىنداش، بىر تۇققان.

قەرىب — يېقىن؛ قەرىب ئەيلەمەك — يېقىنلاشتۇرماق،

قەرىن — يېقىن، يېقىنلاشقان، يېقىن دوست.

قەزا — تەقدىر، قازا؛ قەزارەن — بەختكە قارشى، تۇيۇقسىزدىن، تاسادىپى هالدا.

قەلىل — كەم، ئازغىنا.

قەمەر — ئاي.

قەۋافىل — سەپەرگە چىققان يولۇچىلار تۈركۈمى.

قەۋل گۇفتار — گەپ-سۆز.

قەيد — كىشەن، باغلانغان، بەنت قىلىنغان.

قۇت — بەخت.

قۇتب — يىگانە ئەۋلىيا، ئۇلۇغ پېشىۋا.

قوفلى — قۇلۇپ.

قۇللە — چوققا، تاغ چوققىسى.

قۇۋا — كۈچ-قۇۋۋەت؛ (بىرلىكى "قۇۋۋەت").

قىلۇ-قال — گەپ-سۆز، سۆھبەت، پاراڭ.



## ك

كاشانە — 1) كىچىك ئۆي، تۇرار جاي؛ 2) ئۇۋا.

كافۇر گۇن — ئاق رەڭلىك.

كام — تىلەك، مەقسەت.

كامكار — قۇدرەتلىك، هۆكۈمران؛ بەختلىك، بەختىيار؛

كامياب — مەقسەتكە يەتكەن، بەختىيار.

كاه — سامان.

كاهىن — غايىپتىن خەۋەر بېرىدىغان؛ جانۋارلار ئاۋازىغا قاراپ پال ئاچىدىغان سېهىرگەر، ئىسلامدىن باشقا دىنلارنىڭ روهانى خىزمەتچىلىرى.

كەج — قىڭغىر، مايماق.

كەران — چەت، قىرغاق، چېگرا.

كەرەم — ياخشىلىق، سېخىلىق، قولى ئوچۇق.

كەس — كىشى، شەخس.

كەف — كۆپۈك.

كەلام — گەپ، سۆز.

كەلان — چوڭ، زور.

كەمال — يېتىشكەن، مۇكەممەل، نۇقسانسىز.

كەمەند — 1) سىرتماق، توزاق؛ 2) ئارقان؛ 3)

(كۆچمە مەنىسى سۆيگۈننىڭ چېچى).

كەمىن 1) خىلۋەت جاي، پانا جاي؛ 2) تۇزاق، قىلتاق.

كەۋنەيىن ئىككى دۇنيا (ئۇ دۇنيا ـ بۇ دۇنيا).

كۆزگۈ ئەينەك.

كۇشت كېمە.

كۇشتىبان كېمىچى.

كۇللە (~كۇللى) 1) كاتتا، كۆپ، تولۇق 2) ئومۇمى.

كۇھ تاغ.

كۇھكەن تاغ قازغۇچى (پەرھاتنىڭ لەقىمى).

كۇھەن قەدىمقى، كونا؛ دۇنيا.

كىردار قىلىق، ئىش، كۆرۈنۈش.

كىلك قومۇش قەلەم.

كىشتى كېمە.

كىن دۈشمەنلىك، ئاداۋەت، كۆرەلمەسلىك، نەپرەت؛ جەڭ.

كىياسەت زىرەكلىك، ئاگاھلىق، پاراسەت.

## گ

گام قەدەم.

گاۋ كالا، سىيىر.

گەرد چاڭ ـ توزاڭ.

گەران ئېغىر، سالماقلىق.



گەردۇن 1) پەلەك، ئاسمان؛ 2) تەقدىر.

گەزەندە بالايى ـ ئاپەت؛ مۇسىبەت.

گەشت كېزىش، ئايلىنىش.

گەنج غەزنە، بايلىق، يوشۇرۇنغان مال ـ دۇنيا.

گۇداز 1) ئېرىتكۈچى، كۆيگۈچى، يانغۇچى؛ 2) ئېرىمەك، كۆيمەك.

گۇزەر ئۆتۈش، ئۆتىدىغان جاي.

گۇلباڭ يېقىملىق ئاۋاز، بۇلبۇل ئاۋازى.

گۇلفام گۈلرەڭ، قىزغۇچرەڭ.

گۇلگۇن گۈل رەڭلىك.

گۇل چەبىن گۈل يۈزلۈك.

گىريە كۆز يېشى تۆكمەك.

گىريان يىغلىغۇچى.

گىلە شىكايەت؛ ھەسرەت؛ ئاچچىق.

## ل

لاجۇۋەرد 1) قېنىق كۆك رەڭلىك قىممەت باھالىق تاش؛ 2) كۆكرەڭ.

لاغەر ئورۇق، جۈدەڭ.

لال تىلى تۇتۇلۇش.

لامىئ يالتىراش، پارقىراش

لاھەۋل "(خۇدادىن باشقىدا) كۈچ يوق" دېگەن ئىبارە. "خەۋپ ـ خەتەر" دېگەن

مەنىلەردىمۇ قوللىنىلىدۇ.

لەتافەت گۈزەللىك، نازۇكلۇق، مۇلايىملىق.

لەمھە بىر بېقىش (قاراش).

لەھم گۆش.

لەھەد گور.

لۇتف مەرھەمەت، ياخشى مۇئامىلە

لۇئبەت ئويۇن.

لۇئلۇ مەرۋايىت.

لىسان تىل.

لىللاھ خۇدا ئۈچۈن.

## م

ماتەم سەرا ماتەم تۇتۇش ئۆيى.

مادا چىشى، ئانا.

ماداشىر — چىشى شىر.

مالىش سۇركەش.

مانەند ئوخشاش.

ماھ 1) ئاي؛ 2) نۇرلۇق چىراق؛ 3) سۆيۈملۈك.

ماھى بېلىق.

ماھى سەۋم روزا ئېيى.

ماھۇۋەلۋاقىئە ۋەقەنىڭ ماھىيىتى.

مائىدە نازۇ-نېمەتلەرگە تولغان داستىخان؛



زىبايەت.

مەئاش تىرىكچىلىك، ياشاش.

مەجەردا "مەجرا" سۆزى "مەجەردا" قىلىپ قوللىنىلغان، ئېقىن سۇ مەنىسىدە.

مەجازەن (سۆزنى) ئەگىتمە مەنىدە قىلىش، مەنىسى ئۆزگەرگەن، باشقىچە.

مەجۇسى ئوتقا چوقۇنغۇچى، ئاتەشپەرەس.

مەجمۇئى مەردۇم بارلىق كىشىلەر.

مەخزەن غەزنە.

مەداين ئەرەپ ئىراقىدا قەدىمقى بىر شەھەرنىڭ نامى.

مەدھۇش بىھۇش.

مەراھىل بىر كۈنلۈك يول ئۈستىدە چۈشۈپ ئۆتىدىغان ئۆتەڭ، مەنزىل، ئۆتەڭلەر، (كۆپلۈكى "مەرھەلە").

مەرغۇب يېقىملىق، سۆيۈملۈك.

مەرقەد قەۋرە.

مەسنەدنىشىن تەختكە چىققۇچى، يۇقۇرى ئورۇنغا ئولتۇرغۇچى.

مەسرۇر خوشال، شات.

مەشام بۇرۇن، دىماغ؛ پۇراش ئەزاسى.

مەشۋەرەت كېڭەش، مەسلىھەت.

مەلاھەت گۈزەللىك، چىرايلىقلىق، نازاكەتلىك.

مەلىھ چىرايلىق.

مەمالىك  مەملىكەتلەر.

مەملۇ  توشقۇزماق، تولدۇرماق.

مەھجۇب  1) نىقاپلانغان، ئورالغان؛ 2) ئۇيالغان، خىجىل بولغان.

مەھجۇر  ئايرىلىپ قالغان، ھىجراندا قالغان.

مەھشەر  1) توپلىنىدىغان مەيدان؛ 2) قىيامەتتە ئىنسانلار توپلىنىدىغان مەيدان، قىيامەت.

مەھمىز  ئاتنى نىقتاپ چاپتۇرۇش ئۈچۈن ئەسكەرلەرنىڭ ئۆتۈكىگە ئورنىتىلغان ھالقىچە.

مەھۋ  يوقالماق، يوق قىلماق، تۈگەشمەك.

مەھچەبىن  ئاي يۈزلۈك.

مەئمەن  پاناجاي.

مەئۋا  باشپانا، تۇرارجاي، ماكان.

مەئيۇب  ئەيىپدار، ئەيىپلەنگەن.

مۇئەتتەر  خۇشبۇي، خۇشپۇراق چاچقۇچى.

مۇئەززەز  ئەزىز.

مۇئەييەن  ئېنىق، ئېنىقلانغان.

مۇبەددەل  ئالماشتۇرۇلغان، ئۆزگەرتىلگەن.

مۇبەھۇ  تەپسىلى.

مۇتتەفىق  بىرلەشكەن، ئىتتىپاقداش، دوست.

مۇخالىف سەمۇم  تەتۈر شامال.

مۇرۇر  ئۆتۈش، يۈرۈش؛ مۇرۇرى ئايەم - كۈنلەر ئۆتۈش.

مۇرەببى  تەربىيىچى.



مۇرۇۋۋەت  1) مەرتلىك؛ 2) ئادەمگەرچىلىك، سېخىلىق.

مۇزتەر  مەجبۇر بولغان، ناچار؛ ھەيرانلىقتا قالغان.

مۇزەييەن  بېزەلگەن، زىننەتلەنگەن.

مۇژدە  خۇشخەۋەر.

مۇسائىد  ياردەم قىلغۇچى، بەختلىك.

مۇستەمىئ  ئاڭلىغۇچى.

مۇسەمما  ئاتىلىش.

مۇسەخخەر  ئىستىلا قىلىنغان، بويسۇندۇرۇلغان، بېقىندا، قول ئاستىدا.

مۇسلىھ  تۈزەتكۈچى، ياخشىلىغۇچى، ئىسلاھ قىلغۇچى.

مۇشاھىدە  كۆز بىلەن كۆرۈش، كۆزدىن كەچۈرۈش.

مۇشەئبەد  نەيرەڭۋاز، كۆز باغلىغۇچى.

مۇغ  1) ئاتەشپەرەس؛ 2) ئوتقا تېۋىنغۇچى.

مۇغبەچە  1) مۇغنىڭ بالىسى؛ 2) مەي توشۇغۇچى.

مۇغەننى  ناخشا ئېيتقۇچى، سازەندە.

مۇغتەنەم  غەنىمەت ئېلىنغان، ئولجا.

مۇغەييەر  قارىمۇ - قارشى، غەيرى.

مۇقەددەر  تەقدىر.

مۇلاقات  ئۇچرىشىش، كۆرۈشۈش.

مۇل  شاراپ، مەي.

| | |
|---|---|
| مۇلزەم | خىجالەتتە قالغان، سۈكۈت قىلغان. |
| مۇنتەھا | بىرەر نەرسىنىڭ ئاخىرى، چېكى. |
| مۇنفەئىل | خىجالەت. |
| مۇنھەدىم | بىتچىت بولماق. |
| مۇھەييا | تەييار، تەييارلانغان. |
| مۇھەندىس | بىناكار |
| مۇھلىك | ھالاك قىلغۇچى، ئۆلتۈرگۈچى. |
| مو (~موي) | موي، قىل، تۈك. |
| مۇۋەددەت | دوستلۇق، مۇھەببەت. |
| مۇئتاد | ئادەتلەنگەن، ئۈگەنگەن. |
| مۇيە | ھازا، قايغۇ |
| مداد | سىيا. |
| مىرئات | 1) ئەينەك؛ 2) روشەنلىك، ساپلىق، تىنىقلىق. |
| مىزبان | مېھمان كۈتكۈچى، ئۆي ئىگىسى. |
| مىغ | قارا بۇلۇت. |
| مىرغىزار | ئوتلاق، دالا. |
| مىئراج | شوتا، پەلەمپەي. |

## ن

| | |
|---|---|
| ناب | ساپ، پاكىز، تىنىق. |
| نابكار | 1) ھارامزادە، مۇتىھەم؛ 2) ھورۇن، يارىماس. |



| | |
|---|---|
| ناپايدار | نۇراقسىز. |
| ناپەدىد | كۆرۈنمەيدىغان، ئېنىقسىز. |
| نادىم | ئەپسۇسلانغۇچى، نادامەت چەككۈچى. |
| نار | ئوت، يالقۇن. |
| نازىر | قارىغۇچى، كۈزەتكۈچى، باققۇچى. |
| ناس | كىشىلەر، ئادەملەر. |
| ناكاملىق | بەختسىزلىك. |
| نال | 1) قومۇش، قومۇش قەلەم ئىچىدىكى تومۇر؛ 2) قىلتىرىق. |
| ناۋدان | ئېرىق، ساي. |
| ناياب | تېپىلمايدىغان، كەم ئۇچرايدىغان. |
| ناخىرەد | ئەقىلسىز. |
| نەبى | پەيغەمبەر. |
| نەبەرد | جەڭ، ئۇرۇش. |
| نەخل | 1) كۆچەت؛ 2) دەل-دەرەخلەر. |
| نەخچىر | ئوۋ ھايۋانلىرى |
| نەزد | يېقىن. |
| نەزدى رەب | خۇدا ئالدىدا. |
| نەسىم | يېقىملىق شامال، تاڭ شاملى. |
| نەگۇنسار | بېشى تۆۋەن. |
| نەمۇدار | كۆرۈنەرلىك كۆرۈنۈپ تۇرغان. |
| نەھىب | ئۇرۇقلاش |
| نەۋايىب | مۇسىبەتلەر، قايغۇلار. |
| نەۋخاستە (~خۋاستە) | 1) يېڭى ئېچىلغان؛ 2) ياش يىگىت. |

نەۋ ئەرۇس — ياش چوكان.
نەۋىد — خۇشخەۋەر.
نەۋرەس — يېڭىدىن يېتىلگەن ياش.
نەۋھە — ئۈنلۈك يىغلاش، يىغا-زارە.
نۇردىدەم — كۆز نۇرۇم.
نۇرفىشان — نۇر چاچقۇچى.
نۇزۇل — يۇقۇرىدىن تۆۋەنگە چۈشۈش، پېتىش (كۈنپېتىش).
نۇكات — مەنىسى "نۇكتە" بىلەن ئوخشاش.
نۇكتە — سىلىق ۋە مەنىلىك سۆز، ھېكمەتلىك سۆز.
نۇكتە سەنج — يازغۇچى، سۆزلىگۈچى
"نۇن" — "ن" نىڭ ئوقۇلۇشى.
نىدا — چاقىرىش، ۋاقىراش.
نىزار — 1) بوش، نازۇك؛ 2) ھارغان، چارچىغان، ماغدۇرسىز، زەئىپ، ئاجىز.
نىساب — 1) تولۇقلۇق؛ چەك؛ پاسىل؛ 2) باش، ئۇل، ئاساس، نەسىل؛ 3) ئەھۋال، سۈلەت، ئابروي.
نىسا — ئايال، ئاياللار.
نىسار — چاچقا؛ نىسار قىلماق — چاچقا چاچماق، باشتىن ئۆرىمەك.
نىست-ھەست — بار-يوق.
نىشات — خوشاللىق، شاتلىق.



نىش — تىغ، نەشتەر.
نىشمەن — 1) ئۇۋا؛ 2) تۇرارجاي؛ 3) مەجلىس، ئولتۇرۇش.
نىشىن — ئولتۇرغۇچى.
نىگارىش — زىننەتلەش، بېزەش.
نىگاھ — قاراش، بېقىش.
نىگۇن — ئېگىلگەن، پۈكۈلگەن.
نىگىن — ئۈزۈك، مۆھۈر.
نىھان — يوشۇرۇن، مەخپىي.
نىھاد — تەبىئەت، ۋۇجۇت.
نىھال — 1) كۆچەت، ياش نوتا؛ 2) ياش بالا (قىز).
نىياز — سوغا، تۆھپە، ھەدىيە.
نىيام — غىلاپ، قىن.
يىنىش — نەيزە.

## ھ

ھادى — يولباشچى، توغرا يول بىلەن ماڭدۇرغۇچى.
ھالا — ھازىر، ئەمدى.
ھامۇن — دالا، چۆللۈك، قىر-سەھرا.
ھاتىف — ئاۋاز بەرگۈچى، غايىپتىن ئاۋاز بەرگۈچى.

| | |
|---|---|
| هايىل | توسقۇن. |
| ھەبىب | سۆيۈملۈك دوست. |
| ھەدداد | تۆمۈرچى. |
| ھەدايىق | باغلار (بىرلىگى "ھەدىقە"). |
| ھەدەپ | نىشان. |
| ھەدىس | 1) سۆز؛ 2) پەيغەمبەر سۆزى؛ 3) يېڭى. |
| ھەددىن فۇزۇن | ھەددىدىن ئارتۇق، ناھايىتى كۆپ. |
| ھەرزەگوي | غەيۋەتچى. |
| ھەزار | مىڭ. |
| ھەزاران ـ ھەزار | مىڭ ـ مىڭلىغان، ھەددىدىن تولا. |
| ھەزەر | ئېھتىياتلىق، ساقلىنىش. |
| ھەزىن | غەمكىن، قايغۇلۇق، مۇڭلۇق. |
| ھەسب ھال | 1) ئۆز ئەھۋالىنى بىلدۈرۈش؛ 2) تۇرمۇش، كۈن كەچۈرۈش ئەھۋالى. |
| ھەسەب | شۆھرەت، ئابروي، شەرەپ. |
| ھەشەر | گۇرۇھ |
| ھەشەم | 1) يېقىن كىشى؛ 2) ئەل، قەبىلە؛ 3) دەرىجە، مەرتىۋە. |
| ھەشرىگاھ | قىيامەت. |
| ھەشت | سەككىز. |
| ھەفت | يەتتە. |
| ھەفت ئەندام | يەتتە ئەزا. |
| ھەلەب | شەھەر ئىسمى. |
| ھەلق | تاماق، بوغۇز. |



| | |
|---|---|
| ھەللال | ھەل قىلغۇچى. |
| ھەمايىل | سىرلىق كىتاپلار. |
| ھەمان | 1) يەنە شۇ، خۇددى ئۆزى؛ 2) شۇ ۋاقىتتىلا، شۇ پەيتتىلا. |
| ھەماغۇشلۇق | قۇچاقلىشىش. |
| ھەمگۇفت | سۆھبەتداش. |
| ھەمد | ماختاش، مەدھىيىلەش. |
| ھەمنىشىن | بىللە ئولتۇرغۇچى، يېقىن دوست، سىرداش، سۆھبەتداش. |
| ھەمراز | سىرداش، مۇڭداش. |
| ھەنگامە | پاراڭ. |
| ھەيف | 1) ئىنساپسىزلىق، ئادالەتسىزلىك، قىيناش، بوزەك قىلىش؛ 2) ئەپسۇس. |
| ھۇسود | ئاچكۆزلۈك، ھەسەت. |
| ھۇققە | قۇتا، ساندۇقچە. |
| ھۇماي | ئەپسانىۋى قۇشنىڭ نامى (رىۋايەتتە بۇ قۇشنىڭ كۆلەڭگىسى كىمنىڭ بېشىغا چۈشسە، شۇ كىشى بەختكە ئېرىشىدۇ ياكى پادىشا بولىدۇ). |
| ھۇۋەيدا | ئوچۇق، ئاشكارا. |
| ھىجران | ئايرىلىش، جۇدالىق. |
| ھىجاب | پەردە، نىقاپ. |
| ھىددەت | ئۆتكۈرلۈك، قىزغىنلىق. |
| ھىسار | قەلئە، قورغان. |

| | |
|---|---|
| ھىرمان | مەھرۇملۇق، ئۈمىتسىزلىك. |
| ھىفز | 1) ساقلاش؛ 2) ئەستە تۇتۇش، يادقا بىلىش. |
| ھىلال | يېڭى كۆرۈنگەن ئاي. |
| ھىممەت | غەيرەت، تىرىشىش |
| ھىس | پەيت، ۋاقىت، دەم. |
| ھىلم | يۇمشاق مۇئامىلە، كىچىك پېئىللىق، مۆمىنلىك. |

## ئو (ئۇ، ئۆ، ئۈ)

| | |
|---|---|
| ئوشۇقماق | ئالدىرىماق |
| ئوقۇبەت | ئازاپ، دەرت ـ ئەلەم. |
| ئوغرا ـ | ئۇچرىماق، دۇچكەلمەك. |
| ئوقبە | دەرىجە مەرتىۋە. |
| ئۇبباد | ئىبادەت قىلغۇچىلار (بىرلىگى "ئىبادەت"). |
| ئۇرۇج | كۆتىرىلىش، يۈكسىلىش. |
| ئۇزراي | مەگزى. |
| ئۇريان | يالىڭاچ. |
| ئۇزار | يۈز، چىراي. |
| ئۇستۇۋار | مەزمۇت، تۇراقلىق. |
| ئۇشتۇر | تۆگە. |
| ئۇششاق (~ئوشاق) | ئاشىقلار (بىرلىگى "ئاشىق"). |
| ئۇفتادە | ئاجىز، زەئىپ، ھالسىز. |
| ئۇلۇس | ئەل، خەلق |



| | |
|---|---|
| ئۇلۇم | ئىلىملەر (بىرلىگى "ئىلىم"). |
| ئۇمۇر | ئىشلار (بىرلىگى "ئەمر"). |
| ئۇمەرا | ئەمىرلەر (بىرلىگى "ئەمىر"). |
| ئۇقبا | ئاخىرەت، ئۇ دۇنيا. |
| ئۇقاب | قاراقۇش، بۈركۈت. |
| ئۆزر | كەچۈرۈم، ئەپۇ. |
| ئۆززە | ئۈستىگە. |
| ئۆكۈش | كۆپ، نۇرغۇن. |
| ئۆزلەت | كىشىلەردىن يىراقلىشىش. |

## ۋ

| | |
|---|---|
| ۋابەستە | باغلىق، باغلىنىشلىق، ئالاقىدار. |
| ۋارىد (ۋىرد) | يېتىپ كەلمەكچى بولغان، يېتىپ كەلگەن. |
| ۋاژگۇن | ئاستىن ـ ئۈستۈن قىلىنغان، بەختسىزلىك. |
| ۋالىدە | ئانا. |
| ۋالىدەين | ئاتا ـ ئانا. |
| ۋاسىل | ئۇچراشقان، قوشۇلغان. |
| ۋەدىئەت | ئامانەت قويۇلغان نەرسە. |
| ۋەرد | گۈل، قىزىلگۈل. |
| ۋەرزىش | ئادەت، مەشق. |
| ۋەسۋاس | يولدىن ئازدۇرغۇچى. |
| ۋەسىئ | كەڭرى، ئازادە. |

ۋەسل    قۇچرىشىش، كۆرۈشۈش
ۋەسلە    ۋاستە، سەۋەپ، بانا
ۋەسف    تەرىپلەش، تەسۋىرلەش.
ۋۇسۇل    قوشۇلۇش، ئۇچرىشىش.
ۋۇسئەت    كەڭچىلىك.
ۋۇقۇف    خەۋەردار بولماق.
ۋىدائ    خوشلىشىش، ئايرىلىش.
ۋىرد ئەۋراد    دۇئا.
ۋىساق    ئۆي، تۇرارجاي.
ۋىسال    قوشۇلۇش، ئۇچرىشىش.

## ئى

ئىبرام    قىستاش؛ قاتتىق تەلەپ.
ئىبتىدا (~ئىپتىدا)    باشلاش.
ئىبتىهال    سوراش، يالۋۇرۇش، تەلەپ قىلىش.
ئىبن سەلام    مەجنۇننىڭ رەقىبى.
ئىجابەت    قوبۇل قىلىش، رازىلىق.
ئىجازەت    رۇخسەت، ماقۇل.
ئىجلاس    مەجلىس، ئولتۇرۇش.
ئىتاب    قەھر-غەزەپ، نەپرەت، ئاچچىق،
ئىتتىهاد    بىرلىشىش، بىرىكىش.
ئىزاجائەلقەزا، زاقەل-قەزا    قازا كەلگەندە كەڭ جاھانمۇ تارلىق قىلىدۇ.
ئىزتىراپ    ئالدىرىماق، تاقەتسىزلىك.



ئىزتىرار    مەجبۇر بولۇش، مەجبۇر قىلىش.
ئىزدىھام    1) كىشىلەر توپى، توپلاشقان؛ 2) ئالدىراش، تىرىشىش.
ئىستىدئا    يالۋۇرۇپ سورىماق، تىلىمەك.
ئىشتىغال    شۇغۇللانماق، مەشغۇل بولماق.
ئىشتىهار    شۆھرەت تاپماق، داڭقى چىقماق.
ئىشتىباھ    گۇمان، شۈبھە.
ئىكتىساب    قولغا كەلتۈرۈش، كەسىپ قىلىش.
ئىقبال    1)ئىستىقبال؛ 2) بايلىق، ئامەت.
ئىقتىران    يېقىن كېلىش، ئۇچرىشىش.
ئىفشا    پاش قىلماق، ئاشكارىلىماق.
ئىلتىباس    كىيىمەك.
ئىلتىجا    يالۋۇرۇش، ياردەم سوراش.
ئىمداد    ياردەم، مەدەت.
ئىمتىزاج    ئارىلىشىش.
ئىنبىسات    خۇشاللىق، شاتلىق.
ئىنتىقال    1) يوقىلىش، ۋاپات بولۇش؛ 2) يۆتكىلىش، مېڭىش.
ئىنقىتا    ئۈزۈلمەك.
ئىنشا    1) ئىجات قىلىش، يارىتىش؛ 2) يېزىق خەت.
ئىهتىمام    تىرىشىش، ئەھمىيەت بېرىش.
ئىهرام    مەككىگە بارغان ھاجىلارنىڭ كىيگەن مەخسۇس كەڭ كىيىمى؛ پەردە، نىقاپ.

ئىھسان — تارتۇق، ھەدىيە، بىرەر نەرسىنى سوغا قىلىش.

ئىئلام — مەلۇم قىلىش، بىلدۈرۈش.

## ي

يالاۋۇچ — پەيغەمبەر؛ ئەلچى.

ياۋەر — ياردەمچى.

ياۋۇق — يېقىن.

يەكتا — تەڭداشسىز، يېگانە.

يەكجەھەت — بىر ئېغىزدىن، ھەممە بىردەك.

يەكسان — تەڭ، بىر خىل، باراۋەر.

ياڭلىغ (~يەڭلىغ) — ئوخشاش، كەبى.

يەۋمۇتتەناد — قىيامەت.

يەۋم — كۈن.



本书根据新疆维吾尔自治区历史博物馆收藏的《爱情长诗》手抄本整理出版。

بۇ كىتاپ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق تارىخىي مۇزېيدا ساقلىنىۋاتقان «مۇھەببەت داستانلىرى» ناملىق قوليازما نۇسخىسىغا ئاساسەن رەتلەپ نەشر قىلىندى.

مەسئۇل مۇھەررىر: غۇلام غوپۇرى

مەسئۇل كوررېكتور: رىشىت ۋاھىدى

### نىزارى داستانلىرى

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەرنىڭ قەدىمقى ئەسەرلىرىنى يىغىش، رەتلەش ۋە نەشر قىلىشنى پىلانلاش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ باشچىلىقىدا نەشرگە تەييارلاندى.

نەشرگە تەييارلىغۇچىلار: تېيىپجان ئېلىيوپ، ئابدۇقەييۇم خوجا، ئىسرائىل يۈسۈپ، مەھەممەت تۇرسۇن باۋۇدۇن.

مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى

شىنخۇا كىتابخانىسى تەرىپىدىن تارقىتىلدۇ

مىللەتلەر باسما زاۋۇدىدا بېسىلدى

1985 - يىل 9 - ئايدا 1 - قېتىم نەشر قىلىندى

1985 - يىل 9 - ئايدا بېيجىڭدا 1 - قېتىم بېسىلدى

باھاسى: 4.85 يۈەن

**阿不都热依木纳扎尔集**
（维吾尔文）
民族出版社出版　新华书店发行
三河印刷厂印刷
开本：850×1168毫米1/32 印张：19 3/4
1985年9月第1版
1985年9月北京第1次印刷
印数：0001—5,500册 定价：4.85元
书号：M 10049（4）196

